# توپيلاڭني تينچيتيش يولدا قوربان
# بولغان قهرمانلار

شىنجاڭ خەلق نەشرياتى

«شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ تەرجىمھالى»



反对民族分裂主义维护祖国统一
维护民族团结维护社会稳定保证
社会主义建设和改革开放顺利进行
是保证各族人民的根本利益是各
族人民共同任务

王恩茂

一九九〇年月

平暴英烈永垂不朽

宋汉良

一九九〇年九月十一日

مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى.

ۋاڭ ئېنماۋ

1990 - يىل 8 - ئاي

توپىلاڭنى تىنچىتىش يولىدا قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ!

سىزىڭ خەنلياڭ

1990-يىل 9-ئاينىڭ 11-كۈنى

توپلاڭنى تىنچىتىش يولىدا قۇربان

بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ

نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ!

تۆمۈر داۋامەت

1990-يىل 9-ئاينىڭ 10-كۈنى

平暴英烈永垂不朽!

铁木尔·达瓦买提

1990年 9月10日

شېھىتلارنىڭ تىنچلىق يولىدا قۇربان
بولغان ئىنقىلابىي قەھرىمانلارنىڭ
نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ!

ھامۇت ئىلى
1990-يىل 9-ئاي

平暴英烈永垂不朽!

阿木多·尼亚孜



بارىن يېزىسىدىن 1.5 كىلومېتر يىراقلىقتىكى بۇ قىزىل كۆۋرۈكتە ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلار قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرىدىن شۈي شىنجيەن، ۋاڭ جىڭبىڭ، لۇ جيەنبىڭ، گۇسىۋېن، ۋۇ يۇڭ، تيەن جۈڭفېڭ قاتارلىقلارنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى. سۈرەتتە توپىلاڭ نەق مەيداندىن بىر كۆرۈنۈش.



قوراللىق ساقچى قىسىملىرىمىزدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ تارىلاش ۋاقتىدا تاغ ـ داللاردا تۇنگەن ئەھۋالدىن بىر كۆرۈنۈش.



قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى قولغا چۈشۈرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلار.



بارىن يېزىسىدىكى قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىش يولىدا قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قەھرىمانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنى 4-ئاينىڭ 20-كۈنى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش شەھرىدە ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتىكىسى تەزىيە يىغىنى مەيدانى.



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جىن يۈنخۈي قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالاشتى.



...نىڭ خەنلياڭ، ھامىدىن نىياز قاتارلىق رەھبىري يولداشلار ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، تۇلارنىڭ تۇغقانلىرىدىن ھال سورىدى.



ئاپتونوم رايون رەئىسى تۆمۈر داۋامەت دوختۇرخانىغا بېرىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىش يولىدا قەھرىمانلارچە يارىلانغان قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرىنى يوقلىدى.



بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى شۇشەن دەرھال بارىن يېزىسىغا بېرىپ، خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ. ئىشلەپچىقىرىشنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى.

# مۇندەرجە


كىرىش سۆز ………………… سۈڭ خەنلياڭ (1)

ھەيۋەتلىك كۈنلەرنىڭ گۇۋاھى

— ئىنقىلابىي قۇربان شۈي شىنجيەننىڭ تەرجىمھالى . مېڭ شيەندىيەن (1)

يارقىن ھايات غۇنچىسى

— ئىنقىلابىي قۇربان ۋاڭ جىڭپىڭنىڭ تەرجىمھالى .... لى شىشۇن (39)

ھەربىينىڭ خىسلىتى

— ئىنقىلابىي قۇربان لۇجيەنخۇينىڭ تەرجىمھالى .. مېڭ شيەندىيەن (55)

ياشلىق باھارىنى چېگرا مۇداپىئەسىگە بېغىشلاش

— ئىنقىلابىي قۇربان گوشۇۋېننىڭ تەرجىمھالى ....... لى شىشۇن (75)

ساپ قان، پاك ۋىجدان

— ئىنقىلابىي قۇربان ۋۇيۇڭنىڭ تەرجىمھالى ........ لى شىشۇن (87)

ئاۋازسىز ۋەسىيەت

— ئىنقىلابىي قۇربان تيەن چۇڭفېڭنىڭ تەرجىمھالى

.................. مېڭ شيەندىيەن (99)

ئىسسىق قان بىلەن يېزىلغان تارىخ

— ئىنقىلابىي قۇربان ئادىل ئىمىننىڭ تەرجىمھالى ..... شي مىڭ (119)

يالقۇنلۇق جاۋاب

— ئىنقىلابىي قۇربان جاڭ جېيىننىڭ تەرجىمھالى ..... شي مىڭ (167)

ئاخىرقى سۆز ………………… (190)

# كىرىش سۆز

## سۇڭ خەنلياڭ

1990 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئاقتو ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، يېقىندىن ماسلىشىپ، دىنىي تونىغا ئورىنىۋېلىپ، ئۇزاق مۇددەت پىلانلاپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقمايدىغان بىر قىسىم ئاممىنى قۇترىتىپ، ۋەتىنىمىزنى پارچىلاش، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قوزغىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەرمىللەت ئارمىيە ۋە خەلق بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى قەتئىي دەرھال تىنچىتىپ، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىشتەك ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى، خەلق ھاكىمىيىتىنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىدى.

بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىدە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ قىزىلسۇ چېگرا مۇداپىئە جۇڭدۈيى ئاقتو ناھىيىلىك چېگرا مۇداپىئە دادۈيىنىڭ مۇئاۋىن جياۋداۋيۈەنى شۈي شىنجيەن، كەسپىي جىڭشىجاڭى ۋاڭ جىڭپىڭ، كەسپىي جىڭشىسى لۇ جيەنخۇي، گو شۆۋېن، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قەشقەر جۇڭدۈيى 6 - جۇڭدۈيىنىڭ بەنجاڭى ۋۇيۇڭ، مۇئاۋىن بەنجاڭى تيەن چۇڭفىڭ، ئاقتو ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ

تەرجىمانى ئادىل ئىمىن، مەلۇم قىسىمنىڭ مۇئاۋىن بەنجاڭى جاڭ جىبىن قاتارلىق سەككىز يولداش پارتىيە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى قەتئىي، باتۇرلۇق بىلەن ئىجرا قىلىپ، سوتسىيالىزمنى، خەلق ھاكىمىيىتىنى، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى ۋە چېگرا رايوننىڭ تىنچلىقى، ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يولدا ياش ھاياتىنى تەقدىم قىلدى.
ئەينى ۋاقىتتىكى ئىنتايىن خەتەرلىك، مۇرەككەپ مۇھىتتا شۇي شىنجيەن، ۋاڭ جىنكېپىڭ، لۇ جيەنخۇي، گو شۇۋبىن، ۋۇ يۇڭ ۋە تيەن چۈڭفىڭ قاتارلىق يولداشلار ئاممىغا زەخمە يېتىپ قېلىشتىن، ۋەقەنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، مىللىي بۆلگۈنچىلەر تەرىپىدىن قايمۇقتۇرۇلغان ئاممىنى ئويغىتىش مەقسىتىدە، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنىڭ ۋەھشىيلەرچە ھۇجۇمى ئالدىدا غەزىپىنى زورىغا بېسىپ، ھاقارەتلەرگە پىسەنت قىلماي ئېغىر-بېسىق بولۇپ، تاكى قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانغا قەدەر بىر پايمۇ ئوق چىقارمىدى. يولداش ئادىل ئىمىن بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن، توپىلاڭنى تىنچىتىش كورىشىگە قاتنىشىشنى مەردانىلىق بىلەن تەلەپ قىلدى. قاچقان توپىلاڭچىلارغا قوغلاپ زەربە بېرىش كورىشىدە 200 مېتىردىن ئېگىز تاغ چوققىسىغا ھايات-ماماتىغا قارىماي يامىشىپ چىقىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، ئاخىردا شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. يولداش جاڭ جىبىن توپىلاڭنى تىنچىتىش كورىشىدە سەپنىڭ ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، ھېچنېمىدىن قورقماي، توپىلاڭچىلار بىلەن قەتئىي كورەش قىلىپ، بەختكە قارشى قۇربان بولدى.
بۇ سەككىز نەپەر ئىنقىلابىي قۇربان ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىش جەريانىدا ۋە ھايات-ماماتلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئاچقۇچلۇق پەيتتە خەۋپ-خەتەردىن قورقماي، دۈشمەنگە قىلچە تىز پۈكمەي، مەردانىلەرچە قۇربان بولۇپ، پارتىيىگە، ۋەتەنگە، خەلققە بولغان چەكسىز ساداقىتىنى، ئىنقىلابىي جەڭچىلەرنىڭ قان تۆكۈپ قۇربان

بېرىشتىن قورقمايدىغان جەسۇرانە ئىنقىلابىي روھىنى نامايان قىلدى. ئۇلار خەلقنىڭ ياخشى جەڭچىسى، ياخشى كادىرى، ياخشى پارتىيە ئەزاسى، ياخشى ئىتتىپاق ئەزاسى، ۋەتىنىنىڭ چېگرا رايونىنىڭ سادىق مۇھاپىزەتچىسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانى بولۇشقا مۇناسىپ، پارتىيە، ۋەتەن ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئۇلارنى ئۇنۇتمايدۇ. ئۇلارنىڭ نامى ھەيۋەتلىك كۆئېنلۈن تېغىدەك مەڭگۈ قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى توپلاش-رەتلەش كومىتېتى تۈزگەن «توپىلاڭنى تىنچىتىش يولىدا قۇربان بولغان قەھرىمانلار» دېگەن كىتاب بىزنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ پارتىيە، خەلققە سادىق بولۇشتەك ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن، ئۇلارنىڭ جەسۇر، پىداكارانە ئىنقىلابىي روھىدىن ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن ياخشى دەرسلىك، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشىمىز، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىمىزدىكى ياخشى دەرسلىك، بۇ كىتابتا سەككىز نەپەر ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئالىيجاناب، ئېسىل پەزىلىتى، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش روھى جانلىق بىلەن بايان قىلىنغان، بۇ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھىدىن ئۆگىنىشىمىزنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى.

شۇنى تولۇق تونۇشىمىز كېرەككى، مىللىي بۆلگۈنچىلىك شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ. بۇنى تارىخىي ۋە رېئال پاكىتلار، مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى پاكىتلار ۋە بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ تولۇق ئىسپاتلىدى. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش شىنجاڭنىڭ ئومۇملىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھەممىدىن مۇھىم ستراتېگىيىلىك يېتەكچى پرىنسىپ، بىز مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ خەۋپىنى ھەرگىز تۆۋەن چاغلىماسلىقىمىز كېرەك.

مىللىي بۆلگۈنچىلىك — مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا

قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بۇزۇشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىيەتچىل سىياسىي تەشەببۇس ۋە ئەكسىيەتچىل ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى، ئۇنىڭ ماھىيىتى جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىپ مىللىي ئۆچمەنلىك، مىللىي قارمۇ قارشىلىق پەيدا قىلىش، ئاخىرىدا ۋەتەننى پارچىلاپ، ئاتالمىش مۇستەقىل بولۇشتەك جىنايى مەقسەتكە يېتىش. بىز مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا سالىدىغان خەۋپىنى تولۇق تونۇشىمىز، ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنى پاش قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋاتقان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىلەرنى يېتىم قالدۇرۇشىمىز ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنى تولۇق كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەر مىللەت ئاممىسى ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز سانلىق كىشىلەر، ئۇلارنىڭ ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەتلىرى ھەرگىز خەلقنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ئاخىرىدا شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ. بۇ كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان شۇ شىنجىيەن قاتارلىق سەككىز نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئەسىرلىك ئىش-ئىزلىرىدىن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەد-رەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچىنى، خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ قۇدرىتىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ھەر قانداق دۈشمەن يېڭەلمەيدىغان پولات ئىستىھكام ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

شۇڭلاشقا يولداشلارغا بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىش يولىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ!



ئىنقىلابچى قۇربان شۆي شىنجيەن

# ھەيۋەتلىك كۇئېنلۇن گۇۋاھ

## — ئىنقىلابىي قۇربان شۆي شىنجيەننىڭ تەرجىمىھالى

مېڭ شيەندىيەن

شۆي شىنجيەننىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىش داۋامىدا باتۇرانە قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدىكى قايغۇلۇق خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە ئاقتو ناھىيىسىگە تارقىلىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈرىكىنى تىترەتتى. «شۆي شىنجيەن، شۆي شىنجيەن!» كىشىلەر قەھرىمانىنىڭ ئىسمىنى قايتا-قايتا چاقىرىپ، ئۇنىڭ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىنغا يېڭىباشتىن قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى.

1990-يىل 4-ئاينىڭ 12-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن. قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ئاقتو ناھىيىلىك چېگرا مۇداپىئە دادۈيى. ئۈچىسىغا يېپىنچى ساقچى كىيىمى كىيدۈرۈلگەن، شاڭگۈيلىق ساقچى ئۇنۋان بەلگىسى تاقالغان ئىنقىلابىي قۇربان شۆي شىنجيەننىڭ جەستى سەپداشلىرىنىڭ جەستى بىلەن بىللە پۈرەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر ئىچىگە ياتقۇزۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا گۈلچەمبىرەكلەر قويۇلغان، ماتەم لوزۇنكىلىرى ئېسىلغانىدى. ھەيۋەتلىك قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى ئۇنىڭ يېنىدا قورالنى چىڭ تۇتۇپ سۈكۈتتە تۇراتتى. شۆي شىنجيەن قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جەستى بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى. تاڭ سەھەردىلا كىشىلەر ئۆيلىرىدىن، ئىدارىلەردىن، مەكتەپلەردىن، سودا دۇكانلىرىدىن، قورۇلۇش ئورۇنلىرىدىن ۋە يېزىلاردىن ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جەستى ياتقۇزۇلغان جايغا قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامۇدىن نىياز، ئاپتونوم رايوننىڭ

مۇئاۋىن رەئىسى جىن يۈنخۇي قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىمۇ پىكاپ بىلەن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. پۈتۈن ناھىيە بازىرى قايغۇ ۋە غەزەپكە چۆمۈلدى. بىر ئۇيغۇر موماي مەيدىسىگە مۇشلاپ، يەرگە تېپىپ تۇرۇپ ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ قوللىرى تىترىگەن ھالدا جىدۇي باشلىقى لۇ جېچىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ: «ئاقتو خەلقى پارتىيە يېتىشتۈرگەن قەھرىمانغا رەھمەت ئېيتىدۇ، ئۇنى توپىلاڭچىلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ» دېدى. بارىن يېزىسىدىن كەلگەن بىر ئۇيغۇر بوۋاي ياش تۆكۈپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ: «شۆي شىنجيەن پارتىيىنىڭ ياخشى جەڭچىسى، ئاقتودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشى بالىسى، ياخشى ئوغلى» دېدى.

بۇ قايغۇلۇق كۆرۈنۈشلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربان شۆي شىنجيەننى سۆيىدىغانلىقىنى، ئىنقىلابىي قۇربان شۆي شىنجيەننىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى.

## جاپا قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلىش

شۆي شىنجيەن، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ خۇڭيا ناھىيىسىدىن. ئۇنىڭ دادىسى شۆي دېيىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقان. 1949-يىلى 1-دالا ئارمىيە 1-بىڭتۇەننىڭ 2-جۇنى بىلەن بىللە شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان، كېيىنچە ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن ئاقتو ناھىيىسىدە ئىشلىگەن. 1955-يىلى 5-ئايدا شۆي شىنجيەن ئەنە شۇ يەردە تۇغۇلغان. بىر ياش چېغىدا ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە ئاقتو ناھىيىسىگە كەلگەن. شۇندىن ئېتىبارەن باشتىن-ئاخىر ئاقتو ناھىيىسىدە ياشىغان، ئوقۇغان، ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋە ئىشلىگەن. ئۇ بۇ يەرنىڭ تاغ دەريالىرىنى قىزغىن سۆيەتتى، بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيەتتى.

1963-يىل 9-ئايدا شۆي شىنجيەن ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپكە كىردى. ئالتە يىلدىن كېيىن، ئاقتو ناھىيىلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى. ئۇ 1973-يىلى 10-ئايدا، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا، شەرەپ بىلەن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىردى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ناھىيىلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپ ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ تەشكىلىي ھەيئەتلىكىگە سايلاندى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا زېرەك، تىرىشچان بولغانلىقى، قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۆگىنىشتە ئەلا نەتىجە قازىنىپلا قالماي، مەكتەپنىڭ مەدەنىيەت، تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىدىمۇ كۆزگە كۆرۈندى. ئۇ 4-5 خىل ساز چالالايتتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئاقتو ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا تېكىتاكتوپ، قىسقا يۈگۈرۈش قاتارلىق تەنھەرىكەت تۈرلىرىدە ئالدىنقى قاتاردىكىلەر ئىچىدىن ئورۇن ئالدى. 1973-يىل، ئۇ ئوبلاستلىق تەنھەرىكەت ۋەكىللەر كوماندىسىغا تاللىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ياش-ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، ئەرلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تېكىتاكتوپ يەككە ئوينىشى بويىچە چېمپىيون بولۇپ، ئاقتو ناھىيىسى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى خەلقىگە شان-شەرەپ كەلتۈردى.

شۆي شىنجيەن ئىنقىلابىي كادىر ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇنىڭ دادىسى ئىزچىل تۈردە ئاساسىي قاتلامدا خىزمەت ئىشلىگەن، ئۇنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى تۆۋەن بولۇپ، ئېيىغا ئاران 100 يۈەنچە ئىش ھەققى ئالاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئالتە جانلىق ئائىلىنى بېقىش ئۈچۈن، ئاتا-ئانا بولغۇچىنىڭ خېلى تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە ئەجىر سىڭدۈرۈشىگە توغرا كېلەتتى. شۆي شىنجيەن كىچىكىدىن تارتىپلا مۇشۇ ئىنقىلابىي ئائىلىدە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ، ئاددىي-ساددا ياشايدىغان گۈزەل ئەخلاقنى ۋە مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، جاپالىق تۇرمۇش مۇھىتىدا چېنىقىپ ئۆستى. 1965-يىلى، شۆي شىنجيەن ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەندە دادىسى «غالىبنىيەت» فېرمىسىدا ئىشلەيدىغان بولۇپ

قالدى. ئۇ يەردە خەنزۇ مەكتىپى يوق ئىدى، ئۇ يەرنىڭ شارائىتىمۇ ناچار ئىدى. شۆي شىنجيەن ئىنىسىنى بىللە ئېلىپ 60 — 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئوقۇدى. ئۇ مەكتەپتە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۆگىنىشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرغاندىن باشقا، ئىنىسىنىڭ ھالىدىنمۇ خەۋەر ئالدى. ئىنىسى ئورنىغا تەرەت قىلىپ قويسا، ئۇنىڭ ئورۇن-كۆرپە، كىيىم-كېچەكلىرىنى يۇيۇپ، يېيىپ قۇرۇتۇپ بەردى، يىرتىلغان كىيىملىرىنى ياماپ بەردى. ئۇ چاغدا دۆلەت خەلق ئىگىلىكى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىنكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتاتتى. شۆي شىنجيەننىڭ ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىق تېخى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. شۇڭا، شۆي شىنجيەن مەكتەپكە قۇرۇق نان ئالغاچ بېرىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. شۆي شىنجيەن سەبىي بالا بولۇشىغا قارىماي ئۆزىنىڭ ئاق ئۇندىن ئەتكەن ئازغىنە تامىقىنىمۇ ھەمىشە ئىنىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى، ئۆزى قوناق مومىسىنى غاجلايتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئىنىسىمۇ بۇنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىپ، بۇنداق ئالاھىدە غەمخورلۇقنى رەت قىلدى. شۆي شىنجيەن مەكتەپتە ئەڭ ئەقىللىق ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى. ئۇ ھەرقېتىم فېرمىغا نان ئالغىلى بارغاندا، يازلىق، قىشلىق تەتىلدە، ھەمىشە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى. ئۇنىڭ بويى ئەمبەلگە يەتمىسىمۇ، پۇتىغا ئورۇندۇق قويۇپ، خېمىر يۇغۇرۇپ، يېيىپ، ئىنى-سىڭىللىرىغا تاماق ئېتىپ بېرەتتى. ئائىلىسىدە كۆكتات سېتىۋالىدىغان پۇل بولمىسا، ئىنى-سىڭىللىرىنى باشلاپ چىقىپ، دالىدىن ياۋا سامساق كولاپ كېلەتتى. بىدە تېرىپ ئەكېلەتتى. ئۆيدە ئۇزاقىچە گۆش بولمىغان چاغلاردا، دەريادىن بېلىق تۇتۇپ كېلەتتى. ئاشۇ سەكرىشىپ تۇرغان ئۇششاق بېلىقلار ئۇلارنىڭ ئۇسمۇر چاغدىكى چۈشىدەك، ئۇلاردا نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇلارنى ۋە شادلىق تۇيغۇسىنى قوزغايتتى.

ئۇنىڭ ئىنى-سىڭىللىرىدا ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرغىنى

شۆكى، شىنجيەن ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزىگە ياش - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغاندا، يولغا چىقىش ئالدىدا ئانىسى ئۇنىڭغا 8 يۈەن بېرىپ: «بالام، بۇنى ئېلىۋال، چوڭ شەھەرگە بارغاندا، ئۆزۈڭ كۆرمىگەن يېڭى يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ يەرسەن» دېدى. يېرىم ئايدىن كۆپرەك داۋام قىلغان تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شۆي شىنجيەن مۇكاپات بۇيۇمىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئائىلىسىدىكىلەرگە چوڭ شەھەردە كۆرگەن يېڭىلىقلىرىنى سۆزلەپمۇ تۈگىتەلمىدى. ھەمدە سىڭلىسىغا بىر دانە تۆمۈر قەلەم قاپچۇقىنى تۇتقۇزۇپ، ئاشقان 5 يۈەن 2 مو پۇلنى ئىككى قوللاپ ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئانىسى ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، شىنجيەننى باغرىغا باستى:

— بالام، ئەقىللىق بالام!

ئانىنىڭ كۆز يېشى شىنجيەننىڭ يۈزىگە تاراملاپ ئاقتى، كىچىك سىڭلىسىمۇ ئاكىسىنى قۇچاقلاپ يىغلايتتى. شىنجيەننىڭ كىچىك سىڭلىسى بۇ ئىشنى تىلغا ئالسا، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ: «8 يۈەن پۇل ھازىرقى ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن قانچىلىك نەرسىتى؟ مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى چوڭ شەھەرگە ئەمەس، بىر قېتىم ئاقتۇ بازىرىغا كىرگەندىمۇ نەچچە ئون يۈەننى خەجلىۋېتىدۇ» دەيدۇ.

لېكىن، ھايات يولى تەكشى — داغدام يول ئەمەس. شۆي شىنجيەن ئوقۇغۇچى دەۋرىدىلا پېشكەللىك تارتقان. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلى 10 - ئايدا، ئاقتۇ ناھىيىسىدە ئەسكەر قوبۇل قىلىش تەشۋىقاتى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلدى. ۋەتەننىڭ تەربىيىسىنى ئاقلاشنى ھەمىشە كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن شۆي شىنجيەن ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ، ئەسكەرلىككە قاتنىشىپ، خەلق ئارمىيىسى ئىچىدە چېنىقىپ، سىناقتىن ئۆتۈپ، ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىدا ئېلىشىپ بېقىشقا بەل باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇشال ھالدا تىزىمغا ئالدۇردى: سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش، سىياسىي جەھەتتىن

تەكشۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسىدە لاياقەتلىك بولدى. ئۈچ قېتىملىق باڭنىڭ ھەممىسىدە شۈي شىنجيەنىنىڭ ئىسمى چىقتى. ئۇ ئۈچىسىغا ھەربىي كىيىم كىيىپ، ھەربىي گازارمىغا قاراپ مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقان، خۇشال ھالدا ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلىرى ۋە ساۋاقداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىدىكى تۇنجى سەپىرىنى باشلىماقچى بولۇۋاتقان، يېڭى ئەسكەرلەر يىغىلىش ھارپىسىدا تۇرۇۋاتقان پەيتتە تۇيۇقسىزلا دادىسىنىڭ تارىخىي مەسىلىسى ئېنىقلانمىغانلىقى ئۈچۈن «قايتا تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولمىدى» دېگەن ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدى. قىسقىغىنە بىرنەچچە سۆز ئۇنى ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكىلى تاسلا قالدى. بۇ ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىن قانداقلا قىلغان بىلەن ئۆتمىدى. ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە جان تىككەن، قۇرۇلۇش مەزگىلىدە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاساسىي قاتلام خىزمىتىگە بېغىشلىغان بۇ كونا كومپارتىيە ئەزاسى ئەمدىلىكتە ئوغلىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچلۇق پەيتتە ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان توسالغۇغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ دادىسىنىڭ بىرەر سىياسىي مەسىلىسى بارلىقىغا زادىلا ئىشەنمەيتتى، بىراق ئايرىم كىشىلەرنىڭ بۇنى باھانە قىلىپ، تۇپراقتىن بىخ ئۇرۇپ چىقىش ئالدىدا تۇرغان مايسىنى نېمە ئۈچۈن نابۇت قىلماقچى بولغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ ئازابلاندى، خامۇش ھالدا بىرتامچە سۇمۇ ئىچمەي توپ-توغرا ئىككى كۈن ياتتى. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى شيا شيۇيۈي شىنجيەنىنىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ، تەكرار خىزمەت ئىشلەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. شيا شيۇيۈي ئاخىرىدا: «ئەركىشى ئالدىراپ ياش تۆكمەسلىكى كېرەك، جاھان چوڭ، سېنىڭ چېپىشىڭغا زېمىن كەڭ، ئەسكەر بولۇشلا ۋەتەنگە خىزمەت قىلغانلىق بولۇشى ناتايىن، ياخشى مايسا بولسىلا، نەگىلا تىكسە ئۆسۈپ، ئاسمانغا تاقىشىدىغان دەرەخكە ئايلىنالايدۇ» دېدى.

ئوقۇتقۇچى-ساۋاقداشلىرىنىڭ ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ تەسەللى

بىرىشى ۋە خىزمەت ئىشلەشى ئارقىسىدا، شىنجيەن يەنە روھلىنىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، ئۇ چىن شياۋيۈەن مۇئەللىمدىن ساز ئۆگەندى. ئۇ قەيسەرلىك، قىزغىنلىق، ئىرادىلىك ھالدا تۇرمۇشقا ئىنتىلىپ، ئۆزىنىڭ پارلاق ھايات مۇساپىسىنى باشلىدى.

## ئەڭ ئېھتىياجلىق جايغا بېرىپ ئىشلەش

شۈي شىنجيەن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاقتو ناھىيىلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەيدانىدا كەمبەغەل، ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىشقا تەقسىم قىلىندى. شۈي شىنجيەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ كاساپىتىدىن ئانچە كۆپ ھەقىقىي بىلىم ئالالمىغانلىقىنى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلمەن دەيدىكەن، تىرىشىپ ئۆگىنىشى لازىملىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ قايتا تەربىيە ئالغان يىللاردا قېتىرقىنىپ ئىشلەپ، كۆچەت تىكىش، پۇتاش، ئوتاش، سۇغىرىش ۋە زىيانلىق ھاشارەتلەرنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ياخشى ئورۇنداپلا قالماي، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، بىرلىپ كىتاب ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ بىلىمىنى تولۇقلىدى. بوش ۋاقىتلىرىدا يەنە ساز چالدى، تىكتاكتوپ ئوينىدى. كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەيدانىدىكى كادىرلار ۋە ئامما شۈي شىنجيەننى ياخشى مايسا دەپ ماختاشتى. ئىتتىپاق ياچېيكىسى ئۆزگەرتىپ سايلىغاندا، ئۇنى تەشكىلىي ھەيئەتلىككە سايلىدى.

شۇ چاغلاردا قايتا تەربىيە ئېلىشقا چۈشكەن زىيالىي ياشلار ھەرىلى شەھەرگە يۆتكەپ تۇرۇلاتتى. بىراق ئىجتىمائىي كەيپىيات ياخشى بولمىغاچقا، خىبلى ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى شەھەرگە قايتۇرۇپ كېتىشكە يول ۋە يۆلەنچۈك تېپىش كويىدا بولاتتى. شۈي شىنجيەن ئاتا - ئانىسىغا: «دۆلەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشىدا ھازىرچە

[illegible]
[illegible]
مه ندىن غەم قىلمىغىلار. مەن ھازىر تۆۋەندە بىر ئويدان تۇرۇۋاتىمەنغۇ!»
دېدى. ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن يول ماڭمەن دەپ زېھنى ۋە پۇلنى
چېچىشىغا يول قويمىدى. ئۇنىڭ قايتا تەربىيە ئېلىش داۋامىدىكى
ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، 1977-يىل 6-ئايدا، ناھىيە كادىر قوبۇل
قىلغاندا، بىر يوللا تاللىنىپ، مۇجى گۈڭشېسىغا كاتىپلىققا تەقسىم
قىلىندى.

مۇجى گۈڭشېسى پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان، ناھىيە
بازىرىدىن 330 كىلومېتىر يىراق جايدىكى گۈڭشې ئىدى، ئۇ جاي
سوغۇق تاغلىق رايون بولۇپ، جۇغراپىيىلىك شارائىتى ناھايىتى ناچار،
جاپالىق ئىدى. شۆي شىنجيەنىڭ بىر مۇنچە تاغىنىلىرى ئۇنىڭغا ئۇ جايغا
بارماسلىق، ياخشىراق پۇرسەت كەلسە ناھىيە بازىرىغا يۆتكىلىپ
كېتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق
دېدى: «مەن ئەڭ ئېھتىياجلىق جايغا بېرىپ ئىشلىشىم
كېرەك. جاپالىقراق بولسا، ياشلارنىڭ چېنىقىشىغا پايدىلىق، مېنىڭ
بارغىنىم ياخشى!».

ئۇ ئەل-ئاغىنە، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق
سالماي، يۈك-تاقىنى ئېلىپ، ماشىنا تىپىپ مۇجى گۈڭشېسىغا
يول ئۈپ كەتتى. ئۇ چاغدا، گۈڭشېنىڭ شۇجىسى بىلەن ئۆزىلا خەنزۇ
كادىر بولغاچقا، تىل ئۇقماي، خىزمەتتە ئىنتايىن قىينالدى، لېكىن
قىيىنچىلىق ئۇنى قورقۇتالمىدى. ئۇ تىل ئۆگىنىلىشتىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئاز
سانلىق مىللەت دېھقان، چارۋىچىلاردىن ئۇرغۇن دوست تۇتتى،
ئۇيغۇر تىلى ۋە قىرغىز تىلىنى تىرىشىپ ئۆگەندى. باشقىلار
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تەرجىمان ئېلىپ چۈشسە، ئۇ،
تەرجىمان ئالماي چۈشتى، ئۇ دائىم مۇنداق دەيتتى: «بىر ئادەم ئامما
ئارىسىغا بېرىپ ئىككى يىل تۇرسا، تىلنى ئۆگىنىۋالالمايدىغانلىقىغا

[illegible] تىل ئۆگەنگەن بولسا، ھېسسىياتىنى [illegible].

ئۇ مۇجى گۆكشېبىسىدا تۇرغان ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر تىلى ۋە قىرغىز تىلىنى پىششىق ئۆگىنىۋالغاندىن باشقا، يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بىر مۇنچە سىرداش دوست تۇتتى. ئۇ ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلار، ئاتا-ئانىلار ئىشەنگەن كادىر بولۇپ قالدى، ھەممە ئادەم كۆڭلىدىكى سۆزىنى ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان، ئائىلە ئىچىدىكى، قولۇم-قوشنىلار ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ئۇنىڭغا مۇرەسسە قىلدۇرىدىغان، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلاردا ئۇنى ياردەمگە چاقىرىدىغان بولدى. ئۇ خىزمەتنى كۆرۈنەرلىك ئىشلىگەچكە، 1979-يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز كۈن ئىدى. پارتىيە بايرىقى ئالدىدا تەنتەنە بىلەن قول كۆتۈرۈپ قەسەم بەرگەندە، ئىككى كۆزىدىن تاراملاپ ئىسسىق ياش قۇيۇلدى. شۇ چاغدا ئۇ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويماي، ياشلىق باھارى ۋە ھاياتىنى پارتىيە ئىشلىرىغا، ئاقتو ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بېغىشلاشقا بەل باغلىدى.

1979-يىلى ئاقتو ناھىيىلىك پارتكوم چېگرا مۇداپىئە خىزمىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم كادىر ئاجرىتىپ ج خ چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى قوشۇنىنى تولۇقلاشنى قارار قىلدى. شۈي شىنجيەن سىياسىي سۈپىتى ياخشى، ئىنقىلابىي كەسىپچانلىقى كۈچلۈك بولغانلىقى، جاپاغا چىداپ، تىرىشىپ ئىشلەش روھى ياخشى بولغانلىقى، ئۇيغۇرچە، قىرغىزچە تىل بىلىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ خىزمەتكە ئەڭ باب ئىدى. شۇ يىلى 11-ئايدا، شۈي شىنجيەن ئاقتو ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى چېگرا مۇداپىئە بۆلۈمىگە يۆتكەلدى.

# چىگرا مۇداپىئە قوراللىق ساقچىلىرىنىڭ ياخشى ئارقا سەپ

تەمىناتچىسى

1980-يىلى 7-ئايدا ئاقتو ناھىيىسىدە قوراللىق ساقچى قىسىملىرى چېگرا مۇداپىئە دادۇيى قۇرۇلدى. شۆي شىنجيەن رەسمىي ھەربىيلىككە ئۆزگەرتىلىپ، چېگرا مۇداپىئە دادۇيىنىڭ ياردەمچى ئارقا سەپ تەمىناتچىلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ ئاساسلىقى گازارما قۇرۇلۇشى ۋە ئارقا سەپ —تەمىنات خىزمىتىگە مەسئۇل ئىدى. شۆي شىنجيەنىڭ ئارزۇسى ئاقۋەت ئەمەلگە ئاشتى: ئۇچىسىغا سىرىق ھەربىي كىيىم كەيدى، شەپكىسىگە دۆلەت گىربى چۈشۈرۈلگەن كاكار تاقىدى. ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولدى، ئىپتىخارلاندى، شۇنداقلا چېگرا قوغدىغۇچى جەڭچىنىڭ زور مەسئۇلىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەندى. ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ۋەتەنىنىڭ چېگرا رايونىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ياشلىق باھارى ۋە ھاياتىنى تەقدىم قىلىپ، ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىشكە بەل باغلىدى.

ئاقتو ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى قىسىملىرى چېگرا مۇداپىئە دادۇيى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن تاماق، ياتاق، قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلدى. بۇ مەسىلە ھەل قىلىنمىسا، باشقا ھەر قانداق ئىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. تاماق، ياتاق، كىيىم-كېچەك، قاتناش مەسىلىسىنىڭ ئېككىسىگە شۆي شىنجيەن مەسئۇل ئىدى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ زىممىسىدىكى يۈكنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. بىراق ئۇ زارلانمىدى، بەلكى پائال تۈردە قىيىنچىلىققا قارشى ئاتلاندى. گازارما قۇرۇلۇشىنى بالدۇرراق باشلاش، قىسىملارنى گازارمىغا بالدۇرراق كۆچۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ جىددىي رەھبەرلىكنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، گازارما چېرتيوژىنى ئۆزى لايىھىلەپ چىقماقچى بولدى. رەھبەرلىك ئۇنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئۇنىڭ يەنە قېتىرقىنىپ ئىشلەيدىغان، قەيسەر، تەرسا مىجەز ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، لايىھىلەش خىراجىتىنى تېجەش، قۇرۇلۇشنى تېز

پۈتتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. شۇي شىنجيەن بۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ، خەزمە تىكە پاتال كىرىشتى. ئۇ قەبرىنداش قىسىملارنىڭ گازارمىلىرىنى ئەمەلىي كۆزدىن كەچۈرۈپلا قالماي، يەنە بىر مۇنچە قۇرۇلۇش لايىھىسىگە دائىر كىتابلارنى سېتىۋېلىپ، كۆڭۈل قويۇپ مۇھاكىمە قىلدى، قايتا - قايتا لايىھىلىدى، شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تېزلا قۇرۇلۇش لايىھىسى ۋە قۇرۇلۇش باشلاش چېرتيوژىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ چېرتيوژلار مەيلى قۇرۇلۇش كۆلىمىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، ماتېرىياللارنى تېجەش ياكى چېرتيوژنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە سانلىق ئاساسلارنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە بولسۇن كەسپىي تەلەپ ئۆلچىمىگە يېتىپ، جىدىي تەرەپىدىن تەستىقلاندى.

قىسىمنىڭ گازارما قۇرۇلۇشى باشلانغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ماتېرىياللارنى تېجەپ ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئۇ كېچە - كۈندۈز قۇرۇلۇش ئورنىدا چېپىپ يۈردى. قۇرۇلۇش داۋامىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ھەل قىلىپ تۇردى. مۇجى، بۇلۇڭكۆل، سۇباش چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېڭىز يۈزىدىن 3500 مېتر ئېگىزلىكتىكى سوغۇق تاغلىق رايونلار بولۇپ، ئوكسىگېن قاتنىشى قولايسىز ئىدى. لېكىن بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇنىڭ ئاياغ ئىزى چۈشتى. مەسىلەن، بۇلۇڭكۆل چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسى ھەر يىلى «بىر شامال چىقسا، ئەتىيازدىن قىشقىچە توختىمايدىغان»، «6 - ئايدا قار، 7 - ئايدا مۆلدۈر ياغىدىغان، 8 - ئايدا چۈشتىمۇ جۇۋا كىيىدىغان» جاي ئىدى. بىر يىلدىكى قىروسىز مەزگىلى ئاران 14 كۈن ئىدى. جەڭچىلەر يىل بويى قار - مۇز بىلەن ئېلىشىپ، بوران بىلەن ئېلىشىپ ياشايتتى. مۇجى چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسىنىڭ باشقا ئىشنى قويۇپ تۇرۇپ، قاتناش - ترانسپورتىنى ئالغاندىمۇ، 280 كىلومېتىرلىق ئارىلىقتا ماشىنا ئون نەچچە سائەت ماڭاتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 80 كىلومېتىر ئارىلىقتا پىكاپمۇ بەش سائەتچە جاللاقشىپ ماڭاتتى، بۇ يولدا ئون نەچچە جايدا

قۇرۇق دەريا ئىزى بولۇپ، كەڭلىكى 3 ـ 4 چاقىرىم كېلەتتى. 39 جايدا ئايلانما بار ئىدى. يولنى پۈتۈنلەي يۇغان تاشلار قاپلاپ كەتكەنىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا يۈك توشۇش، تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە قۇرۇلۇش قىلىشتا قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلار بار ئىدى. جەڭچىلەر شۈي شىنجيەننى «قار ـ بوراننى كۆلگە بىلەن كۆتۈۋالىدۇ، جاپالىق سەپەرنى ئۆزىنىڭ شادلىقى دەپ بىلىدۇ» دېيىشىدۇ. ئۇ قەيسەر ئىرادە بىلەن چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسىسىغا دائىم قاتناپ، قىسىمنىڭ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلدى، نېمە كېرەك بولسا، شۇنى ئېلىپ كەلدى، ئىشقا زادىلا دەخلى يەتكۈزمىدى. 1982 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مۇجى چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسىسى يوشۇرۇنۇپ كىرگەن ئىشپىيونلارنى قوغلاپ تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدىغان بولۇپ قالدى. قىسىم كېچە ـ كۈندۈز يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، قار ـ بوران بىلەن، سوغۇق بىلەن ئېلىشىپ، جىسمانىي قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كەتتى. شۈي شىنجيەن قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ماددىي ئەشيا ۋە ئوق ـ دورىلارنى ئالدىنقى سەپكە ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىپ، قىسىمنىڭ ئىشپىيونلارنى قوغلاپ تۇتۇش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇندىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئۇنى چېگرا مۇداپىئە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ ياخشى ئارقا سەپ تەمىناتچىسى دەپ ماختاشتى.

1984 ـ يىلى، جىدۇيدە تەرتىپكە سېلىش يۈزىسىدىن تەلىم ـ تەربىيە ۋە مەشىق قانات يايدۇرۇلدى. بۇلۇڭكۆل چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاجىز بولغاچقا، ئۇنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلەتتى. شۈي شىنجيەن شۇ يەرگە بېرىپ، ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلدى. رەھبەرلەر ئۇنىڭغا: «ئۇيەدە ئاغرىق ئايالىڭ بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلۇڭكۆلگە بارماقمۇ ۋە ئۇ يەردىن كەلمەكمۇ تەس. يەنە ئويلىنىپ كۆرگىن» دېگەندە، ئۇ: «ئويلانغۇدەك ئىش يوق. مەن ۋەتەننىڭ قوغدىغۇچىسى، ئۇنىڭلا ئويلىسام بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ بۇلۇڭكۆل پەيچۇسىسىغا ئورۇنغان بارغان، ئۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 3700 مېتر ئېگىزلىكتىكى داۋقى

چىققان جاپالىق جايى ئىدى، ئۇ يەردە كۈن نۇرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. بىر قېتىم جىدۇيجاڭ لۇجىچى بېيجىڭلىك چېگرا مۇداپىئە باش ئىدارىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ئۇك گوخۇا بىلەن تاغقا خىزمەت تەكشۈرگىلى ھەمراھ بولۇپ بارغاندا، ئات مىنىپ بەش كىلومېتر يول ماڭغان ئارىلىقتا ئۇك گوخۇانىڭ يۈزىنىڭ بىر قەۋەت تېرىسى چۈشۈپ كەتتى، شۇ چاغدا ئۇك گوخۇا ئىنتايىن تەسىرلىنىپ: «مەن ئەسكەر بولغىلى بىرنەچچە ئون يىل بولدى. مەملىكەت بويىچە بارمىغان يېرىم قالمىدى، لېكىن تۇرمۇش مۇھىتى بۇنداق جاپالىق جاينى كۆرمىگەن ئىدىم. بۇ يەردە يىل بويى ۋەزىپە ئۆتەشنى قويۇپ، تۇرۇپ، مۇشۇ يەردە تۇرالىغانلارنىلا ھەر يىلى 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دېسە بولغۇدەك» دېدى. شۇڭا شىنجيەن بۇ سۆزنىڭ قىلچە مۇبالىغە ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. لېكىن، ئۇ «بۇ جاي ۋەتەن زېمىنى، ھەرقانچە جاپالىق بولسىمۇ ئۇنى قوغداش كېرەك. ئۆزەم كومپارتىيە ئەزاسى جاپالىق جايغا مەن بارمىسام، كىم بارىدۇ. ئايالىم ساقسىز بولسىمۇ، ھامان چارە تېپىلىدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، ھېچنېمىگە قارىماي، ۋەزىپە ئۆتەشكە تاغقا باردى. ئۇ بۇلۇڭكۆلگە بارغاندىن كېيىن، ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويدى؛ سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتنى قانات يايدۇرۇپ، كادىرلار ۋە جەڭچىلەرگە كۆيۈندى؛ خىزمەت تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ، دەرس ئۆتۈش ۋە مەشىقتە چىڭ تۇردى، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بۇلۇڭكۆل پەيچۇسىنىڭ ئارقىدا قالغان قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى.

ئىلگىرى تاغدا يەيدىغان كۆكتات بولمىغاچقا، يىل بويى تۇز، يۇمشىتىلغان لازا يېيىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ تاغقا چىققاندىن كېيىن، بارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ، ئادەم ئەۋەتىپ، كۆكتات ئالدۇردى. لېكىن، يول يامان بولغاچقا، شوخلا، كۆك لازا قاتارلىق كۆكتاتلار يېرىم يولغا كەلمەيلا مىجىلىپ تۈگىشەتتى، بەزىدە ئاران دېگەندە بىر ئاز ياڭيۇ، سەي كاۋىسى، چاقما كاۋا قاتارلىقلار كەلتۈرۈلسىمۇ، تەلەپنى قاندۇرۇپ كېتەلمەيتتى، ئاز كەلتۈرۈلسە، ئانچە ئۇزاققا يەتمەيتتى، جىق كەلتۈرۈلسە،

يېرنىمىنى ئىشلىتىپ، يېرىمىنى تاشلاشقا توغرا كېلەتتى. قىشتا، تېخىمۇ ساقلاشقا بولمايتتى. كۆكتات يېيىش مەسىلىسىنى ئۆزۈل-كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇ جىدۇيدىن 6.000 يۈەن ھەل قىلدۇردى، توشۇش، قاچىلاش ھالقىلىرىنى ياخشىلاپ، تاغقا بىر كۆكتات ئورىسى كولاشنى قارار قىلدى، لېكىن بۇ ئىش ئېيتماققا ئاسان بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە قىلماق تەس ئىش ئىدى. ھەممىلا يەرنى تاش قاپلىغانىدى. بۇ تاشلارنى 2 ـ 3 ئادەم كۆتۈرەلمەيتتى، ئۇلار بۇ تاشلارنى لوم تۆمۈر بىلەن قومۇرۇپ، ئارغامچىدا تارتىپ، توپ ـ توغرا ئون كۈن ئىشلىدى. ھەممە ئادەم ئورۇقلاپ كەتتى. ئورا كولىنىپ بولاي دېگەندە «گۈپ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئورا گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. بىرنەچچە ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدى. ئون كۈنلۈك ئەمگەك بىراقلا ئۇتۇلدى. جەڭچىلەرنىڭ كۆڭلى سوۋۇپ، زادىلا ئىشلىگۈسى كەلمىدى. شۈي شىنجيەن گەپمۇ قىلماي ئورىغا سەكرەپ چۈشۈپ، تاشلارنى رەتلەشكە كىرىشتى. بۇنىڭ بىلەن جەڭچىلەرمۇ بىر-بىرلەپ سەكرەپ چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئورا قېزىپ پۈتكۈزۈلدى، لېكىن بۇ جايدا ماشىنا ماڭالمىغاچقا ئورىنى ياپىدىغان سېمونت تاختىنى ئورا يېنىغا ئېلىپ كېلىپ كەلگىلى بولمىدى. ئۇ يەنە جەڭچىلەر بىلەن بىللە 500 مېتر يىراقلىقتىن 15 سېمونت تاختىنى توپ-توغرا ئۈچ كۈندە ئېلىپ ئورىنى ياپتى. ئاندىن كېيىن، شاخار، قۇملار بىلەن ئورىنىڭ ئۈستىنى كۆمدى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 20 — 30 كۈن سەرپ قىلىپ ئورىنى پۈتكۈزدى ھەمدە شۇ يىلىلا ئىشلەتتى. جەڭچىلەر قىزىقچىلىق قىلىشىپ: «بۇ جايدا كىچىككىنە كۆكتات ئورىسى ياساش، ئۈرۈمچىدىكى ‹خەلق› سارىيىنى سېلىشتىنمۇ تەسكە توختىدى» دېيىشتى. ئۇلار ھەر قېتىم سەي يېگەندە، بىرەرسى شۈي شىنجيەننىڭ كۆكتات ئورىسى كولىغانلىقىنى تىلغا ئالسىلا ئىچى سىيرىلىپ، كۆزىگە ياش ئالدۇ.

شۈي شىنجيەن جەڭچىلەرنى ئاسرايتتى، بۇ جەھەتتە ئۇ دادۇي، جىدۇيدە داڭ چىقارغانىدى. بىر قېتىم بوغالتىر چېن گوشىن ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇش ئۈچۈن روكايىتكىنى ئايلاندۇرۇشۇپ بەرگەندە، قولىغا روكايىتكا

تېگىپ كېتىپ، بىلىكى سۇنۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئاغرىققا چىدىماي سەكرەپ، پۈتۈن ئەزايى تەرگە چۆمۈپ كېتىدۇ. بىراق شوپۇر ھەربىي سەپتىن بوشاش رەسمىيىتىنى ئۆتەش ئۈچۈن كېتىپ قالغاچقا، ماشىنىنى ھەيدەيدىغان ئادەم يوق بولۇپ، چېن گوشىننى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغىلى بولماي قالىدۇ. بۇ چاغدا شۈي شىنجيەن كابىنكىغا چىقىپ: «ماكايلى، دوختۇرخانىغا مەن ئېلىپ باراي» دەيدۇ. جەڭچىلەر ئۇنى توسايدۇ. گەرچە ئۇلار شۈي شىنجيەننىڭ شوپۇرلۇق كىنىشكىسى بارلىقىنى، ماشىنا ھەيدەش تېخنىكىسىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىسىمۇ، بۇنداق ئوڭغۇل-دوڭغۇل يولدا، پىششىقان ئۇستىلارنىڭمۇ ماشىنىسى ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۈي شىنجيەننىڭ رول تۇتۇپ باقمىغانلىقىغا ئۇزاق بولغانلىقىنى ئويلاپ، مۇبادا بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قالسا... دەپ ئەنسىرىشىدۇ. لېكىن شۈي شىنجيەن قولىنى شىلتىپ: «تولا گەپنى قويۇڭلار، ئادەمنى قۇتقۇزۇش مۇھىم» دەيدۇ-دە، ماشىنىنى ھەيدەپ مېڭىپ كېتىدۇ. ئۇ چېن گوشىننى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ، بىلىكىنى تاڭدۇرۇپ، دوختۇرخانىغا ياتقۇزۇۋغاندىن كېيىنلا يېنىك نەپەس ئېلىپ، چېن گوشىننىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالىدۇ. ئۇ جەڭچىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، جەڭچىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. ئادەتتىكى تۇرمۇشتا ئۇنى ۋەزىپىسى بىلەن چاقىرىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۇلار شۈي شىنجيەننى «شىنجيەن ئاكا» دەپ قىچقىراتتى، چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسىدىكىلەر بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق، دوستانە ئۆتەتتى.

شۈي شىنجيەن جەڭچىلەرگە ئاق كۆڭۈل مۇئامىلە قىلاتتى، بىراق ئۆزىنىڭ سالاپىتىنى ساقلايتتى. شەيئىلەر ھامان دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، سەن جەڭچىلەرنىڭ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىپ، ۋاقىتلىداۋەرسەڭ، جەڭچىلەر سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، سەن جەڭچىلەرگە كۆپ گەپ قىلمىساڭ، چىن دىلىڭدىن ئۇلارنى ئاسرىساڭ، جەڭچىلەر

سىبىنى چىن دىلىدىن ھۆرمەت قىلىدۇ. شۇنداقلا بارلىق سالاپىتلىك سىبىنىڭ ئۈنسىز ھەرىكىتىنىڭ ئارقىلىق ساقلىنىشى مۇمكىن. بۇلتۇر دادۇيدىكى بىر ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان جەگچى ھاراق ئىچىپ، تۇرۇشۇپ قالىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رەھبىري كادىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرنەچچە دادۇي كادىرى ئۇنىڭغا خىزمەت ئىشلەپ، گېپىنى ئۆتكۈزەلمەيدۇ. شۇي شىنجيەن راۋان ئۇيغۇر تىلدا 20 مىنۇت سۆزلەشكەندىن كېيىن، ھېلىقى جەگچى ياش تۆكۈپ تۇرۇپ خاتالىقىنى ئىقرار قىلىپ، تۇرۇشقان ئادەمگە ناماقۇل بولۇپلا قالماي، يەنە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاشخانىدا ئىشلەپ، ياخشى جەگچى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كېيىنچە بۇ جەگچى خىزمەتنى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك ئىشلەپ، دادۇينىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىدۇ.

شۇي شىنجيەننىڭ يولداشلارنى ئاسرىشى يۇقىرىدىكى مەسىلىلەردە ئىپادىلىنىپلا قالماي، يەنە شان-شەرەپنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. 1987 - يىلى ئاقتو ناھىيىسىدە بىر مەھەل بىر جىنايەت گۇرۇھى بارلىققا كېلىدۇ، بۇ گۇرۇھنىڭ ئەزالىرى دائىم كېچىدە ھەرىكەت قىلىپ، ئەكسىيەتچى شوئار يېزىپ، ئاپتوموبىل ئوغرىلاپ، قولۇپ بۇزۇپ، قىز ئوقۇغۇچىلارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمايدۇ. شۇي شىنجيەن ۋە باشقا بىرنەچچە يولداش بۇ ئەنزىنى پاش قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. بۇ چاغدا شۇي شىنجيەن كۆپچىلىكنى باشلاپ، ئۇدا بىرنەچچە كېچە ئۆگزىدە، ئېرىقتا، چۆپلۈكتە يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، بۇ ئەنزىنى ئاقىۋەت پاش قىلىپ، ئاقتو خەلقىنى چوڭ ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. دادۇي ئۇنىڭغا خىزمەت كۆرسەتكەنلىك جەدۋىلىنى تولدۇرۇشنى ئېيتقاندا، ئۇ قوشۇلماي: «باشقا يولداشلار مەلۇم قىلسۇن!» دەيدۇ. كېيىن باشقا يولداشلارنىڭ دەرىجىسى، ۋەزىپىسى ئۆستۈرۈلۈپ، مۇكاپاتلىنىدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن قىلچە ئاغرىنمايلا قالماستىن، خۇشال ھالدا سەپداشلىرىنى تەبرىكلەپ، بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى ۋە ئىنقىلابىي مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

## مۇنەۋۋەر سىياسىي خىزمەت كادىرى

1989 - يىلى، شۈي شىنجيەننىڭ خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ياردەمچى ئارقا سەپ — تەمىناتچىلىق خىزمىتىنى ئۈنچىقارماي ئىشلەۋەردى. ئۇ ئاقتو ناھىيىسىدە خېلى تونۇلدى، يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئاقتو ناھىيىلىك پارتكومنىڭ رەھبىرى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى چېگرا مۇداپىئە جىدۈيىگە كېلىپ جىدۈي باشلىقى لۇ جېچىدىن يەرلىك ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن شۈي شىنجيەننى ئۆزلىرىگە يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا يۆتكەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى جىدۈي پارتكومى شۈي شىنجيەننىڭ سىياسىي خىزمەت كادىرلىقىغا ئۆستۈرۈشكە تېگىشلىك ياخشى مايسا ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئۆستۈرمىگەنلىك بىر سەۋەنلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى. شۇڭا، جىدۈيجاڭ لۇجېچى چېگرا مۇداپىئە ساھەسىدىكى سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتمىسەك بولمايدۇ دەپ ياخشى سۆز بىلەن ناھىيىلىك پارتكوم رەھبىرىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

بۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي شۈي شىنجيەن ئاقتو ناھىيىسىنىڭ ئۆزىنى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇ «35 ياشقا كىرەي دەپ قالدىم، يەرلىك ئورۇنغا كەسىپ ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەسلىكىم كېرەك، ئۆزۈم ئاقتودا تۇغۇلۇپ ئۆستۈم، خىزمەت ئىشلەشتە پايدىلىق شارائىتلارمۇ كۆپ» دەپ قارىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى سىياسىي خىزمىتى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى، دىنىنىڭ سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىۋاتقانلىقىنى، فېئودالىزم كۈچلىرى باش كۆتۈرگەنلىكىنى، يېزا خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى. ساۋاقداشلىرى، ئەل-ئاغىنىلىرىمۇ ئۇنىڭغا

كەسىپ ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا قايتا ـ قايتا مەسلىھەت بەردى. شۇڭا، ئۇ سەل تەۋرىنىپ قالدى. لېكىن، ئۇ سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان ئادەم بولغاچقا، ئۆز ئىشى ئۈچۈن پارتىيىگە قول ئۇزىتىشنى خالىمىدى. ھەممىدە پارتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇندى. قىسىم پارتكومى ئۇنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرۇشىغا قوشۇلمىغاندا، پارتكومغا بېرىپ يۈرمىدى، ئۆز ئورنىدا خاتىرجەم خىزمەت ئىشلەۋەردى. بۇلتۇر 11 ـ ئايدا جەنۇبىي پارتكومى ئۇنى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ئاقتو چېگرا مۇداپىئە دادۈيىگە مۇئاۋىن جىاۋداۋيۈەنلىككە تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

شۈي شىنجيەن مۇئاۋىن جىاۋداۋيۈەنلىك ئورنىدا قىسقىغىنە بەش ئايلا خىزمەت ئىشلىگەن بولسىمۇ، مۇنەۋۋەر سىياسىي خىزمەت كادىرىغا خاس پەزىلەتنى، پارتىيىۋىلىك پرىنسىپنى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى تولۇق نامايان قىلدى.

ئاقتو ناھىيىسىدىكى كىشىلەر شۈي شىنجيەننىڭ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئەل ـ ئاغىنىلىرى ناھايىتى جىق دېيىشىدۇ. چېگرا مۇداپىئە دادۈيىدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان جەڭچىلەرمۇ شىنجيەن «ئاكا»نىڭ قەلبى ئالتۇندىن ساپ، ئوتتەك ئىسسىق دېيىشىدۇ. ئۇ ھەر بىر ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان جەڭچىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلدى، ھەر بىر جەڭچىنىڭ ئىدىيىسىنى ئوبدان ئىگىلىدى، ھەممە ئادەمنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇسىنى چۈشىنىپ تۇردى. ھېيت ـ بايراملاردا ھەمىشە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئاشپەزلەرنى تەكلىپ قىلىپ، كۆپچىلىكنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە مېھمان قىلدى. ئۇ ناخشا ئوينىسۇلغا ماھىر ئىدى. ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىر مۇنچە سازلىرىنى چېلىشنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا كەلگەنلەر ئۆز ئائىلىسىگە كەلگەندەك بولۇپ، قانغىچە ئويناپ، تارقىلىشقاندا كەتكۈسى كەلمەي قالاتتى. بولۇپمۇ ئۇزاق مەزگىل تاغدا ئىشلىگەن يولداشلار تاغدىن چۈشۈپ قالسا، ئۇلارنى ھەمىشە ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلاتتى؛ ئۇلارغا ئۆز قولى بىلەن تاماق ئېتىپ، سەي قورۇپ بېرىپ، ئۇلارنى ئوبدان كۈتەتتى. جەڭچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قىسىمغا تۇغقان

يوقلاپ كەلسە، ئۆزى بىكە تكە بېرىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالاتتى، بۇنىڭ بىلەن جەڭچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىنقىلابىي چوڭ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلاتتى.

شۇي شىنجيەن ھەر بىر كادىر، جەڭچىگە تۇرمۇش جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلىپلا قالماي، سىياسىي جەھەتتىن ئۇلارنى تېخىمۇ ئاسرايتتى. كىمنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىگەن ئىش بولسا، شۇي شىنجيەن ئۇنىڭ بىلەن مۇلايىم سىرداشاتتى، ئۇنىڭغا يول تېپىپ بېرەتتى؛ كىمدە خاتالىق كۆرۈلسە، قىلچە يۈز خاتىرە قىلماي قاتتىق تەنقىد قىلاتتى، ئۇ كىشى سوغۇق سۇ سېپىلىپ، سەگەكلەشكەندىن كېيىن، خاتالىقىنى تونۇسا، ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن داۋلى سۆزلەپ، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەيتتى. پارتىيىنىڭ پرىنسىپى، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىدىن تارتىپ، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلارغىچە سۆزلەپ، ئۇنى ئېرىتىپ، قايىل قىلاتتى. قىسىم ئاشخانىسىدىكى ئاشپەز شياۋ خې، خىزمەتتە خاتىرجەم بولماي، دائىم ھاراق ئىچىپ، ماجىرا تۇغدۇرىدىغان بولۇپ قېلىپ، قىسىمدىكىلەرنىڭ بېشىنى قاتۇردى. شۇي شىنجيەن ئىشنى تەسىرلەندۈرۈشتىن باشلاپ، كۈندۈزى شياۋ خې بىلەن بىللە ئاشخانىدا ئىشلىدى، كېچىدە شياۋ خې بىلەن بىللە يېتىپ خىزمەت ئىشلەپ، ئىنقىلاب داۋلىلىرىنى چۈشەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن شياۋ خې ئويغىنىپ، خاتالىقىنى تۈزەتتى، خىزمەتنى ئاكتىپ ئىشلەپ، ئالغا بېسىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى شياۋ خې جىددىي تەرىپىدىن ئالاھىدە تەقدىرلەندى، ئىككىنچى يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى.

شىنجيەن چېگرا مۇداپىئە دادۈيىنىڭ مۇنەۋۋەر سىياسىي خىزمەت كادىرى بولۇپلا قالماي، ئاقتۇ ناھىيىسىدە ساقچى قىسىملار بىلەن خەلقنىڭ بىرلىكتە مەدەنىيەت ئورۇن قۇرۇشنىڭمۇ نەمۇنىسى. ئۇ ناھىيىنىڭ سەنئەت دۈيىنىڭ سەنئەت نومۇرى تېكىستىنى تۈزگۈچى ۋە رېژىسسورى، ئوتتۇرا مەكتەپ تەنتەربىيە ۋەكىللەر كوماندىسىنىڭ

تسكتاكتوپ كوماندىسىنىڭ باش تېرىنېرى، ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان تانسا ئويۇنلىرىنىڭ گىتارچىسى ۋە دىرىژورى ئىدى. ئۇ يەنە ناھىيىنىڭ رادىئو ئۈسكۈنىلىرىنى خالىس رېمونت قىلىدىغان تېخنىك بولۇپ، كىشىلەرنىڭ رادىئولۇق ئۈنئالغۇ ۋە تېلېۋىزورلىرىنى رېمونت قىلىپ بېرەتتى، ئۇ تانسا كېچىلىرىدە پۈتۈنلەي خالىس ساز چېلىپ بېرەتتى. «ھەممىدە پۇلغا قارايدىغان» ئىجتىمائىي كەيپىيات ئەۋج ئالغان چاغدا ئۇنىڭ بۇنداق خالسانە ئىشلىشى ھەممىدىن قىممەتلىك ئىش. بىراق بەزىلەر ئۇنى ساراڭ ئىكەن دېگەندە، ئۇ قىزىقچىلىق قىلىپ: «ساقچىلار بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىشلىتا پۇل ئالساق، مەدەنىيەتسىز بولۇپ قالمايمىزمۇ! چالغان ساز مېنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتىم، ئۇنىڭدىن مەنىۋى ھوزۇر ئالىمەن. ئاقتو ناھىيىسى خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش ئۈچۈن كۈچ چىقارغىنىم، مېنىڭ ئەڭ چوڭ ھەق ئالغىنىم» دەپ جاۋاب بەردى.

شىنجىيەن ئاز تېپىلىدىغان كۆپ خىل ماھارەتلىك سىياسىي خىزمەت كادىرى. ئۇ نەي ۋە سازلارنى چېلىشنى، ناخشا ئېيتىشنى بىلىپلا قالماي، رەسىم سىزىش سۈرەت تارتىشنىمۇ بىلەتتى. ئۇ ھەر قېتىم چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسوسىغا بارغاندا، سۈرەت ئاپپاراتىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇزاق مۇددەت جاپالىق مۇھىتتا خىزمەت ئىشلەپ كەلگەن كادىرلار ۋە جەڭچىلەرنى سۈرەتكە تارتىپ، جەڭچىلەرنىڭ ئۆزگىچە جاپالىق تەبىئىي مۇھىتتىن خاتىرە قالدۇراتتى، ئۇنى جەڭچىلەر ئاتا-ئانىلىرىغا، ئەل-ئاغىنىلىرىغا، سۆيگەن كىشىلىرىگە ئەۋەتىپ بېرىپ، ئىپتىخارى ۋە شەرەپ تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىغا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلاش ئىرادىسىنى كۈچەيتەتتى. شۇي شىنجىيەن ئۇلارنى ئېرىنمەي سۈرەتكە تارتاتتى، ئۇلارنىڭ چېچىنى ئېلىپ قوياتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ جەڭچىلەرنىڭ سىرداش دوستى بولۇپ قالدى.

شۇي شىنجىيەن جانلىق ئۈلگە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا،

جانلىق ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەشكە ماھىر ئىدى. ئۇ دائىم جەڭچىلەرگە: «بىز چېگرا مۇداپىئە قوراللىق ساقچىلىرى بەختلىك ئىكەنمىز، شۇڭا جۇڭگو ھەربىيلىرى ئىچىدە ئەڭ جاپالىق، ئەڭ شەرەپلىك ئىشنى زىممىمىزگە ئالدۇق، بۇ، بىز ئۈچۈن چەكسىز ئالىي شان-شەرەپ» دەيتتى. بىر قېتىم بۇلۇڭكۆل چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسىدىكى بىرنەچچە جەڭچى ئۈچ يىل تاغدىن چۈشمىگەنلىكى، بىر قېتىممۇ شەھەرگە كىرىپ باقمىغانلىقى، يېشىللىقنى كۆرۈپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، بىرىنچى قېتىم تاغدىن چۈشكەندە ئالدىغا ئۇچرىغان تۇنجى دەرەخنى كۆرۈش بىلەنلا دەرەخنى قۇچاقلاپ، ھۆكىرەپ يىغلاپ كېتىدۇ. ئۇلارغا قاراپ ئۇنىڭ كۆزىدىنمۇ ياش تاراملاپ ئاقىدۇ. ئۇ جەڭچىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىپ تەسىرلەنگەن ھالدا: «ئۇلار تاپ-تاقىر تاغدىكى تاشلارنى، مۇز-قارنى ۋە بورانىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەمدۇ؟ ياق، ئۇلارمۇ قان بىلەن گۆشتىن پۈتۈلگەن، ھېسسىياتى بار ئادەملەر، ئۇلارنىڭمۇ ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلىرى بار. ئۇلارمۇ بېيجىڭلىقلار، شاڭخەيلىكلەرگە ئوخشاش ياپيېشىللىقنى، پۈرەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان گۈللەرنى... سۆيگەنلىرى بىلەن سۆزلىشىشنى، ئارزۇ قىلغان گۈزەل شەيئىلەرنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن ئاشۇ تاقىر جايلار ۋەتەننىڭ چېگرىسى، زېمىنى بولغاچقا، ئۇنى سۆيمەي تۇرالمايدۇ.» دەيدۇ.

ئۇ جەڭچىلەرنىڭ قەلبىنى ئەنە شۇنداق چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، بۇلتۇر يازدا زۇڭدۇي تەشۋىقات دۈيى بۇلۇڭكۆلگە ھال سوراش يۈزىسىدىن ئويۇن قويۇشقا بارغاندا، ئۆزى يالغۇز ئاشخانىدا قېلىپ، ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلغان ئويۇن ئاياغلاشقىچە بىر ۋاقلىق تاماقنى ئۆزى ئېتىپ بېرىدۇ. ئويۇن قويۇش ئۆمىكى يېغىنۋاتقان قارغا قارىماي جەڭچىلەرگە ئويۇن قويۇپ بەرگەنىدە، ئۆزى پوست تۇرۇپ، جەڭچىلەرنى ئويۇن كۆرۈشكە ئەۋەتىدۇ، ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جەڭچىلەر ئويۇن قويۇش دۈيىدىكىلەرنى ۋە شۈي شىنجيەنى قۇچاقلاپ كۆز يېشى تۆكۈشىدۇ.

شۈي شىنجيەن ئالىيجاناپ، پەزىلەتلىك، تۈز كۆڭۈل سىياسىي خىزمەت كادىرى بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبى گۈزەل ئىدى. ئۇنىڭ پاك-دىيانەتلىكى ۋە ئەخلاقى پەزىلىتى چېگرا مۇداپىئە دادۇيدىكى كادىرلار ۋە جەڭچىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. دادۇي ئاشخانىسىنىڭ ئاشپىزى شياۋ خې مۇئاۋىن جياۋداۋيۈەننىڭ ئۆزىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈن، بۇلتۇر باھار بايرىمىدا ئائىلىسىنى يوقلاپ قايتىپ كەلگەندە، ئارىنى يىراق كۆرمەي يۇرتىدىن ئالاھىدە ھاراق، تاماكا ئالغاچ كېلىپ، شۈي شىنجيەنگە تەقدىم قىلدۇ. شۈي شىنجيەن بۇنى ئالغىلى زادىلا ئۇنىمايدۇ. ئاخىرى زورلاپ تۇرۇۋالغانلىقتىن ئالدۇ. بىراق شۇ ئايلىق مائاشىدىن 60 يۈەن ئاجرىتىپ شياۋ خېغا بېرىدۇ. بۇ يىل كۇرسانت تاك لىيۇڭنىڭ ئائىلىسىدىن بىر بولاق مور كېلىدۇ. شياۋ تاك مۇئاۋىن جياۋداۋيۈەننىڭ ئۆزىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئويلاپ، مورنىڭ بىر كىلوگرامىنى سوۋغا قىلدۇ. شىنجيەن شۇ مەيداندىلا بازار باھاسى بويىچە شياۋ تاڭغا پۇلىنى تۆلەيدۇ. بۇنىڭدىن شىنجيەننىڭ كومپارتىيە ئەزالىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك نەمۇنىلىك، ئۆلگىلىك رولىنى، يۈكسەك سىياسىي پرىنسىپچانلىق ۋە پاك-دىيانەتلىك ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ پارتىيىنىڭ مۇنەۋۋەر سىياسىي خىزمەت كادىرى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شۈي شىنجيەننىڭ كونا رەھبىرى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى چېگرا مۇداپىئە جىدۈيىنىڭ باشلىقى يولداش لۇ جىچى ئېچىنغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «شۈي شىنجيەن ئاساسىي قاتلامدىكى مۇنەۋۋەر كوماندىر، ئاساسىي قاتلاملاردا ئاز ئۇچرايدىغان مۇنەۋۋەر سىياسىي خىزمەت كادىرى ئىدى. ئۇنىڭ قۇربان بولۇشى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى چېگرا مۇداپىئە جىدۈيىمىز ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش!

## تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىش

شۆي شىنجيەن كادىرلار، جەڭچىلەر ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن ياخشى كادىر بولۇپلا قالماي، يەنە ئالىيجاناب ئەخلاققا ۋە ئىدىيىۋى پەزىلەتكە ئىگە ئادەم. ئائىلە تۇرمۇشىدا، ئۇ ياخشى ئوغۇل، ياخشى كۈيئوغۇل، ياخشى ئەر، ياخشى ئاكا، ياخشى دادا ئىدى. ئۇنىڭ چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەشكە دائىر ئىش ئىزلىرى ئاقتو خەلقى ئىچىدە كەڭ كۆلەمدە تەرىپلەنمەكتە.

شۆي شىنجيەن نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان ئۇچ ئائىلىنىڭ تۇرمۇش يۈكىنى كۆتۈرۈپ، كىشىلىك تۇرمۇش ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە باتۇرانە تىرىشىپ ئالغا بېسىپ كەلدى.

ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى پېنسىيىگە چىقىپ كېتىپ، ئائىلىسىدە ئۇچ ئىنى - سىڭلىسى قېلىپ، شۆي شىنجيەنگە قاراشلىق بولۇپ قالدى. شۆي شىنجيەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، سىرتقا كاماندىروپكىغا چىقمىغان چاغلاردا، ھەر كۈنى قانچە كەچ بولۇپ كەتسىمۇ ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ تۇردى. سۇ توشۇپ، ئوتۇن يېرىپ، نورما ئاشلىقنى ئېلىپ بېرىپ، كۆمۈر ئەكېلىپ بەردى. يامغۇر ياغقاندا، سۇلارنى چىقىرىپ، قار ياغقاندا، ئوگزىنى سۈپۈرۈپ... ھەممە ئىشنى ئۈستىگە ئالدى. ئىنى - سىڭىللىرىنىڭ توي ئىشى، ئوقۇشى قاتارلىقلارغىمۇ ئىگىدارلىق قىلدى. بەزىلەر ئۇنى سادىق ئوغۇل بولۇپلا قالماي، «ئاتا ئورنىدىكى ئاكا» لىق بۇرچىنى ئادا قىلدى، دېدى.

ئۇنىڭ قېيىن ئاتىسى پېشقەدەم ئىنقىلابىي كادىر بولۇپ، ئىلگىرى ئاقتو ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغانىدى، ئۇ 1986 - يىلى، ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، يېڭى ناھىيە بازىرى بەرپا قىلىپ كۆچۈرۈش ئىشىغا باش

قاتۇرۇپ، يۈرەك ئاغرىقى قوزغىلىپ ۋاپات بولغان. قېيىن ئانىسى ئائىلە ئايىلى بولۇپ، ئىقتىسادىي كىرىمى يوق ئىدى، ئائىلىسىدە تېخى ياتلىق قىلىنمىغان ئىككى قىزى بولۇپ، تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئۇ قېيىن ئانىسىنىڭ تۇرمۇش بېسىمىنى يېنىكلىتىش، ئۇنى ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، بىر نەچچە يىل ئىلگىرى قېيىن سىڭلىسى باۋ خۇڭنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ ئوقۇتتى، ئۇنىڭ توينىمۇ ئۆزى قىلىپ بەردى. (ئۇنىڭ ئېرى ۋاڭ جىڭپىڭ قوراللىق ساقچى قىسىملىرى دادۇينىڭ كەسپىي جىڭشىجاگى بولۇپ، شۈي شىنجيەن بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر جايدا قۇربان بولغان (قۇربان بولغاندا توي قىلغىنىغا ئاران 4 ئاي بولغانىدى). شۈي شىنجيەن كىشىلەر دائىم ئېيتقاندەك «يېرىم ئوغۇلغا تەڭ بىر كۈيئوغۇل» ئەمەس، بەلكى ھەم كۈيئوغۇل، ھەم تولۇق ئوغۇل ئىدى.

شۈي شىنجيەننىڭ ئاپالى ۋېي لى 1980 - يىلى شىنجيەن بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئۆپكە تۇبېركۇليۇزى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە يۈرەك مۇسكۇل ياللۇغى، ئۆپكە پەردە ياللۇغى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاچقا، تېنى ئىنتايىن ئاجىز ئىدى. ئۇ ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تېلېفون باش ئاپپاراتىدا ئىشلەيتتى، خىزمىتى ئېغىر ئىدى. ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ھەمىشە ھېرىپ يېتىپ قالاتتى، ئۆي ئىشلىرى، بالىلارنىڭ ئوقۇشى، تۇرمۇشىدىن زادىلا خەۋەر ئالالمايتتى. شۇڭا، ئېغىر تۇرمۇش يۈكى پۈتۈنلەي شۈي شىنجيەننىڭ زىممىسىگە چۈشۈپ قالغانىدى.

ھەممە ئادەمنىڭ ئائىلىسى بار. ئائىلە يۈكىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھەممىسى بىلىدۇ. شۈي شىنجيەنگە ئوخشاش ئائىلىسىنىڭ ئېغىر يۈكى يۈكلەنگەن بولسىمۇ بۇ يۈكنى تومۇز ئادەمدەك كۆتۈردى. لېكىن ئۇ ئادەتتىكى ئادەم ئىدى، ئوخشىمايدىغان يېرى ئۇ ئاقكۆڭۈل بولغاچقا، بۇ يۈكنى كۆتۈرۈشكە بەرداشلىق بەردى.

شۋي شىنجيەن قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆپكىسى ئاغرىغان تىقىلغان ھالدا: «شىنجيەننىڭ قىسقىغىنە ھاياتى جاپا ئىچىدە، جىددىي جەڭدە ئۆتتى. ئۇ ھەتتا بىرەر قېتىممۇ ئارامخۇدا تاماق يەپ باقمىدى ياكى بىرەر قېتىممۇ تەييارغا ھەييار بولۇپ باقمىدى... ھەتتا مەن بىلەن ۋىدالاشقاندىمۇ يەنە شۇنداق ئالدىراپ كېتىپ قالدى» دېدى. ھەمدە كىشىلەرگە ئۆزى بىلەن شۋي شىنجيەن ۋىدالاشقان چاغدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى:

شۋي شىنجيەننىڭ سىياسىي خىزمەتتىكى كۆرۈنەرلىك ئىپادىسىگە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم ئەھمىيەت بەردى. جىدۋي ئۇنى يەنىمۇ تەربىيىلەش ئۈچۈن 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سانجىدا چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسى ئاچقان سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى كۇرسىغا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. شىنجيەن 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى داۋىنىڭ خىزمەتلىرىنى تاپشۇردى، ئۈچ ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇزدى. ئۇ ۋېي لى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بىللە ئاتۇشقا قېيىن ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى سۈپۈرۈشكە بارماقچى، 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۆزى سانجىغا ئۆگىنىشكە يولغا چىقماقچى بولدى. بىراق 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئەتىگەندە، شىنجيەن ئويۇقسىز ئۆزگىرىپ قېلىپ، يالغۇز خوتۇنىنى بىكەتكە ئېلىپ بېرىپ، ئاپتوبۇسقا سېلىپ قويۇپ، ئۆزى چېگرا مۇداپىئە داۋىيىگە قايتىپ كەتتى. ۋېي لى ئېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلمىدى، ئىچىدە شىنجيەندىن گېپىدە تۇرمىدى دەپ ئاغرىندى.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 21 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ۋېي لى قەبرە سۈپۈرۈپ بولۇپ ئاتۇ تاھىيسىگە قايتىپ كەلگەندە ئۇيدە ئېرى كۆرۈنمەيتتى. خىزمەت ئۈستىلى ئۈستىدە شۋي شىنجيەن ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ كەتكەن خەت تۇراتتى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«ئايىمۇ بولار تۇتۇق ئۇچۇق، پۈتۈن پۇچۇق،

ئىنسانغىمۇ كېلەر شادلىق، قايغۇ-ھەسرەت.
ئەزەلدىن بولمىغان ھەممە ئىش كۆتكەندەك،
. . . . . . . . . . . . . . . . .»

ئەسلىدە شۈي شىنجيەن خوتۇنىغا بىر پارچە خەت يېزىپ قالدۇرماقچى بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر خەتنىڭ بېشىنى باشلاپ قويۇپ، ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىغان. ۋېي لى بۇلارنى تەپسىلىي ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئالدىراپ ئازراق تاماق يەۋالدى-دە، باش ئاپپاراتقا خىزمەتكە چۈشكىلى كەتتى.

ۋەقەدىن كېيىن ۋېي لى 4-ئاينىڭ 4-كۈنى شۈي شىنجيەننىڭ بارىن يېزىسىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قوزغاشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، تىت-تىت بولۇپ كەتكەنلىكىنى، لېكىن تېخى ئىسپاتلانمىغان بۇ خەۋەرنى ئۆزىگە ئېيتىشنى خالىمىغانلىقىنى بىلدى. شىنجيەن خوتۇنىنى ئاتۇشقا قەبرە سۈپۈرۈشكە يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزى چېگرا مۇداپىئە دادۈيىگە باردى. بىر كوماندىر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ خەۋەرنىڭ نېمىدىن بېشارەت بېرىدىغانلىقىنى، بۇ چاغدا ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مۇقەددەس بۇرچنى چۈشىنەتتى. «ئەسكەرنى مىڭ كۈن بېقىپ، بىر كۈن ئىشقا سېلىش» دېگەن گەپ بار. جەڭچىنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۇنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىسىمغا قايتىشقا دالالەت قىلاتتى. 4-ئاينىڭ 4-كۈنى، بارىنغا خەۋپكە قارىماي بىر قېتىم بېرىپ كەلدى، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆردى. ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشىدىغان، كېيىنچە توپىلاڭغا قاتناشقان بىر توپىلاڭچى ئەسەبىيلىك بىلەن: «ياشايمەن دېسەڭ، ئەتە بارىن يېزىسىغا كەلمىگىن» دەپ تەھدىت سالدى. شۈي شىنجيەن بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى، ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئەسەبىيلەشكەن ئەلپازىنى كۆردى. ئاھىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئالاقىدار تارماقلارغا دوكلات قىلدى. دادۈيىگە

قايتىپ، دادىۋي كادىرلىرى بىلەن قوللىنىشقا تېگىشلىك جىددىي تەدبىرلەرنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلدى. كېچىدە ئۇ ئۆيىگە قايتمىدى. 4-ئاينىڭ 5-كۈنى چۈشتە شىنجيەن خوتۇنىنى قايتىپ كەلگەندۇ دەپ ئويلاپ، ئالدىراپ-تېنەپ ئىككى قېتىم ئۆيىگە قايتىپ باردى، ئۇنىڭغا يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولدى، كۈتمىگەن يەردىن خوتۇنى قايتىپ كەلمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن خوتۇنىغا ئاشۇ يېزىلىپ بولمىغان خەتنى قالدۇرۇپ قويدى. ئۇ مۇشۇ يېزىلىپ بولمىغان خېتىنىڭ ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرىدىكى ۋەسىيىتى، ھاياتلىق بىلەن ۋىدالىشىدىغان جەسۇرانە سۆز بولۇپ قېلىشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

بىراق، مۇشۇ قىسقىغىنە خەتتىن كىشىلەر ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئۆلۈمگە جەسۇرانە ئاتلانغان ۋە دۆلەتكە چەكسىز ساداقەت بىلدۈرگەن جاسارىتىنى چۈشىنىۋالالايدۇ. ئۇ ئاتا-ئانىسىنى، خوتۇن-بالىسىنى سۆيەتتى، ۋەتەننى، خەلقنى تېخىمۇ سۆيەتتى، ساداقەتمەنلەر بىلەن ۋاپادارلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئەمەس. ۋەتەن ۋە خەلق ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىشىنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ ئەنە شۇنداق جەسۇرلۇق بىلەن، قىلچە ئىككىلەنمەي، ئۆزىنى جەڭ مەيدانىغا ئاتتى.

## مەردلەرچە قۇربان بېرىپ، ۋەتەنگە ساداقىتىنى بىلدۈرۈش

مىلادى 1990-يىل 4-ئاينىڭ 5-كۈنى شۇ شىنجيەن «يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن» دەيدىغان قەھرىمانە جاسارەت بىلەن ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار خىزمەت ئورنىغا بارغاندا، ئاقتو ناھىيە بازىرىدىن 17 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاقتو ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچى مەيداندا چىڭ تۇرغان بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ

قوزغاش قەدىمىنى جىددىيلە شتۇرۇۋاتقاندى.

تاڭ سەھەردە توپىلاڭچىلار زور تۈركۈم ئاممىنى مەسچىتكە مەجبۇرىي ئاپىرىپ، «قۇرئان» ئوقۇتقۇزۇپ قەسەم قىلدۇردى. چۈشتىن بۇرۇن، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان 200 دىن ئارتۇق ئامما توپىلاڭچىلارنىڭ تەھدىت سېلىشى ئارقىسىدا بارىن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قاراپ ماڭدى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى توپىلاڭچىلار «بارىن يېزىسىنى ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرايلى»، «خىتايلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرايلى»، «دىن ماركسىزمنى يېڭىپ چۈشۈشى كېرەك»، «پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشقا قارشى تۇرىمىز»، «ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈپ، غازات ئۇرۇشىغا قاتنىشايلى» دېگەندەك ئەكسىيەتچىل شوئارلارنى توۋلاپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنى قورشىۋالدى؛ شۇنداقلا ئۇلار يەنە بۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە يىل تەييارلىق كۆرگەنلىكى، يەنە ئاقتو ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا جار سالدى. سائەت 18 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر - جەڭچىلىرىمىز، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ كادىر - ساقچىلىرى بارىن يېزىسىغا جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاشقا بارغاندا، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توپىلاڭچىلار ئۇلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. سائەت 19 ئەتراپىدا توپىلاڭچىلار يېزىلىق ھۆكۈمەت دەرۋازىسى ئالدىدا جېدەل چىقاردى. ج خ خادىملىرىمىز جېدەل چىقارغۇچىلارنىڭ كاتتىبېشى جامال مەمەت قاتارلىقلارنى قانۇن بويىچە تۇتتى. توپىلاڭچىلار يەنە نەچچە يۈز ئادەمنى قۇترىتىپ، ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن مەجبۇرىي ئېلىپ چىقىپ، قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، ھاقارەت قىلدى. سائەت 20 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، توپىلاڭچىلار يېزىلىق ھۆكۈمەت ھويلىسىدىكى كادىرلار، قوراللىق ساقچىلار، ج خ كادىر - ساقچىلىرىغا تاش، تۆمۈر قاتارلىق قوراللار بىلەن غالجىرانە ھۇجۇم قىلدى، ئىككى ئادەم يارىدار بولدى، شوپۇر

لى جېڭجۇ، چېن فېنچاڭلار توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن قاتتىق ئۇرۇلدى. سائەت 21 دىن 8 مىنۇت ئۆتكەندە، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىمىزنىڭ ئىككى ئاپتوموبىلى پاچاقلىۋېتىلدى. شوپۇر ۋە 13 نەپەر كادىر-ساقچى يارىدار قىلىندى. توپىلاڭچىلار غالجىرلىشىپ كەتتى. ھۆكۈمەت كادىرلىرىمىز، قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر-جەڭچىلىرىمىز، ج خ كادىر-ساقچىلىرىمىز ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ يول قويدى، داۋاملىق خىزمەت ئىشلىدى، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سۈيىقەستىنى پاش قىلىپ، قايمۇققان ئاممىغا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بەردى. سائەت 21 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ غوللۇق ئادىمى، جېدەل چىقارغۇچىلارنىڭ كاتتىبېشى زەيدىن-يۇسۇپ ئوچۇق-ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاممىنى قۇترىتىپ، ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بەش نەپەر ج خ كادىر-ساقچىمىزنى تۇتۇپ كەتتى، بەش دانە تاپانچىنى، توك توقمىقىدىن بىرنى، سۆزلىشىش ئاپپاراتىدىن بىرنى، كويزىدىن بىرنى، بەش قۇر ساقچى كىيىمىنى بۇلىۋالدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئارقا-ئارقىدىن قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. يارىدار بولغان خادىملىرىمىزنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشقا بولمىدى، تۇتۇپ كېتىلگەنلەرنىڭ دېرىكىنى ئۇققىلى بولمىدى.

شۇ چاغدا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئىچىدە تەسىس قىلىنغان ناھىيىلىك پارتكوم قوماندانلىق شتابى بارىن يېزىسىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالدى. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئىنتايىن تىت-تىت بولۇپ بارىن يېزىسىغا يارىدارلارنى قۇتۇلدۇرۇش، ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بىر گۇرۇپپا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. لېكىن كىمنى ئەۋەتىش كېرەك؟ ئۇ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ھازىرقى ۋەزىيەتتە، خەنزۇ يولداشلار ئوتتۇرىغا چىقسا بولمايتتى، خەنزۇ يولداشلارنى قوغداش ئۈچۈن دادۇيدىكى مىللىي رەھبىرىي يولداشلار ناھىيىلىك پارتكوم قوماندانلىق شتابىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى

شۆي شىنجيەن قاتارلىق يولداشلارغا تاپشۇرۇشنى قارار قىلدى. بىراق شۆي شىنجيەن «تاغدا يولۋاس بولسىمۇ، قورقماي تاغقا ماڭىدىغان» ئادەم ئىدى، ئۇ ئاللىقاچان زوررور تېپىلغاندا ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى بېغىشلاش قارارىغا كېلىپ بولغانىدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: «ۋۇ شۇجى، دۆينى باشلاپ مەن باراي!» دېدى. ۋۇ شۇجىنىڭ كۆز ئالدى يورۇپ كەتتى: «سەن بارغىن!... بۇ يەردە ناھىيىلىك ئاياللار، بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتىنىڭ 〈بېيجىڭ — 212〉 تىپلىق سەككىز ئورۇندۇقلۇق بىر پىكاپى بار. يەنە نەچچە ئىشەنچلىك جەڭچى بار.» دەپ ئۆزىنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۆي شىنجيەن ئىشىكتىن يېنىچە چىقىپ كەتتى. كەسپىي جەڭگىۋار ۋاڭ جېڭپىڭ، كەسپىي جەڭچى لۇ جيەنخۇي، گو شۆۋېنلەر شۆي شىنجيەننىڭ ئارقىدىنلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ۋەزىپە ئۆتەشكە بېرىشنى ئۆتۈندى، بۇلارغىمۇ ۋۇ شۇجى قوشۇلدى. سائەت 23 تە، گۇگۇم چۈشكەن چاغدا شۆي شىنجيەن قاتارلىق كىشىلەر پىكاپ بىلەن بارىن يېزىسىغا قاراپ ئۇچقاندەك يورۇپ كەتتى.

شۆي شىنجيەن پىكاپنى ھەيدەپ بارىن يېزىسىغا بىر يېرىم كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى قىزىل كۆۋرۈككە بارغاندا شۇ جايدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بىر توپ توپىلاڭچى تەرىپىدىن توسۇۋېلىندى. قاراڭغۇ كېچىدە بىرەر يۈزدەك ئادەم بارلىقىنى غۇۋا كۆرگىلى بولاتتى، بىر نەچچە ساقچى كىيىمى كىيگەن، قولىغا مىلتىق ئۇتقان توپىلاڭچى ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا توقماق، پىچاق، پالتا، كەكە ئۇتقانلار بولۇپ، غالجىرانە قىياپەتتە كىرگەنىدى، ئۇلار يولنى توسۇۋالدى. شۆي شىنجيەن دەرھال توپىلاڭچىلارغا قاراپ ئۈنلۈك تىلدا توۋلىدى:

— بىز بارىن يېزىسىغا ۋەزىپە ئىجرا قىلغىلى كېتىۋاتىمىز، بىز ئامىمنى قوغدايمىز، سىلەر يولنى بوشىتىڭلار!

... لېكىن، ياۋۇزلۇقتا چېكىدىن ئاشقان توپىلاڭچىلار بۇ سۆزلەرنى

ئاڭلىمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۈنلۈك توۋلىدى:

— قاراڭلار، خۇدايىم بۈگۈن بىزگە تۆت كاپىرنى ئەۋەتىپتۇ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى!

سۆز تېخى تۈگىمەيلا ئەس-ھوشىنى يوقاتقان توپىلاڭچىلار تەرەپ-تەرەپتىن قاپلاپ كەلدى. شۆي شىنجيەن يۈز بەرگۈسى ئەھۋالنى چۈشىنىپ، بېلىدىكى تاپانچىنى غەرەزسىزلا سىيلىدى. لېكىن كېچە قاراڭغۇ بولغاچقا، كىمنىڭ ئامما، كىمنىڭ توپىلاڭچى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى، شۇڭا، ئاممىنى خاتا زەخمىلەندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئوق چىقارمىدى. شۆي شىنجيەن دەرھال ئارقىغا چېكىنىشنى، تارقىلىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشنى قارار قىلدى. لېكىن، بۇ چاغدا توپىلاڭچىلار چىل بۆرىدەك ئېتىلىپ كېلىپ قالغانىدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە كالتەك، پىچاق، پالتا، كەكلەر ئۇلارغا تېگىشكە باشلىدى. ئادەم قېلىپىدىن چىققان توپىلاڭچىلار ئالدىدا شۆي شىنجيەن، ۋاڭ جىڭپىڭ، لۇ جيەنخۇي، گو شۇۋبىنلەر قىلچە قورقماي ئادالەت يولىدا چىڭ تۇرۇپ، باتۇرانە ئېلىشتى، كۈچىنىڭ بارىچە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشقا تىرىشتى. بۇ چاغدا بىر توپىلاڭچى چەكمىدەك كالتەكنى كۆتۈرۈپ، شۆي شىنجيەننىڭ بېشىغا بىرنى سالدى. شۆي شىنجيەن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي، توقماق تېگىپ ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. توقماقمۇ ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىۋېشى زەيدىن يۈسۈپ ئېگىز ئاتقا مىنىۋېلىپ، مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ قاتتىق توۋلىدى.

— ياشلار ھەممىڭلار كېلىڭلار، مۇنۇ تۆت خىتايدا جاسارەتلىكلەرنى چېپىۋېتىڭلار.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا 17-18 ياشلاردىكى ئىككىيلەن قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھوشىدىن كەتكەن شۆي شىنجيەننىڭ مەيدىسىگە ۋە قورسىقىغا سانجىدى، قىلىچ ئۇنىڭ ئالدىدىن كىرىپ، دۈمبىسىدىن چىقىپ كەتتى، كۆكرىكىدىن قان بۇلدۇقلاپ ئېقىپ

چىقتى. ئارقىدىن يەنە بىرنەچچە توپىلاڭچى قىلىچ، پالتا بىلەن شۈي شىنجيەنىڭ بەدىنىگە ھايۋانلارچە ھۇجۇم قىلدى. شۈي شىنجيەن قاتارلىق يولداشلار پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلار چۈشكەن سەككىز كىشىلىك پىكاپ پاچاقلاپ تاشلاندى. قورال - ياراق، ئوق - دورىلار بۇلاپ كېتىلدى. ئۇلار قۇربان بولغان چاغدىكى پاجىئەلىك كۆرۈنۈشنى كۆرگەن ئادەم چىداپ تۇرالمايدۇ.

شۈي شىنجيەن قاتارلىق كىشىلەر قۇربان بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، قەشقەر 6 - جۈڭدۈينىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەلى ياسىن 3 - بەنىڭ بەنجاڭى ۋۇ يۈك بىلەن 2 - بەنىڭ مۇئاۋىن بەنجاڭى تيەن جۈڭفېڭنى باشلاپ، بارىن يېزىسىغا ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا كېتىۋاتقاندا، يەنە يۇقىرىدىكى جايدا توپىلاڭچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئەلى ياسىن ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىلدى، ۋۇ يۈك بىلەن تيەن جۈڭفېڭ بىرلا ۋاقىتتا پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئۈچ ئاپتومات، 400 تال ئوق بۇلاپ كېتىلدى. ئۇلار چۈشكەن «شۈز ياڭجيەن» تىپلىق پىكاپ توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن پارتلىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، كۆيدۈرۈۋېتىلدى. قەبىھ توپىلاڭچىلار يەنە بىر قان قەرزگە بوغۇلدى.

توپىلاڭچىلار قەبىھ جىنايەت ئۆتكۈزگەن ۋە ياۋۇزلۇق قىلغان ئەھۋالدا پارتىيىمىز، ھۆكۈمىتىمىز، ج خ كادىر - ساقچىلىرىمىز، قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى كوماندىر - جەڭچىلىرىمىز خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى قوغداش، ئىنتايىن ئاز ساندىكى جاھىل ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنى يېتىم قالدۇرۇش، قايمۇققان ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى ئەڭ قاتتىق تۇتۇۋېلىپ ۋە يول قويۇپ، رادىئو ئارقىلىق ئۇلارغا داۋاملىق خىزمەت ئىشلىدى. لېكىن، ئەكسىيەتچى مەيداندا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغان بۇ بىر ئوچۇم توپىلاڭچىلار خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتىنى ئاجىزلىق دەپ قاراپ، ئاممىغا داۋاملىق تەھدىت سېلىپ جېدەل چىقىرىشقا قۇتراتتى، خەلق بىلەن

ئاخىرغىچە قارشىلىشىشقا ئۆرۈندى، ئۇلارنىڭ خورىكى بەكلا ئۆسۈپ كەتتى. 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تاڭ سەھەردە توپىلاڭچىلار ج خ خادىملىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان سۆزلىشىش ئاپپاراتى ئارقىلىق بىز تەرەپ بىلەن سۆزلىشىپ، بىرمۇنچە يولسىز تەلەپلەرنى قويۇپ، چەكلىك مۇددەتتە جاۋاب بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنداقلا شەرتلەرگە ماقۇل دېمىگەندە، ئۆتقۇن قىلىنغانلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىگەن سائەت 4 تىن 5 مىنۇت ئۆتكەندە، بىز تەرەپ توپىلاڭچىلارغا كۈچلۈك سىياسىي ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنىڭ بارلىق جىنايى ھەرىكەتلەرنى دەرھال توختىتىشنى، باشلامچى ئۇنسۇرلارنىڭ خەلق ھۆكۈمىتىگە باش ئېگىشىنى، قايمۇققان ئاممىنىڭ دەرھال ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشىنى، ئۇنداق قىلمىغانلار قاتتىق جازالىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆلۈم ئالدىدا جان تالاشتى، داۋاملىق ئەكسىلئىنقىلابىي قۇترىتقۇلۇق قىلىپ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى. سائەت 4 تىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە، توپىلاڭچىلار ئالدى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت ھويلىسىغا گرانات، پارتلاتقۇچ تاشلاپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت ھاشا تېمىنىڭ ئۈچ يېرىنى پارتلىتىپ ئۆرۈۋەتتى. ئارقىدىن ئاپتومات، تاپانچا ئارقىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت ھويلىسىغا قارىتىپ غالجىرانە ئوق چىقاردى، شۇنداقلا ھۇجۇم قوزغىدى. بىزنىڭ بىر نەچچە قوراللىق ساقچى قىسىم كادىر - جەڭچىمىز يارىدار قىلىندى.

سائەت 4 تىن 44 مىنۇت ئۆتكەندە قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر - جەڭچىلىرىمىز ۋە ج خ كادىر - ساقچىلىرىمىز تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولمايدىغان ئېغىر ئەھۋالدا، ئۆزىنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بەردى. ئەتىگەن سائەت 9 دا قوماندانلىق شتاب ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ج خ كادىر - ساقچىلىرىمىز، قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر - جەڭچىلىرىمىز مۇھاسىرىدە قالغان يېزىلىق

ھۆكۈمەت ھويلىسىدىن مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقتى. بىزنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىمىز ئالدىدا توپىلاڭچىلار مەغلۇپ بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى، كۈچلۈك سىياسىي ھۇجۇم، ھەربىي زەربە ئارقىلىق توپىلاڭغا باشچىلىق قىلغان تايانچ ئۇنسۇرلارنىڭ ئايرىملىرى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن باشقا، مۇتلەق كۆپچىلىكى قولغا چۈشۈرۈلدى. قوراللىق 16 جاھىل توپىلاڭچى كۆلتۈز تەرەپكە پاتپاراق بولۇپ قېچىپ كەتتى. سائەت 9 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە جەڭ ئاخىرلاشتى. بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلدى.

4-ئاينىڭ 6-كۈنى جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، كىشىلەر شۈي شىنجيەن ۋە باشقا بەش نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانىڭ جەسىتىنى تاپتى. جەسەتلەرنى رەتلەش داۋامىدا، ئىنقىلابىي قۇربان شۈي شىنجيەننىڭ پېشانىسىغا قىلىچ چېپىلغانلىقىنى، كۆكرىكى ۋە قورسىقىغا يەتتە يەرگە قىلىچ سانجىلغانلىقىنى، قورسىقى يېرىلىپ، ئۈچەيى چۇۋۇپ چىقىرىۋېتىلگەنلىكىنى كۆردى. ئۇ بىر قولى بىلەن ئۈچەيىنى قاماللاپ تۇتۇپ، بىر قولىدا تاپانچىسىنىڭ تاسمىسىنى چىڭ سىقىملاپ تۇرۇپ قۇربان بولغانىدى. جەسەتنى تەھلىل قىلغاندا، شۈي شىنجيەن ئېغىر يارىدار بولغان، ئۈچەيى تۆكۈۋېتىلگەن ئەھۋالدا بىر قولى بىلەن ئۈچەيىنى قاماللاپ تۇتۇۋېلىپ، يەنە بىر قولىدا قورال تارتىۋالماقچى بولغان توپىلاڭچىلار بىلەن باتۇرانە ئېلىشقان. توپىلاڭچىلار ئۇ ھايات چاغدا قورالنى تارتىۋالالماي، ئۇ قۇربان بولغاندىن كېيىنلا قورالنى تاسمىسىنى كېسىپ ئېلىۋالغان. ئۇنىڭ باجىسى ۋاڭ جىڭبىڭ ۋە لۇ جيەنخۇي، گو شۇۋېن، ۋۇ يۇڭ، تيەن چۇڭفېڭ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جەسەتلىرىمۇ قىيما-چىيما قىلىنىپ، قانغا بويىۋېتىلگەن. توپىلاڭچىلارنىڭ ياۋۇزلۇقلىرى تارىختىمۇ ئاز كۆرۈلگەن. مۇشۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرگەنلىكى كىشى توپىلاڭچىلارنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىرغىنچىلىقىغا

چىداپ تۇرالمايدۇ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە قاتتىق ئېچىنىدۇ.

شۈي شىنجيەن توپىلاڭنى تىنچىتىش ئالدىدا يېزىپ قالدۇرغان ھېلىقى يېزىلىپ بولۇنمىغان خەتنى ۋېي لى كۆرگەندىن كېيىن يامانلىقنىڭ بېشارىتىنى سەزگەنىدى. ئەمما، ئۇ پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى باش ئاپپاراتىغا خىزمەتكە چۈشۈشكە ئالدىراپ تۇرغانلىقتىن، بۇ ھەقتە ئىنچىكىلەپ ئويلىنىپ تۇرمىدى. خىزمەتكە بارغاندىن كېيىن جىددىي ئىشلەپ، ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن جىددىي تېلېفونلارنى ئۇلاپ تۇردى. ئۇ تېلېفوندىن بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنى بىلدى. ئۇ شۈي شىنجيەننىڭ باجىسى ۋاڭ جىڭپىڭ قاتارلىقلار بىلەن بىللە بارىن يېزىسىغا ۋەزىپە ئىجرا قىلغىلى كەتكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت ئىككى سۆيۈملۈك ئادىمىنىڭ دېرىكى ۋە خەۋپسىزلىكىگە دىققەت قىلاتتى. 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تاڭ سەھەردە ئۇ تۇرۇبكىدىن شۈي شىنجيەن، ۋاڭ جىڭپىڭ قاتارلىقلارنىڭ ئىز - دېرىكى بولمايۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ، ئولتۇرالماي قالدى. لېكىن ئۇ مۇشۇنداق ۋاقىتتا، ئالاقىلىشىشنىڭ مۇھىملىقىنى، زېھنىي كۈچىنى قىلچە چېچىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئۇ كۆز يېشىنى تىزگىنلەپ، ئوبلاستلىق پارتكوم قوماندانلىق شتابى، ناھىيىلىك پارتكوم قوماندانلىق شتابى بىلەن بارىن يېزىسى قاتارلىق جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەر بىر تېلېفوننى شۇنچە تېز، شۇنچە توغرا ئالدىكى، بۇنىڭدىن ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. تېلېفون ئۇلاش ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتلاردا «شۈي شىنجيەن قاتارلىقلار قۇربان بولغانمىدۇ - يە» دېگەن ئوي ئۇنىڭ خىيالىدىن نۇرغۇن قېتىم چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ بۇنىڭ پاكىتقا ئايلىنىپ قېلىشىنى خالىمايتتى. ئۇ نۇرغۇن قېتىم ئېرى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىغا بەخت تىلىدى، ئۇلارنىڭ غەلىبە بىلەن قايتىپ

كىلىشكە تىلەكداشلىق بىلدۈردى. ئۇ يەنە ماشىنا يىرىم يولدا بۇزۇلۇپ قالغاندۇر ياكى كېچە قاراڭغۇ بولغاچقا يولدىن ئادىشىپ قالغاندۇر دەپ قىياس قىلىپ باقتى. بىراق، بۇ ئېھتىمالنى تېزلا ئىنكار قىلدى. شىنجيەننىڭ شوپۇرلۇق ۋە رېمونت تېخنىكىسى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى. ھەر قانچە بۇزۇق ماشىنا بولسىمۇ ھەيدەپ ماڭالايتتى، بارىن يېزىسىنىڭ يولىدا ئۇ نۇرغۇن قېتىم ماڭغان، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپمۇ تېپىپ بارالايتتى. ئۇ داۋاملىق ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى، زېھنىي كۈچىنى يەنە تېلېفون ئۇلاشقا مەركەزلەشتۈردى. تېلېفوندىن يەنە ۋۇيۇڭ، تيەن چۇڭفېڭنىڭ يوتتۇپ كەتكەنلىك خەۋىرى كەلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى «جىق» قىلدى-دە، مۇجۇلۇپ، يىڭنە سانجىغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلار ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ، ئېھتىمال ئۇلارنى توپىلاڭچىلار تۇتۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، تۇتۇپ كەتكەن بولسا، قاتتىق ئۇرۇشى، يارىدار قىلىشى، مېيىپ قىلىشى مۇمكىن... دەپ ئويلىدى-دە، ئويىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، ئىسسىق يېشى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى.

«جىرىڭ، جىرىڭ» تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى ۋېي لىننىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ تېلېفوننى تېزلا ئۇلىدى. ئۇ تىرىۋېكدىن ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت شۈي شىنجيەن قاتارلىق ئالتە كىشىنىڭ غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا ئىدى. بىراق تاكى ئەتىگەن سائەت 3 كىچە ھېچقانداق خەۋەر ئالالماي، ئۈمىدسىزلەندى. شىنجيەن زادى نەدە؟ ئۆلدىمۇ ياكى ھاياتمۇ؟ ئۇنى يىغا باستى. «جىرىڭ» تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى، ئۇ ئالمان-تالمان يىغىسىنى توختىتىپ تېلېفوننى ئۇلىدى.

شۇ ئارىدا ئۇز ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تېلېفونىستنى ۋە ۋېي لىننىڭ خىزمەتداشلىرىنى باشلاپ باش ئاپپارات بۆلۈمگە كىرىپ، ۋېي لىننى دەم ئېلىش ئۈچۈن ئالماشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ كۆتۈلمىگەن غەمخورلۇق ئۇنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى. ئۇنىڭ ئەنسىرىگەن

ئىشى پاكىتقا ئايلانغان بولمىسۇن يەنە؟ ۋېي لى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن پىكىرىنى يىغىپ، تىت-تىت بولغان كەيپىياتىنى تىزگىنلەپ، ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك، خىزمەت ئورنىدىن كېتىشنى خالىمايدىغانلىقىنى، داۋاملىق ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن ۋېي لى يولداشلىرىغا تەڭ كېلەلمەي ئالمىشىشقا ماقۇل بولدى. سۆيۈملۈك ئادەملىرىنىڭ ھايات-ماماتى، سالامەتلىكى ۋە خەۋپ-خەتىرى توغرىسىدىكى خىيال ئۇنى بەنت قىلىۋالدى. ئۇ خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە، ئۇزۇن كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۇتكۈزۈپ تاڭ ئاتقۇزدى، ئېرىنىڭ ئېنىق خەۋىرىنى كۈتتى. سائەت 10 دىن ئاشقاندا ئېرى بىلەن سىڭلىسىنىڭ ئېرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا قۇربان بولغانلىق خەۋىرىنى بىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى پارە-پارە بولدى. نېمە ئۈچۈن زور بەختسىزلىك بىر ئائىلىنىڭ بېشىغا تەڭلا كېلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئانام ئىككى كۈيئوغۇلدىن تەڭلا ئايرىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىككى قىز تەڭلا ئېرىدىن مەھرۇم قالىدۇ؟ ئۇ ئېزىلىپ، يۈرىكى لەختە-لەختە بولغان ھالدا يىغلىدى. لېكىن، ئۇ ئېرىنىڭ مۇشۇنداق پاجىئەلىك قۇربان بولۇشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ ئېرىنىڭ جەسىتى ئۈستىگە كۆز يېشى تۆكۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قايغۇسى، غەزىپى ۋە سۆيۈملۈك كىشىلىرىنىڭ سېغىنىشىنى ئىزھار قىلدى. كۆز ياشلىرى ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ھەربىي كىيىمىنى شۇپ-شۇر ھۆل قىلىۋەتتى.

شۈي شىنجيەن تىپتىنچ ياتاتتى. ساقچى شەپكىسىدىكى كاكار چاقناپ تۇراتتى. ئۇ قۇربان بولغاندا ئاران 35 ياشقا كىرگەنىدى، ئۇ قىسقىغىنە ھايات كۆچۈرۈپ، ئالدىراپ كېتىپ قالدى. لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭ پارلاق نۇر چېچىپ تۇرغان ئىسمىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ. ئۇنىڭ قۇربان بولۇشى بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىشقا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. شۇنداقلا توپىلاڭنى تىنچىتىش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت ھەققانىيەت يولىدىكى ئىشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت توغدۇرۇپ بەردى.

مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ قەبىھ جىنايەتلىرى، ياۋۇزلۇقلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆزىنى ئاچتى. ئىنقىلابىي قۇربان شۆي شىنجيەن بىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەخت-سائادىتى، تىنچلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، ئۆلگىچە تىز پۈكمەسلىكتەك ئىنقىلابىي روھى ھەر مىللەت شىنجاڭ خەلقىغە مەڭگۈ ئىلھام بېرىدۇ. خۇددى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جىن يۈنخۇينىڭ تەزىيە نۇتقىدا ئېيتقىنىدەك: «شۆي شىنجيەن قاتارلىق سەككىز ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ قەھرىمانلىق نامى ھەيۋەتلىك كۇئېنلۇندەك مەڭگۈ يوقالمايدۇ.»

ئىنقىلابىي قۇربان شۆي شىنجيەننىڭ نەتىجىلىرىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوراللىق ساقچى قىسىملىرى زۇڭبۇسى ئۇنىڭغا «چېگرا رايونىنىڭ قوغدىغۇچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى.



ئنقلابي قۇربان ۋاڭ جگپڭ

# يارقىن ھايات غۇنچىسى

## — ئىنقىلابىي قۇربان ۋاڭ جىكپىڭنىڭ تەرجىمىھالى

لى شىشۇن

1

1990-يىل 4-ئاينىڭ 5-كۈنى، چوكانتال بايرىمى كۈنى. قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ئاقتو چېگرا مۇداپىئە دادۈيى بۇلۇڭكۆل پەيچۇسوسىنىڭ كەسپىي جىڭشىجاڭى ۋاڭ جىكپىڭ نوي قىلغىلى تۆت ئاي بولغان خوتۇنىغا ھەمراھ بولۇپ ئاتۇشقا قېيىن ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى سۈپۈرۈش ئۈچۈن بېرىشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقاندا، بارىن يېزىسىدا بىر ئوچۇم بۇزۇقلار قۇتراتقۇلۇق قىلىپ جېدەل چىقارغانلىقى، ئەھۋالنىڭ ئىنتايىن جىددىي ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. بۇ چاغدا ۋاڭ جىكپىڭ دادۈيدىكى ۋاقىتلىق ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئاياغلاشتۇرغان، رەھبەرلىكمۇ ئۇنىڭ بۇلۇڭكۆل پەيچۇسوسىغا قايتىپ كېتىشىنى ئۇقتۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئەسلىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە خوتۇنىغا ھەمراھ بولۇپ ئاتۇشقا قەبرە سۈپۈرۈشكە بېرىش ئىشى تۇراتتى. لېكىن، بارىن يېزىسىدا ئەھۋالنىڭ جىددىي ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر بۇ ياش ئەسكەرنىڭ يادىغا دەرھال ھەربىيلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كەلتۈردى، ئۇنى سەگەكلەشتۈردى. ئۇ دەرھال پىلانىنى ئۆزگەرتىپ خوتۇنىغا تەسەللىي بېرىپ، ئۆزىنىڭ بىللە بارالمايدىغانلىقىنى، قىسىم ھازىر ئۇرۇش ھالىتىگە كىرگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئادەمگە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان «مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە قانداقمۇ قىسىمدىن ئايرىلىپ كېتەلەيمەن!» دېدى.

ۋاڭ جىكپىڭ خوتۇنىنى ئۆزىتىپ قويۇپ، دەرھال دادۈيگە قايتىپ، دادۈيدىن ئۆزىنى ئېلىپ قېلىنىشىنى، ۋەزىپە بېرىشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلدى.

دادۈي ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى.

شۇ كۈنى كەچ سائەت 23 تە ئۇ ۋە شۇي شىنجيەن، لۇ جيەنخۇي، گو شۇۋبىنلار ئون نەچچە ج خ كادىر ـ ساقچىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن قورشاپ ئېلىنغانلىقى ۋە ئۇرۇلغانلىقىنى، ئەھۋالنىڭ جىددى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىنى ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا، مۇھاسىرىدە قالغان يولداشلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئەۋەتىشنى دەرھال تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلدى.

ئەھۋال جىددى ھەمدە ئېغىر بولغاچقا، رەھبەرلىك ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى ھەمدە ئۇلارغا كۆپرەك ئېھتىيات قىلىشنى تاپىلىدى. ۋاڭ جىڭپىڭ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى باش لىڭشىتىپ جىددىي قىياپەتتە ئېغىر ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالدى، سەككىز ئورۇنلۇق «بېيجىڭ» ماركىلىق پىكاپ بىلەن بارىن يېزىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ۋاڭ جىڭپىڭ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى ۋەزىپە خەۋپلىك ئىدى. توپىلاڭچىلارنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كەتكەنىدى، ئۇلار «بارىن يېزىسىنى ئىشغال قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرىمىز» دەپ ئەسەبىيلەرچە شوئار توۋلاپ چىققانىدى. ھالبۇكى ج خ كادىر ـ ساقچىلىرى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، باشتىن ئاخىر نەسىھەت قىلىش، تەربىيە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللاندى.

ئەسەبىيلەشكەن، غالجىرلاشقان توپىلاڭچىلار ئالدىدا جەڭچىلىرىمىز ھاقارەتكە چىداپ، ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىگە چۈشۈپ قالغانىدى.

بۇلارنى ۋاڭ جىڭپىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ھەمدە ئويلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئىنتايىن خەۋپلىك ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئالدىدىكى پەيتتە ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدە ئىشلەيدىغان ئاغىنىسى دۇ جىفېڭنى ئۇچرىتىپ

قىلىپ، ئۇنىڭغا «مۇبادا قايتىپ كېلەلمىسەم، ئائىلەمدىكىلەرگە ئېيتىپ قويغىن، مېنىڭ ئىقتىسادىي ھېساب دەپتەرلىرىم قاچىلانغان چامادانىنى ئۇبدان ساقلىسۇن، تەشكىلگە تاپشۇرۇپ بەرسۇن» دېدى.

بۇ بىر ھەربىينىڭ سەگەكلىكمۇ ياكى ئالدىن بىلگەنلىكمۇ؟ ياكى بولمىسا، بىر ھەربىينىڭ ئۆلۈمدىن قورقماي، دۆلەت مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەن يۈكسەك ئىدىيىسىمۇ؟ ئاشۇ قىسقىغىنە نەچچە ئېغىز سۆز ۋاڭ جىكېڭنىڭ پۈتۈن ئىدىيىسىنى ۋە تەسراتىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتى بولۇپ قالدى.

دېگەندەك پىنكاپ بارىن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بىر يېرىم كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى قىزىل كۆۋرۈك دېگەن جايدا 100 — 200 چە توپىلاڭچى تەرىپىدىن توسۇۋېلىندى. غالجىرلاشقان توپىلاڭچىلار: «قاراڭلار، خۇدايىم بۈگۈن بىزگە تۆت كاپىرنى ئەۋەتىپتۇ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى!» دەپ ۋارقىراشتى. ئۇلار توقماق، قىلىچ، خەنجەرلىرىنى يالاڭلىتىپ ئەسەبىيلەشكەن ھالدا باستۇرۇپ كېلىپ، بۇلارنى قورشىۋالدى. ھايت ـ ھۇيت دېگىچە توقماقلار ئۆچۈپ، قىلىچلار پارقىراپ، ۋاڭ جىكېڭنىڭ قاتارلىق كىشىلەر قاتمۇقات مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆزىنى قاچۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارغا توۋلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقىنى ئەسكەرتتى.

لېكىن توپىلاڭچىلار پىسەنت قىلمىدى. ئەكسىچە تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، غالجىرلاشتى.

مۇشۇنداق ئىنتايىن جىددىي ئەھۋالدىمۇ ۋاڭ جىكېڭ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئوق چىقارمىدى. ئۆزلىرىنىڭ ھايات ـ ماماتلىقىغا ئالاقىدار ئاخىرقى پەيتتىمۇ ئۇلار پارتىيىنىڭ سىياسىتى ۋە يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئويلىدى ـ يۇ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ۋە خەۋپسىزلىكىنى زادىلا ئويلىمىدى.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياش ھاياتى ئارقىلىق ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىدى. مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار

ئالداپ، بېخۇتلاشتۇرۇۋەتكەن قەلبلەرنى ئويغاتتى، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان چەكسىز قىلمىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كەڭ تۈردە ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى.

توپىلاڭنى تىنچىتىش جېڭى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، كىشىلەر ۋاڭ جىڭپىڭنىڭ جەسىتىنى رەتلىگەندە ئۇنىڭ قورالنى توپىلاڭچىلارنىڭ بۇلاپ كېتىشىدىن قوغدىغانلىقى ئۈچۈن، تۆت بارمىقى كېسىپ تاشلانغانلىقىنى، ئوڭ قولىنىڭ تۆت يېرىگە قىلىچ چېپىلغانلىقىنى، پاتىكىغا تۆت قېتىم قىلىچ چېپىلغانلىقىنى، يارىنىڭ 6 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنىنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىپايان زېمىنىغا تۆكتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى ئارقىلىق ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان ئون مىڭ چاقىرىملىق سەددىچىننى قۇردى.

ئۇ دەۋرىمىزدىكى ئىنقىلابىي ھەربىيلەرنىڭ شان-شەرىپى ۋە غۇرۇرى.

1990-يىل 6-ئاينىڭ 5-كۈنى، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى زۇڭبۇسى بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربان ۋاڭ جىڭپىڭغا «چېگرا رايونىنىڭ قوغدىغۇچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى.

2

1963-يىل 10-ئايدا، ۋاڭ جىڭپىڭ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەننى 110-تۇەندىكى پېشقەدەم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىسى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بۇ ئاددىي-ساددا، ئاقكۆڭۈل، جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى ۋە گۈزەللىكىگە ئىگە ئائىلە ئىدى.

ۋاڭ جىڭپىڭ ئائىلىسىدىكى تۆت بالىنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدى. لېكىن، ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ۋاڭ جىڭپىڭ بىر تەرەپتىن ئوقۇسا، بىر تەرەپتىن دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ۋە تەتىلدە دائىم ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشتى، شۇڭا كىچىكىدىن تارتىپلا تۇرمۇشنىڭ جاپالىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغانىدى.

ۋاڭ جىڭپىڭنىڭ ئاتا-ئانىسى بالىلىرىغا قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ۋاڭ جىڭپىڭ يېڭىلا مەكتەپكە كىرگەندە بىر قېتىم، ۋاڭ جىڭپىڭنىڭ دادىسى ۋاڭ جىڭپىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئالمىسىنى ئوغرىلاپتۇ دېگەن يالغان-ياۋىداق سۆزنى ئاڭلاپ قېلىپ قاتتىق ئاچچىقلانغان. ۋاڭ جىڭپىڭ مەكتەپتىن كەلگەن ھامان ئاتا-ئانىسى ئۇنى بىر نەچچىنى ئۇرغان. ۋاڭ جىڭپىڭ دەرھال ئۆزىنى ئاقلىغاندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسى بالىغا ئۇۋال قىلىنغانلىقىنى بىلگەن. بۇ ئىش ۋاڭ جىڭپىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. شۇڭا ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ياخشى ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى ئۇنى تەسىرلەندۈرگەن ۋە تاۋلىغان.

ۋاڭ جىڭپىڭ يەنە باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى دەپ بىلىدىغان ياخشى پەزىلەتنى ئۆگەنگەندى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ قوشنىسى ياڭ شۇلياڭ بوۋاي ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى يەتمىش ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ بالىسى يوق ئىدى. تۇرمۇش قىيىنچىلىقىمۇ ئېغىر ئىدى. بۇنى كۆرگەن ۋاڭ جىڭپىڭ دائىم ئۇلارغا سۇ توشۇپ بەردى، كۈچى يېتىدىغان ئىشلارنى قىلىشىپ بېرىپ تۇردى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ئاتا-ئانىسى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ جىڭپىڭ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدى. ياخشى ئائىلە مۇھىتى ۋاڭ جىڭپىڭدا باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆز خۇشاللىقى دەپ بىلىدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈردى. ئۇ ئەسكەر بولغاندىن كېيىن، ھېيت-بايراملاردا ياڭ شۇلياڭغا ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىغا پارچە-پۇرات خەجلەيدىغان پۇل

ئەۋەتىپ تۇردى. ئائىلىسىنى يوقلاپ بارغاندا، ۋاقىت چىقىرىپ ئۇلارنىمۇ يوقلاپ نەرسە-كېرەك ئېلىپ ئاپىرىپ بەردى. ۋاڭجىكپىڭنىڭ قۇربان بولغانلىق خەۋىرى دېھقانچىلىق مەيدانىغا يەتكەندىن كېيىن، ياڭ شۇلياڭ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئىنتايىن قايغۇغا چۆمدى. موماي چەكسىز ھەسرەتلىنىپ ئورنىدىن تۇرالماي، ئۇز ئوغلى ۋاپات بولغاندەك داد-پەرياد كۆتۈردى.

ۋاڭ جىكپىڭنىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى دەپ بىلىدىغان پەزىلىتى قىسىمدىمۇ ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ تەرىپلەندى. ئۇ مۇجى ۋە بۇلۇڭكۇل چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسولىرىدا ئىشلىگەن چاغدا، ھەر قېتىم تاغدىن چۈشكەندە، قىسىمنىڭ مال-ئەشيا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، تەرەپ-تەرەپكە قاتراپ، جەڭچىلەرنىڭ خەت-پوسۇلكىلىرىنى سالدى. پۇلىنى ئامانەت قويدى. جەڭچىلەر تاپشۇرغان بۇيۇملارنى سېتىۋالدى. بۇ ئىشلار ئۈچۈن ھەمىشە دېگۈدەك كۈنبويى قاتراپ، ھېرىپ تەرگە چۆمۈپ كېتەتتى.

بىر قېتىم، جەڭچى يەن يۇجۇننىڭ ئائىلىسىدە بەختكە قارشى ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، نۇرغۇن نەرسە-كېرەكلىرى كۆيۈپ كېتىدۇ. يەن يۇجۇن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئىنتايىن بىئارام بولىدۇ. بىراق ئائىلىسىگە ئاز-تولا ياردەم بېرەلمەي، روھى چۈشۈپلا كېتىدۇ. بىر نەچچە كۈنگىچە تۇنجۇقۇپ يۈرىدۇ. ۋاڭ جىكپىڭ بۇنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ 130 يۈەن پۇلىنى يەن يۇجۇننىڭ نامىدا ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي يەن يۇجۇنگە ئائىلىسىدىن خەت كەلگەندىن كېيىنلا، يەن يۇجۇن ئۆزىگە ۋاڭ جىكپىڭنىڭ ياردەم قىلغانلىقىنى بىلىپ، كۆزىگە ياش ئېلىپ، ۋاڭ جىكپىڭنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ: «سىز مېنىڭ تۇغقان ئاكامدىنمۇ مېھرىبان ئىكەنسىز» دەيدۇ.

ۋاڭ جىكپىڭ كۆلۈپ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ياردەم

بېرەلىگەنلىكىدىن كۆڭلى ئىمىن تاپىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا
تېخىمۇ بەخت يارىتىشنى مەقسەت قىلىپ ياشىشى كېرەكلىكىنى
ھېس قىلىدۇ.

1990-يىل 3-ئايدا ۋاڭ جىڭپىڭ ئاقتو ناھىيىلىك قۇراللىق ساقچى
قىسىم دادۇيىگە خىزمەتكە ۋاقىتلىق ياردەم بېرىش ئۈچۈن كېلىدۇ.
دادۇي ئۇنىڭ بىلەن مۇچى پەيچۇسونىڭ خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى گو
شۈۋبىندىن بىرەيلەننى دادۇيدە ئېلىپ قېلىشنى قارار قىلىدۇ. شۇ چاغدا
بەزىلەر سىلەر يېڭىلا توي قىلدىڭلار، خوتۇنۇڭ ناھىيىدە، سەن
تاغدا، ئايدا ئاران بىر قېتىم كېلەلەيسەن، بىز ئامال قىلىپ دادۇيدە قال
دەيدۇ. ۋاڭ جىڭپىڭنىڭ ئاغىنىلىرى: ئەر-ئايال بۆلۈنۈپ تۇرۇش
مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەر يېڭى توي قىلغان تۇرساڭلار
دەيدۇ. ۋاڭ جىڭپىڭ بۇلارنى ئاڭلاپ كۈلۈپلا قويۇپ: مەن يەنىلا تاغقا
كېتىشىم كېرەك، گو شۈۋبىنگە يۆتكىلىش نۆۋىتىنى ئۆتۈنۈپ
بېرىشىم كېرەك، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، مەن توي قىلىۋالدىم.
خوتۇنۇم بار، لېكىن گو شۈۋبىن نەچچە قىز بىلەن سۆزلەشكەن
بولسىمۇ ھەممىسى ئۇنى تاشلىۋەتتى. ئۇ ناھىيىدە بولسا، بۇ مەسىلىنى ھەل
قىلىش ئاسانراق بولىدۇ، — دەيدۇ.

ۋاڭ جىڭپىڭنىڭ سۆزى باشقىلارنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ. ئۇنىڭ
سۆزىنى ئاڭلىغانلار ئۇنىڭ ئۆيى ۋە پەزىلىتىدىن ھەممە ئىشتا
باشقىلارنى كۆزدە تۇتۇش روھىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ.

3

ۋاڭ جىڭپىڭ 1980-يىلى 10-ئايدا ھەربىي قىسىمغا كىردى.
1981-يىلى 9-ئايدا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىردى.
1983-يىلى 6-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىگە كىردى.

ئۇ ھەربىي قىسىمغا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىگە ئىنتايىن
قاتتىق تەلەپ قويۇپ، لاياقەتلىك قوراللىق ساقچى قىسىم

جەڭچىسى بولۇشقا تىرىشتى. ئۇ ئەمەلىيلا ھەربىي قىسمىغا كىرگەندە، مەشىق مەيدانىدا، ئۆمىلەش ۋە مۇشتلىشىشتا يولۋاستەك باتۇر بولدى. تومۇز ئاپتاپتا بولسۇن، قۇم-بوراندا بولسۇن جاپا چەكتىم، ھاردىم-تالدىم دەپ زارلاپ باقمىدى. ھەربىي تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، مۇنتىزىم مەشىقتىن تاشقىرى، يەنە ئۆزى يالغۇز مەشىق قىلدى. جاپالىق تەردىن ئاقىۋەت نەتىجە ھاسىل قىلدى. قىسمىغا كىرگەن تۇنجى يىلىلا يېڭى ئەسكەرلەر مەشىقىدە ئۈلگە بولۇپ باھالاندى.

چېگرا مۇداپىئە قوراللىق ساقچىلىرىنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى چەت، تاغلىق چېگرا بويىغا جايلاشقان. چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسولىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېڭىز يۈزىدىن 3000-4000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تىك قىيالارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇ جايلارنىڭ تۇرمۇشى جاپالىق، قاتنىشى قولايسىز، ھەتتا ئوكسىگېنمۇ يېتىشمەيدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئېگىز تاغلىق رايون مۇھىتىنىڭ ئەكس تەسىرى تۈپەيلىدىن ھەر خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ تۇراتتى. يېڭى ئەسكەرلەر مەشىقى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ۋاڭ جىڭپىڭ رەھبەرلىككە تەشەببۇسكارلىق بىلەن دېڭىز يۈزىدىن 3900 مېتىر ئېگىز جايدىكى مۇجى چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسوسىغا بېرىپ ئىشلەش تەلىپىنى قويدى.

1985-يىلى ۋاڭ جىڭپىڭ مۇجى چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسوسىنىڭ خوجىلىق بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بۇلۇڭكۆل چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسوسىنىڭ خوجىلىق بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

ئۇ بۇ ئىككى ئورۇندا خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى بولۇپ تۇرغاندا، باش چۆكۈرۈپ، جاپادىن، ھېرىش-چارچاشتىن قورقماي ئىشلىدى. تاغ ئېگىز، يول يىراق بولغاچقا، چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسوسىنىڭ شارائىتى خېلى جاپالىق ئىدى؛ بولۇپمۇ جەڭچىلەرنىڭ تامىقى مەسىلىسىدە

ئۆرگۈن قىينچىلىق بار ئىدى. يازدا تاغقا ئىلىپ چىقىلىدىغان كۆكتاتلار يولدا تولا چايقىلىدىغانلىقتىن يېرىمىدىن كۆپرەكى بۇزۇلۇپ كېتەتتى. دادۇيىنىڭ ئاپتوموبىلى ئەبجەقى چىققان كونا ئاپتوموبىل بولغاچقا، دائىم كاشىلا چىقىپ، توختاپ قالاتتى. ۋاڭ جىڭپىڭ يېڭى كۆكتات سېتىۋېلىش ئۈچۈن تاغدىن چۈشكەندە، تومۇز ئىسسىقتا ئاسفالت ياتقۇزۇلغان يول بويىغا چىقىپ ماشىنا توساشقا مەجبۇر بولاتتى. بەزىدە 6-7 سائەتتىمۇ ماشىنا تاپالماي قالاتتى. بىراق ئۇ تاغدىن چۈشۈپلا ئۇياق-بۇياققا چاپاتتى. 1988-يىلى ۋاڭ جىڭپىڭ خوتۇنى بىلەن ئەمدىلا تونۇشۇپ مۇھەببەت باغلاۋاتقانىدى. بىر قېتىم تاغدىن چۈشكەندىن كېيىن بىر ئاغىنىسى توسۇۋېلىپ ئۇنى 1-2 كۈن كۆپرەك تۇر، ئويبېكتىڭ بىلەن ئوبدانراق پاراڭلىشىۋال، سەن مۇنداق شاپاشلاپ كېلىپ، ئالدىراپ كېتىپ يۈرۈۋەرسەڭ ئويبېكتىڭ بىلەن قانداق قىلىپ مۇھەببەت ئورنىتالايسەن، دېگەندە ۋاڭ جىڭپىڭ ئاغىنىسىنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، بىراق يەنە كۈلۈپ تۇرۇپ، دەرھال مېڭىشىم كېرەك. بىرىنچىدىن، كۈن بەك ئىسسىق، كۆكتاتلارنى ساقلىغىلى بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، تاغدا سۇمۇ تۈگىگەن، چەكچىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى ساقلاپ تۇرىدۇ، دەيدۇ.

ۋاڭ جىڭپىڭ بۇ سۆزنى قىلىپ بولۇپلا دەرھال يولغا چىقىدۇ.

مۇجى قاراۋۇلخانىسىغا بارىدىغان تاشيول ناھايىتى ناچار ئىدى. 80 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان تاشلىق تاغ يولىدا ماشىنا تۆت سائەتتىن ئارتۇق ماڭاتتى. يەنە ئوڭغۇل-دوڭغۇل تاشلىق سايدىن، 39 ئەگمىدىن ئۆتەتتى. ئاپتوموبىل ھەمىشە يېرىم يولدا بۇزۇلۇپ قېلىپ، نەچچە سائەتلەپ، ھەتتا يېرىم كېچىگىچە رېمونت قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ۋاڭ جىڭپىڭ مۇشۇ ئەگرى-توقاي، بىر قېتىم ماڭغان ئادەم ئىككىنچىلەپ ماڭماسلىققا قەسەم ئىچىدىغان يولدا قېقىلىپ، سوقۇلۇپ، ئايلاپ، يىللاپ ماڭدى. ئۇ بىردە ئاچ، بىردە توق يۈرگەچكە ئېغىر ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. ئېگىز تاغلىق، سوغۇق

رايون مۇھەممەدنىڭ ئەكس تەسىرى تۈپەيلىدىن رىماتىزىم بولۇپ قېلىپ، يازدا يۈك ئىشتاننى سالالمايدىغان بولۇپ قالدى. ۋەھالەنكى، ئۇ تېخىلا يىگىرمە نەچچە ياشقا كىرگەن يىگىت ئىدى.

لېكىن، ئۇ يەنىلا جاپاغا چىداپ ئىشلەۋەردى، ئۇنىسىز تاغ چوققىلىرىغا ھەمراھ بولدى. بىرمۇنچە ئىسسىق-سوغۇق، ئوچۇق-تۇتۇق كۈنلەرنى ئۆزىتىپ، نۇرغۇن سەھەر ۋە كەچلەرنى كۈتۈۋالدى. ئۇ ئۇنىڭ شوئار توۋلىغىنى يوق، ئوچۇقچىلىقتا خالايىقنىڭ ئالدىدا نۇتۇق سۆزلىگىنىمۇ يوق، بەلكى جىمجىت مۇداپىئە قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىسىنىڭ بۇرچىنى ساداقەت بىلەن ئادا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى جىمجىت مۇداپىئە ئىشلىرىغا باتۇرلۇق بىلەن بېغىشلىدى.

ئۇ خوجىلىق بۆلۈم باشلىقلىق خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلىنىش-ئىشلەنمەسلىكىنىڭ جەڭچىلەرنىڭ سالامەتلىكى ۋە روھىي كەيپىياتىغا، قىسىمدىكى جەڭچىلەرنىڭ جاسارىتى ۋە ئۇرۇش تەييارلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ بارلىق چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جەڭچىلەرنىڭ تاماقنى ياخشىلىدى. يىگىرمە نەچچە ياشلىق بىر يىگىت جەڭچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئاتا-ئانا بالىسىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈندى.

ئۇ تاماق پىشۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، جەڭچىلەرنىڭ تاماقىنىڭ تەمىنى ياخشىلىدى. ئۇ يەنە سەي، ئۇرۇق چىلاش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ، جەڭچىلەرنىڭ قىشلىق تاماقىنىڭ تۈرىنى كۆپەيتتى. ئۇنىڭ جاپالىق ئىرىشچانلىقى يولداشلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇ باشقۇرغان ئاشخانا ئىككى قېتىم جىدۇي تەرىپىدىن «بەشتە ياخشى ئاشخانا» دەپ باھالاندى. 1987-يىلى ئۇ ئۆزى «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» ۋە «ئاساسىي قاتلامدىكى مۇنەۋۋەر پىدائىي ئەسكەر» بولۇپ باھالاندى.

ۋاڭ جىگپىڭ كىشىلەرگە ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

لېكىن ھەق-ناھەق مەسىلىسىدە پرىنسىپتا چىڭ تۇراتتى. كۆڭۈلچەكلىك قىلمايتتى. ئۇ خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى بولۇپ تۇرغاندا، بەزى يولداشلار مالىيە-بۇغالتىرلىق تۈزۈمى بويىچە ئىش قىلماي، كاماندىروۋكا خىزمىتىنى كۆپرەك مەلۇم قىلغاندا، ۋاڭ جىڭپىڭ ئۇنىڭغا قەتئىي يول قويمىدى. شۇ سەۋەبتىن بەزىلەر ئۇنىڭدىن نارازى بولدى، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بولۇپمۇ ۋاڭ جىڭپىڭنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى نەتىجىسىدە، بۇ يولداشلار ئاقىۋەت ۋاڭ جىڭپىڭنى چۈشەندى. ۋاڭ جىڭپىڭنى باشقىلارنى تۈز يولدا مېڭىشقا دەۋەت قىلىپلا قالماي، ئۆزىمۇ تۈز يولدا ماڭىدىغان راۋۇرۇس ئادەم ئىكەن دەپ مەدھىيىلىدى.

ۋاڭ جىڭپىڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، دادۇي ئۇنىڭ ئۆيىگە قويۇپ قويغان مالىيە ھېساباتى بار چامادانىنى رەتلىگەندە، ھېساباتنىڭ ئېنىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق مەسىلە يوقلۇقىنى كۆردى.

4

ۋاڭ جىڭپىڭ ئەسكەر بولغان ئون يىلنىڭ مۇتلەق كۆپ ۋاقتىنى قاقاس، جىمجىت چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىدا ئۆتكۈزدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەتەننى قوغداشتىن ئىبارەت ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى بىلگەنلىكى، چېگرا مۇداپىئەسىدە جاپالىق چاغلارنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن تۇرمۇشنى، تۇغقانلىرىنى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيەتتى، بىلىمگە، ئالغا بېسىشقا ئىنتىلەتتى.

ۋاڭ جىڭپىڭ بالىلىق چاغلىرىدا ئائىلىسى قىيىنچىلىق ئىچىدە ياشايتتى. ئاتا-ئانىسى جاپا چەككەنىدى. شۇڭا ئۇ ھەربىي بولغاندىن كېيىن، چوڭلارنىڭ تارتقان جاپاسىنى چۈشەندى. ئۇ ھەر قېتىم ئائىلىسىنى يوقلاپ بارغاندا، بىر ئامال قىلىپ دادىسىغا دورا ئېلىۋالاتتى. ئائىلىسىگە بارغاندىن كېيىن، جېنىنىڭ بارىچە ئاتا-ئانىسىنىڭ زىممىسىدىكى ئائىلە ئىشلىرىنى كۆپرەك قىلاتتى. مەيلى قانداقلا ئىش بولمىسۇن

تالدشىپ تۇرۇپ ئىشلەيتتى. بىر يىلى باھار بايرىمى مەزگىلىدە، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر چوشقا قوتىنى چاپماقچى بولىدۇ، ۋاڭ جىنگپىڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھاۋانىڭ سوغۇق، يەرنىڭ توڭلۇقىغا قارىماي، ياختىلىق چاپىنىنى سېلىپ تاشلاپ ئىشلەشكە كىرىشىدۇ. ئاتا - ئانىسى ئوغلىغا چىدىماي نەسىھەت قىلىسىمۇ، زادىلا ئاڭلىمايدۇ. ئاتا - ئانىسى ئوغلىنىڭ ئۆزلىرى ئالدىدا ساداقىتىنى بىلدۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئادەتتىكى چاغلاردا ۋاڭ جىنگپىڭ ئائىلىسىگە خەت ئەۋەتسە ئاكىسىغا ئۆزىنىڭ يىراق جايدا قىسىمدا ئىكەنلىكىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ خىزمىتىدە بولالمايدىغانلىقىنى، ئاكىسىنىڭ يۈكىنى كۆپرەك كۆتۈرۈپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ سالامەتلىكىگە دىققەت قىلىشىنى، ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆبدان ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ھەمىشە تاپىلايتتى.

1990 - يىل باھار بايرىمىدا ۋاڭ جىنگپىڭ ئائىلىسىنى يوقلاپ بېرىپ، قىسىمغا قايتماقچى بولغاندا، ئانىسى يىغىسىنى يۇتۇپ، ئوغلىنىڭ بىر نەچچە كۈن كۆپرەك تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلغاندا ۋاڭ جىنگپىڭ: «ئانا، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ھازىر مەن توي قىلغان بولسامۇ، ئاران ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئۆتۈغان يوقلاشقا كېلەلەيمەن. بىراق مەن سىلەرنى ئاقتۇغا ئېلىپ كەتسەم بولىدۇ-غۇ، بۇ يىل 10 - ئايدا جەزمەن سىلەرنى ئالغىلى كېلىمەن. مەن خىزمىتىمگە دەخلى قىلسام بولمايدۇ. ھازىر تاغدا ئاتلارنىڭ يېمى تۈگەي دېدى. قايتىپ كەتمىسەم، خىزمەتنى قانداق قىلىمەن» دەيدۇ.

ۋاڭ جىنگپىڭ ياش تۇكۇپ تۇرغان سۆيۈملۈك كىشىلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئاقتۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، كارتۇات ياسىتىش، يوتقان - كۆرپە تىكتۈرۈش تەرەددۇتىغا كىرىشىدۇ. ئاتا - ئانىسىنى ئېلىپ كېلىپ، بىر نەچچە كۈن ياخشى كۈتۈپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى خىيال قىلىدۇ. بۇ خىيالنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟

ۋاڭ جىنگپىڭ ئۇزاق مۇددەت ئادىمزات ئاز ئۇچرايدىغان، ئېگىز

ئاغدىكى قاراۋۇلخانىدا بىر رەسىمدىلا تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەچكە، تۇرمۇشنى بەكمۇ سۆيەتتى. خوتۇنى ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت باغلىغان چاغلاردىلا ۋاڭ جىڭپىڭنىڭ ئاسلانىنى، كوچۇكىنى، ئۇششاق-چۈششەك لۆي زىننەت بۇيۇملىرىنى، بولۇپمۇ باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى ئەركىلىتىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايقىغان. ۋاڭ جىڭپىڭ ھەمىشە باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئوينىتاتتى. ئۇ كىيىمنى پاكىز، رەتلىك كىيەتتى. ئۇنىڭ سىرتقى ھەربىي كىيىمى ھەمىشە پاكىز تۇراتتى. قۇربان بولۇشتىن بىر كۈن ئىلگىرى چۈشتىن بۇرۇن ئۇ يەنە نەچچە تەشتەك گۈل سېتىۋېلىپ، ئۇبدان ئۇستۇرەيلى دېگەنىدى.

ۋاڭ جىڭپىڭنىڭ خوتۇنىمۇ ئاقتۇ ناھىيىسىدىن ئىدى، بىراق ئۇ چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىغا بېرىپ باقمىغانىدى، لېكىن ئۇ يەرنىڭ تۇرمۇشى جاپالىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ۋاڭ جىڭپىڭدىن ئۆزىنى ئۇلار تۇرغان قاراۋۇلخانىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئاپىرىشنى تەلەپ قىلغانىدى. بىراق ۋاڭ جىڭپىڭ خوتۇنى بارسا جاپالىق تۇرمۇشنى كۆرۈپ، ئەنسىرەپ يۈرۈشىدىن قورقۇپ، قاراۋۇلخانىنى ناھايىتى ياخشى جاي، بولۇپمۇ باھار كېلىش بىلەن ياپيېشىللىق، گۈلزارلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل دەپ ماختاپ بەرگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ گىياھ ئۆسمەيدىغان جاي ئىدى، پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەردىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تاغ ئېگىز، بوران قاتتىق، كۈن نۇرى كۈچلۈك بولغانلىقتىن ۋاڭ جىڭپىڭ كۆيۈپ، قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇ خوتۇنىغا: مېنىڭ چىرايىم سەت، پارىژدىكى «مەريەم ئانا مۇناستىرى» نىڭ داڭچىسىنىڭ چىرايىدىن سەللا تۈزۈكرەك دېگەنىدى. بەزىلەر چاقچاق قىلىپ، ۋاڭ جىڭپىڭنى ئاغرىقلاردىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ، دېگەندە، ئۇ كۈلۈپ: «چىرايىنىڭ قارىلىقى تەنىنىڭ تېمەنلىكىغۇ» دەيتتى.

قاراۋۇلخانىنىڭ شارائىتى جاپالىق بولغاچقا، بولۇپمۇ خىزمەت جىددىي بولغاچقا، ئۆگىنىش مۇھىتى ناچار، ۋاقىت ئاز ئىدى، لېكىن ۋاڭ

جىگىتنىڭ ئۆگىنىشكە بېرىلىپ، بىلىمگە ئىنتىلىپ كەلدى. 1985 ـ يىلى ئۇ ياچېيكا ئاچقان كادىرلارنىڭ مەدەنيەت بىلىمىنى تولۇقلاش كۇرسىدا ئۆگەنگەن مەزگىلدە، قېتىرقىنىپ بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بىر تۇتاش ئالغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتتۈرگەنلىك ئوقۇش تارىخىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ داۋاملىق تىرىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭلار ئالىي مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلىق كۆردى. تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن، ئۇ تاغدىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتقان چاغلاردا يەنىلا ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە ھەتتا تاڭ ئاتقىچە ئۆگەندى. ئۇنىڭ چىرىغى ئۆلار تۇرغان بىنادا ئەڭ كېيىن ئۆچەتتى. ئۇ ئاغىنىلىرىگە: «تىرىشىپ ئۆگەنمىگەندە، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشقىلى بولمايدۇ، مېنىڭ ئاساسىم ناچار، تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگەنمىسەم بولمايدۇ» دەيتتى.

ئۇنىڭ جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئۆگىنىش روھى سەپداشلىرى ۋە ئاغىنىلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى، بۇ ئىنقىلابىي ھەربىيلەرنىڭ ئۆگىنىشكە، ئالغا بېسىشقا ئىنتىلىدىغان ئىنقىلابىي روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى.

ئۇ ئۇزاق مۇددەت چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا ياشىغاچقا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قىزغىن سۆيۈش جەھەتتىكى ئۇيۇشقاقلىقىنى چۈشىنەتتى، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنۇش خەۋپىنىمۇ چوڭقۇر بىلەتتى.

ئۇ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى، ئادەتتە كىتاب، گېزىت ئوقۇپ، دۇنيادىكى مۇھىم ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىدا ھەمىشە ئېقىم مەسىلىلىرىگە ئائىت كىتابلار، سىياسىي كىتابلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى «تارىخىي نامايەندە» دېگەن كىتابنى

زادىلا قولىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇنى ئۇدا نەچچە كۈن ئوقۇپ چىققانىدى. بۈلتۈر ئۈرۈمچىدە 19 - ماي ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ۋاڭ جىڭكېنىڭ بۇ لوكچەكلەرنىڭ قىلمىشلىرىدىن قاتتىق غەزەپلەندى، شۇنداقلا بايرىقى روشەن هالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە هەر مىللەت خەلقى تەرەپتە تۇردى. ئۇ سەپداشلىرىغا مۇنداق دېدى:

— مۇبادا كېيىنچە، ماڭىمۇ پۇرسەت كەلسە، بۇ لوكچەكلەرنى جەزمەن ئۆز قولۇم بىلەن جازالايتتىم. خەلق ئۈچۈن بارلىقىمنى بېغىشلاشقا رازى ئىدىم!

يولداش ۋاڭ جىڭكېنىڭ شۇنداق دېدى هەمدە شۇنداق قىلدى. بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئۆزىنىڭ قەتئىي ئىرادىلىك ۋەسىيىتىنى قالدۇردى. بۇ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋەتەن ۋە خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى هەممىدىن ئەلا بىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى قوغداشقا هەر دائىم تەييار تۇرىدىغان يۈكسەك ئىدىيىسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي هەرىكىتى ئارقىلىق كىشىلىك ئۆمرىنىڭ شانلىق داستانىنى يازدى، قەتئىي سىياسىي مەيدانى ۋە ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەيدىغان، هېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەهرىمانلىق جاسارىتىنى نامايان قىلدى.

ئىنقىلابىي قۇربان ۋاڭ جىڭكېنىڭ هەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ هايات!



ئىنقىلابىي قۇربان لۇ جيەنخۇي

# ھەربىينىڭ خىسلىتى

## — ئىنقىلابىي قۇربان لۇ جيەنخۇيىنىڭ تەرجىمھالى

مېڭ شيەندىيەن

ئىنقىلابىي قۇربان لۇ جيەنخۇيىنىڭ خاتىرە دەپتىرىدە، ئۇنىڭ خوتۇنىغا يازغان مۇنداق بىر پارچە شېئىرى بار:

ھەربىينىڭ ئايالىنىڭ يېرىم ئېرى بار،
ھەربىينىڭ بالىسىنىڭ يېرىم دادىسى.
ئوخشايدۇ ئاق كەپتەرگە ھەربىيلەر شۇنچە،
كېتىدۇ ئۇ ئايالى كۆزنى ئاچقۇچە،
قالىدۇ دىل قېتىدا ئايىنىڭ سىماسى.

ئانىسى دەرد تارتقاندا ھىجران دەستىدىن،
ئىشىن بىلگەن ئوغۇل شۇ دەم بولار ھەمدەمدە.
ياش تۆكۈپ ئانا دەيدۇ ئوغلىغا غەمدە:
داداڭ بار شۇ كۆرۈنمەس ئاينىڭ كەينىدە.

بۇ قىسقىغىنە شېئىردا ئىنقىلابىي قۇربان لۇ جيەنخۇيىنىڭ خوتۇنىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە خىجىلچىلىقى ئىپادىلەنگەن. ئۇ خوتۇنىغا ئېيتىمۇ كۆپ ئەرلىك مېھرىنى كۆرسىتەلمىگەن ۋە ئۇنىڭ بېشىنى سىلىيالمىغان، ئەمدىلا يېشىغا يېتىپ تۇت ئايلىق بولغان

ئوغلى ئالدىدىمۇ يۈز كېلەلمەيدىغان ئۇرغۇن تەرەپلىرى بار ئىدى. بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ھەربىي بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبچى ئىدى. ھەربىيلىكمۇ ئۆزىگە خاس مۇھەببىتى بولىدۇ، بۇ خىل مۇھەببەت گۈللۈكتە ۋە كېچىدە ئىزھار قىلىنىدىغان، ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭغا سوزۇلغان تار يوللاردا گۇگۇم چۈشكەن چاغلاردا ئىزھار قىلىنىدىغان مۇھەببەت ئەمەس، ئۇ ئېگىزلىككە ئوخشاش كەڭ، مۇزلۇق چوققىلارغا ئوخشاش مۇستەھكەم، چەكسىز مۇھەببەت. ھەربىي — جۇمھۇرىيەتنىڭ چېگرا قوغدىغۇچىسى بولغان ئىنقىلابىي قۇربان لۇ جيەنخۇي ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خاتىرجەملىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز مۇھەببىتىنى پۈتۈنلەي چېگرا مۇداپىئەسىگە، پامىر ئېگىزلىكىدىكى كىشىلەرگە بېغىشلىغان. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئېسىدە بەئەينى ئۈچۈپ كەتكەن كەپتەرگىلا ئوخشايتتى. لېكىن كىشىلەرنىڭ قەلبىدىچۇ، ئۇ ھەربىيگە خاس خىسلەتنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى، ئۇ ئەمدى مەڭگۈ كەتمەيدۇ، كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ قانات قېقىپ تۇرىدۇ.

## خەلق ئۇنى ياد ئەتتى

ئىنقىلابىي قۇربان لۇجيەنخۇينىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭدا باتۇرلارچە قۇربان بولغانلىقى ئۇنىڭ يۇرتىغا — شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 2-شىسىنىڭ 27-تۇەنىگە ناھايىتى تېز ئاڭلاندى. بۇ قايغۇلۇق خەۋەر بۇ يەردىكىلەرنى قاتتىق چۆچۈتتى. شياۋخۇي! سەن نەقەدەر مۇنەۋۋەر جەڭچى، نەقەدەر ياخشى ياش-ھە! كىشىلەر چەكسىز سېغىنىشنى ئىختىيارسىز ھالدا ئەنە شۇنداق ئىزھار قىلىشتى. شياۋخۇينىڭ جەسىتى ناھايىتى يىراقتا قالغان، كىشىلەر

ئۇنىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالىشالمايتتى، ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمىتى ۋە
سېغىنىشىنى ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىزھار قىلىشتىن
باشقا چارە يوق ئىدى. لۇ جيەنخۇي قۇربان بولغاندىن كېيىن، شى، ئۆەن
رەھبەرلىرىدىن تارتىپ جەت لىيەندۇيلىرىنىڭ
ئىشچى-خىزمەتچىلىرىگىچە، يەرلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت
رەھبەرلىرىدىن تارتىپ ئىشچىلار، ئاھالىلەر، ئوقۇغۇچىلارغىچە
ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى ئىنقىلابىي
قۇربانىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جاي — 27-ئۆەننىڭ ئاتچىلىق
فېرمىسىغا كېلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئاتا-ئانىسى،
بالا-چاقىلىرىدىن ھال سورىدى. ئىنقىلابىي قۇربان لۇ جيەنخۇينىڭ
ساۋاقداشلىرى ۋە دوستلىرىمۇ ئىنتايىن قايغۇرغان ھالدا يوقلاپ كەلدى، ئۇلار
ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ قايغۇسىنى ئاڭلاپ ئۆكسۈپ تۇرۇپ
«شياۋخۇي قۇربان بولدى، لېكىن بىز بار. ھەممىمىز سىلەرگە بالا، بىز
شياۋخۇيغا ئوخشاش سىلەرگە ۋاپادار بولىمىز» دېيىشتى. شياۋخۇينىڭ
مۇئەللىمى جۇ ۋېنجۇن «بوستان» گېزىتىگە «شياۋخۇي، بىز سېنى ياد
ئېتىپ تۇرىمىز» سەرلەۋھىلىك ماقالە يېزىپ، لۇ جيەنخۇينىڭ ئۆسمۈرلۈك
دەۋرىدىكى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى ۋە ئېسىل پەزىلىتىنى
سەمىمىي ۋە قىزغىن مۇھەببەت بىلەن بايان قىلدى. بۇ ماقالىدىن
ئىنقىلابىي قۇربان لۇ جيەنخۇينىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى ئۇلۇغۋار
غايىسىنى ۋە ئىنقىلابىي ئىستىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن يەنە
يۇرت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانىنى چەكسىز سېغىنىش روھىي
ھالىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كىشىلەر ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ
قېرى، خوتۇنىنىڭ ئاجىز، ئوغلىنىڭ كىچىك، ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ، ئۆي
شارائىتىنىڭ قىيىنلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلۈكىدىن پۇل ئىئانە قىلدى.
ئۆەن رەھبەرلىرىدىن تارتىپ جەت لىيەندۇيلىرىدىكى

ئىشچى-خىزمەتچىلەرگىچە ھەممىلەن ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا دوستلۇق ۋە ياردەم قولىنى سۇندى، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ھەتتا چوكا مۇز ئېلىپ يەيدىغان بىر، ئىككى مو پۇلىنىمۇ تەقدىم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ شياۋخۇي ئاكىسىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەشتى. شۇنداق قىلىپ تۆەن بويىچە بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا 12 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىئانە توپلاندى. تۆەن رەھبەرلىرى، نۇرگان كادىرلىرى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ پائال تىرىشىشى ئارقىسىدا كۆلىمى 74 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر يۈرۈش پىششىق خىشلىق ئۆي نەچچە كۈن ئىچىدىلا پۈتتى. ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ خوتۇنى ۋاڭ چۈنخۇا تۆەننىڭ ئۆي سايمانلىرى زاۋۇتىغا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىندى، ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ پېنسىيە پۇلى شۇ ئايدا بېرىلدى. يېڭى ئۆي پۈتكەندىن كېيىن، تۆەن باشلىقلىرى ئۆي خېتى ۋە ئاشقان 2900 يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئاتا-ئانىسىغا ئېلىپ كەلدى ۋە تولۇپ-تاشقان مۇھەببەت بىلەن «شاۋ خۇي ياخشى بالا ئىدى، ئۇ تۆەنىمىزدىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ غۇرۇرى. ئۇ ۋەتەن يولىدا قۇربان بولدى، ئۇ ئەمدى سىلەرگە قارىيالمايدۇ. بۇ تۆەنىمىزدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كۆڭلى، قوبۇل قىلىڭلار» دېدى. لۇجيەنخۇي قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئاقتو ناھىيىسى ۋە ئىنقىلابىي قۇربان ھايات ۋاقتىدا تۇرغان قىسىم ئارىلىق شۇنچە يىراق بولسىمۇ ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ يۇرتىغا ئالاھىدە ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ تۇرۇق-تۇغقانلىرىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى. لۇجيەنخۇي قۇربان بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى، بالا-چاقىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قېشىدا سانسىزلىغان لۇ جيەنخۇي بارلىقىنى، لۇ جيەنخۇينىڭ كىشىلەر قەلبىدە ھېلىمۇ ھايات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى.

# ئۇ تارىمدا چوڭ بولغان

لۇ جيەنخۇي 1963-يىلى 3-ئايدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 2-شى 27-تۇەننىڭ ئاتچىلىق فېرمىسىدا تۇغۇلغان. دادىسى تارىمنىڭ شىمالىنى ئۆزلەشتۈرگەن تۇنجى تۈركۈم بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشكە باھاردەك ياشلىقىنى ۋە ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى تەقدىم قىلغان. لۇ جيەنخۇي تارىمنىڭ توپىسىغا مىلىنىپ، تارىمنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، تارىمنىڭ ئېشىنى يەپ چوڭ بولغان، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى تېتىپ، ئىنقىلابىي ئىدىيىنى قوبۇل قىلىپ، ئاتىسىغا ئوخشاش بېجىرىم، ئاددىي-ساددا، ئاقكۆڭۈل ئادەم بولغان.

ئۇ 1970-يىلى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. ئۇ تىرىشچان، ئىنتىزامچان، پىكىر قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمىدى، ئۆز سىنىپىدا 3-يىللىقتىن تارتىپ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە سىنىپ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ئۇ كوللېكتىپقا كۆيۈنەتتى، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيەتتى، ھەمكارلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا مۇئەللىملىرى، ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيى تۇرۇشلۇق 3-لىيەن مەكتەپتىن ئۈچ چاقىرىمچە كېلەتتى، مەكتەپكە بېرىپ-كېلىش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزا يولى ئوڭغۇل-دوڭغۇل ئىدى، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئۈستىبېشى توپا، ھۆل-يېغىن ياغقان كۈنلىرى لاي بولۇپ كېتەتتى. يامغۇر ياغقان، بوران چىققان كۈنلىرى ساۋاقداشلىرىنىڭ بىر قىسمى مەكتەپكە كېلەلمەيتتى. شياۋخۇي بولسا ئۆزى دەرستىن قالماي، دەرسكە كېچىكمەيلا قالماي، ساۋاقداشلىرىنى تۈزلۈك يوللار بىلەن بىللە ئالغاچ كېلەتتى، ئۇنىڭ بىر قولىدا ئاياغلىرىنى، يەنە بىر قولىدا ساۋاقداشلىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ پاتقاق كېچىپ مەكتەپكە كېتىۋاتقانلىقى ھېلىمۇ نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىنىڭ ئېسىدە، ئۇلار

چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن مۇنداق دېيىشتى : «ئۇ چاغدا ئويۇنغا ئامراق ئىدۇق، تېخى كىچىك ئىدۇق، لېكىن شياۋخۇي بىزنىڭ سەركىمىز ئىدى، ھامان بىزنى باشلاپ ئالدىمىزدا ماڭاتتى.»

كىچىكىدىن تارتىپلا ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىدىغان شياۋخۇي مەكتەپنىڭ كۆچەت تىكىش، لىيەندۇيلەرنىڭ يازلىق، كۈزلۈك يىغىملىرىغا ياردەم بېرىش ئەمگەكلىرىنى جان كۆيدۈرۈپ قىلاتتى. بىر قېتىم ئەمگەككە قورال ئېلىپ چىقىشقا توغرا كەلدى، ئۇ گەپ-سۆز قىلمايلا ئانىسى ئىشلىتىۋاتقان ئوتۇغۇچنى ئېلىپ ماڭدى. ئانىسى دەرھال: «ئىشلىتىۋاتقىنىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟» دېدى. شياۋخۇي كۈلۈپ شوخلۇق قىلىپ، «ئومۇمنىڭ ئىشى مۇھىم، شەخسىي ئىشىمىز تۇرۇپ تۇرسىمۇ بولىدۇغۇ!» دېدى. ئانىسى باشقا بىرەيلەننىڭ ئوتۇغۇچنى ئېلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ساۋاقدىشى، دوستى چېن جىنپىڭنىڭ قېيىن ئانىسى قوناق ئۈزگەنىدى، ئۇ قېرى، ئاجىز مەزلۇم بولغاچقا، ئۈزۈپ بولغان باشلارنى توشۇيالمىغانىدى. ئۇ جىنپىڭنى بىر ھارۋا تېپىپ كېلىپ توشۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى، ئويۇنچى جىنپىڭ غىپپىدە تىكىۋەتكەنىدى، جىنپىڭنىڭ قېيىن ئانىسىنى جىلى بولۇپ يىغلامسىراپ تۇرغاندا، شياۋخۇي كېلىپ قالدى ۋە «ئانا، ئۇزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، مەن توشۇپ بېرەي» دېدى-دە، بىرمۇنچە ساۋاقداشلىرىنى باشلاپ كېلىپ، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا خامانغا توشۇپ بەردى.

شياۋخۇينىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە ئامراقلىقىغا دائىر پاكىتلار تېخىمۇ كۆپ. مەكتەپ مۇدىرى جۇشۇخۇي، ۋاڭ گۈيجېن، جۇرۇيبۇن قاتارلىق مۇئەللىملىرى ھە دېگەندىلا 10 نەچچىنى سانىدى، ئۇسمۇر چاغلىرىدىكى ساۋاقدىشى، دوستى چېن جىنپىڭ ئۇكسۇپ مۇنداق دېدى: «شياۋخۇي ئەڭ ئۇنتۇلماس دوستۇم، بۈگۈنكىدەك كۈنگە ئېرىشەلىشىم ئۇنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلمايدۇ، ئىنىككىمىزنىڭلا ئۆيىمىز مەكتەپتىن يىراق ئىدى، مەكتەپكە ۋېلىسىپىت

مەنسەپ باراتتۇق، لېكىن مېنىڭ ۋېلىسىپىتىم كونا بولغاچقا پات-پاتلا بۇزۇلۇپ قالاتتى، پات-پاتلا دەرستىن قالاتتىم ياكى دەرسكە كېچىكىپ قالاتتىم. مۇئەللىملەر تەنقىد قىلاتتى، ساۋاقداشلىرىم كۆزىگە ئىلمايتتى، مەن تېخىمۇ تىت-تىت بولۇپ كېتەتتىم. شياۋخۇي بۇ ھالىمنى كۆرۈپ، ئۆز ئۆيىدىن سايمان ئەپچىقىپ، رېمونت قىلىشىپ بېرەتتى. رېمونت قىلىپ بولغىچە ئۇستى-بېشىمىز لاي، قوللىرىمىز ماي بولۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن دەرسكە كېچىكىپ قالمايدىغان، دەرستىن قالمايدىغان بولغانىدىم، كېيىن ۋېلىسىپىتىم بۇزۇلۇپ رېمونت قىلغۇچىلىكى قالمىدى، ئائىلەمنىڭ يېڭىسىنى ئەپ بېرىشكە قۇدرىتى يەتمىدى. شياۋخۇي ھەر كۈنى مېنى ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈۋالاتتى، بۇ ئىش تا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنگە قەدەر داۋاملاشقان.» شياۋخۇي چېن جىنپىڭغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ياردەم بېرىپ قالماستىن ھەممە ساۋاقداشلىرىغا ئوخشاشلا كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە كۆيۈنەتتى. شۇڭا ھەممەيلەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى، ھەر قانداق ئىشتا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالاتتى، ئۆز ئارا زىددىيەت، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتاتتى. ئۇ خۇددى بىر پارچە ماگنىتتەك ساۋاقداشلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەمىمىيلىكى، پاكلىقى بىلەن ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى.

لۇ جيەنخۇي 1975-يىلى 7-ئايدا باشلانغۇچنى پۈتتۈرۈپ، 2-ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن تېخىمۇ بېرىلىپ ئوقۇدى. ئۇنىڭ قىزىقىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ، بېرىلىپ تەتقىق قىلىش روھى يۇقىرى ئىدى، مۇزىكا، رەسىم، رادىئو ئۇنىڭ ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسلىرى ئىدى. ئاتا-ئانىسى ئادەتتە بەرگەن پارچە پۇللارنى يىغىپ كىتاب، چالغۇ، رەسىم سىزىش سايمانلىرى سېتىۋالاتتى. ئۇ رادىئو تېخنىكىسىنى بەك ياخشى كۆرەتتى، لېكىن ئۆگىتىپ قويىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، كىتاب سېتىۋېلىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە توغرا كەلدى. ئۇلارنىڭ لېيەنى ناھىيە بازىرىدىن 30 نەچچە كىلومېتىر بولۇپ،

بازارغا كىرىپ-چىقىش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇ يەكشەنبە كۈنى يەيدىغىنىنى ئېلىۋېلىپ، ۋېلسىپىت بىلەن بازارغا كىرىپ كىتاب سېتىۋالاتتى، بۇنىڭغا بەزىدە پۈتۈن بىر كۈن ۋاقىت كېتىپ قالاتتى. ئۇ ئۆگىنىشنى رادىئو پرىنسىپلىرىدىن باشلاپ، ئاددىي رادىئولارنى ياساش ئۇستىدە ئىزدەندى. رادىئو تېخنىكىسىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۆيىدىكى رادىئونى چۇۋۇپ تاشلاپ، تەكرار قۇراشتۇرۇپ مەشىق قىلدى. ئەجىر ئىرادىلىك ئادەمنى قۇرۇق قالدۇرمىدى. ئۇ ئاخىر رادىئونى رېمونت قىلالايدىغان بولدى. چەت لېيەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئۇرغۇن ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۈچۈن ئوبدان ئىش بولغانىدى، رادىئوسى بۇزۇلۇپ قالغان ئائىلىلەر ئۇنىڭغا رېمونت قىلدۇرىدىغان بولدى. زاپچاس يېتىشمەي قالسا ئۆز ئائىلىسىنىڭ رادىئوسىدىن سۆكۈپ ئالاتتى. ئاتا-ئانىسى بەزىدە: «شياۋخۇي، خەقنىڭ رادىئوسىنى ئوڭشاپ بېرىمەن دەپ، ئۆزىمىزنىڭكىنى بۇزۇۋەتسەڭ بولامدۇ؟» دەيتتى، شياۋخۇي جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ھەمىشە كۈلۈپ قوياتتى.

لۈجيەنخۇي ھاياتنىڭ قىممىتىگىلا ئەمەس، سەنئەتكىمۇ ئىنتىلەتتى. مۇئەللىم جۇ ۋېنجۈن بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ بارسا، ئۇ بىر رەسىمنى كۆرۈۋاتقانىكەن: كۆپكۆك ئاسمان، ئۇزۇن يوپكىلىق بىر قىز ئارقىسىنى قىلىپ ئىسكرىپكا چالماقتا. قىزنىڭ ئالدى تەرىپىدە قويۇق گۈل-گىياھلىق، سۈپسۈزۈك كۆل، نېرىسى تاغ بولۇپ، غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جۇ ۋېنجۈن «قىزنى نېمىشقا ئالدى تەرەپكە قارىتىپ سىزمىدىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ «تەبىئەت پەيزىنى سۆرسۇن دېدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنداق، ئۇ سەنئەتنى ياخشى كۆرەتتى، تۇرمۇشنى سۆيەتتى، گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە قىزىقاتتى ۋە ئىنتىلەتتى. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى بەئەينى تاڭ شەپىقىگە ئوخشاش ئاجايىپ گۈزەل نۇر چېچىپ، تۇرمۇشقا باھاردەك لەززەت بېغىشلايتتى.

لۈ جيەنخۇي تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1981-

يىل 10-ئايدا ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىرادە بىلەن چاقىرىقنى پائال ئاۋاز قوشۇپ، ئەسكەرلىككە خەتلەندى. ئۇ ئەسكەر بولۇشنى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ ھەربىي تۇرمۇشقا قىزىقاتتى، ھەربىيلەرنىڭ پىداكارلىقىغا قايىل ئىدى. ئۇ قىسىمغا كىرىشتىن سەل ئىلگىرى جۇ ۋېنجۇن مۇئەللىم بىلەن بىللە «قەھرىمان ئوغۇل-قىزلار» دېگەن فىلىمنى كۆرۈپ ئىنتايىن تەسىرلەنگەن ۋە «جۇ مۇئەللىم، مېنىڭمۇ ۋاڭ چېڭچە قەھرىمان بولۇپ، ۋەتىنىمىزنى قوغداش يولىدا جەڭ قىلغۇم بار» دېگەن. جۇ مۇئەللىم: «سىز قۇربان بولۇپ كەتسىڭىز، مەن چوقۇم ئىش-پائالىيەتلىرىڭىزنى يېزىپ چىقىمەن» دېگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى چاخچاقنىڭ راستقا چىقىشىنى كىم بىلسۇن.

## ئۇ ياشلىقىنى چېگرا مۇداپىئەسىگە تەقدىم قىلدى

لۇ جيەنخۇي قىسىمغا كىرگەندىن كېيىن، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئاقتو ناھىيىسىدىكى چېگرا مۇداپىئە داداۋىگە تەقسىم بولدى. يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ تەلىم-تەربىيىسى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بۇلۇڭكۆل چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسوسىغا باردى. بۇلۇڭكۆل دېڭىز يۈزىدىن 3700 مېتىر ئېگىز بولۇپ، ئوكسىگېن يېتىشمەيتتى، كۈندۈزى قاتتىق ئىسسىق بولاتتى. جەڭچىلەر بۇ يەرنىڭ تەرىپىنى قىلىشقاندا «تاغلىرى ھەم ئېگىز، ھەم قاقاس، بوران چىقسا ئۇچار شېغىل-تاش، نەپەسكە ئوكسىگېن يېتىشمەس، يىل بويى ئۇچىدىن جۇگا چۈشمەس» دېيىشەتتى. بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان جەڭچىلەر يىل بويى گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخ كۆرمەيتتى، قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرىنىمۇ ئاڭلىمايتتى، ئۇلارغا پەقەت قارلىق ئېگىز چوققىلار ھەمراھ ئىدى. جەڭچىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق، مەنىۋى تۇرمۇشى ئىنتايىن ئاددىي، خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. لۇ جيەنخۇي مۇنداق جاپالىق مۇھىتتىن قورقۇپ كەتمەي،

خاتىرجەم بولۇپ ئاكتىپ ئىشلىدى، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلدى، ۋەزىپىلەرنى نەمۇنىلىك بىلەن ئورۇنداپ، كۆپچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ كېيىن ئاشپەزلەر بەنگە يۆتكەلدى، بۇ يەردىمۇ پۈتۈن كۈچىنى قىسمىنىڭ تاماقنى ياخشىلاشقا قاراتتى، ئۈچ يىل ئىچىدە بىر قېتىممۇ تاغدىن چۈشۈپ، ناھىيە بازىرىغا كىرىپ باقمىدى. ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، كۆپچىلىك ئۇنى بىر ئېغىزدىن ماختاشتى. ئۇ 1984-يىل 2-ئايدا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. پارتىيىگە كىرىش قەسىمىنى بەرگەندە ھاياجان ئىلكىدە كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار تۆكۈلدى ھەمدە ياشلىقىنى ۋە ھاياتىنى پارتىيە ئىشلىرىغا، ۋەتىنىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىگە بېغىشلاشقا بەل باغلىدى.

كۆرەشنىڭ تەلىپى بويىچە چېگرىنىڭ 1-سېپىگە كەسپىي تايانچ زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن 1984-يىل 6-ئايدا مەسئۇلىيەت رايونىغا خىزمەتكە چۈشتى. بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىنىڭ جاپالىق ئىكەنلىكىگە گەپ سىغمايتتى، ۋەزىپىسىمۇ ئېغىر ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاماقتا، يېتىپ، قوپۇشتا چارۋىچىلار بىلەن بىللە بولۇپ، پىستىرما قويۇش، پوستا تۇرۇش، چارلاش ۋەزىپىلىرىنى ئۇلار بىلەن بىللە ئورۇنداشقا توغرا كېلەتتى. لىۋجيە نىخۇي تۇرمۇش ۋە تىل جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپلا قالماستىن، چارۋىچىلاردىن دوست تۇتتى، ئۈچ ئايلىق ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ، يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، يۇقىرى ئۇنى قىسىمدا ئېلىپ قېلىپ، مۇۋەققەت خوجىلىق باشلىقى ۋەزىپىسىنى بەردى.

بۇلۇڭكۆل يەنچۇسۇدا خوجىلىق باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەك ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. يەنچۇسو ناھىيە بازىرىغا 280 كىلو-مېتىر كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول ئېغىل-تاشلىق، ئەگرى-بۈگرى بولۇپ، قاتناش قىيىن ئىدى. ئارىلىقتا 80 كىلومېتىر ساي بولۇپ، 11 چوڭ

ساي، 30 نەچچە ئەگىمدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى؛ ئادەم بېشىدەك تاشلار سامانىدەك بولۇپ، ئاپتوموبىل بۇ يەردە ماڭسا خۇددى دېڭىزدىكى قېيىقتەك پۇلاڭشىپ كېتەتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا ھېلىغۇ يېڭى كۆكتات ئىسكەن، تۆمۈر قۇتىلىق كونسېرۋالارمۇ تاغقا چىققىچە ماكچىيىپ كېتەتتى. شۇڭا بۇ يەردىكى 40 نەچچە كىشى يىل بويى كۆكتات يېيەلمەيتتى؛ ئۇلارنىڭ تۇزلۇق پىتەي، ئۇۋاق لازا، كونسېرۋا يېيىشكە توغرا كېلەتتى. لۇجيەنخۇي خوجىلىق باشلىقى بولغاندىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ تاماقنى ياخشىلاشقا تىرىشىپ، كۆكتات ئەپچىقىلى كۆپ قېتىم تاغدىن چۈشتى، لېكىن يول ئەنسكى بولغاچقا، كۆكتاتلارنىڭ ئەگىدىن تولىسى مىلىق-مىلىق بولۇپ كەتتى، تاغقا چىقالىغانلىرىنىڭ سېقىدىن سېسىقى كۆپ بولدى. كۆپچىلىك: «بىز تورۇۋاتقان تاغنىڭ شارائىتى مانا مۇشۇنچىلىك، ئۇنى ھەممىمىز بىلىمىز، سەنمۇ ئەمدى ئۆزۈڭنى ئۇپراتما» دەپ نەسىھەت قىلىشتى، لېكىن لۇجيەنخۇي كۆپچىلىكنىڭ سالامەتلىكىنى، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئويلاپ ئىرادىسىنى بوشاتماي، يەنە كۆپ قېتىم كۆكتاتقا چۈشتى. ئەپچىقىپ كۆكتاتلارنى كېتىشكە ماشىنا يوق ئىدى، ئۇ بىر نەچچە ساندۇق كۆكتات سېتىۋېلىپ، تاغقا چىقىدىغان يول ئېغىزىغا ئەكىلىپ، تاغقا ئالغاچ چىقىدىغان ماشىنا كۈتەتتى، بەزىدە 5-6 سائەت كۈتسىمۇ تاغقا قاراپ ماڭغان بىرەرمۇ ماشىنا ئۇچرىمايتتى ياكى بىرەرسى ئۇچراپ قالسىمۇ، شوپۇر توختىماي ئۆتۈپ كېتەتتى، يەنە كۈتۈشكە مەجبۇر بولاتتى، چارچايتتى، قورسىقى ئېچىپ كېتەتتى، جىلە بولاتتى، ئەمما يەنىلا ئىرادىسىدىن يانمايتتى. ئۇ پائال تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، تاماق بىر ئاز ياخشىلاندى، تاماق ياخشىلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەنە كۆپچىلىككە قوغۇن-تاۋۇز ئەپچىقىپ بەرگۈسى كەلدى. بىر كۈنى ئۇ مىڭ تەسلىكتە بىر ماشىنا تاۋۇز ئەپچىقتى؛ ماشىنا بۇلۇڭكولىغا كەلگەندە، جەڭچىلەر خۇشال بولۇشۇپ، ماشىنا ئەتراپىغا ئولىشىۋالدى؛ جەڭچىلەر ماشىنىنىڭ كوزۇپىنى ئېچىۋىدى شالاققىدە سۇ تۆكۈلدى، تاۋۇزلار

مىنلىغ-مىنلىغ بولۇپ كەتكەنىدى، كۆپچىلىك جاھانغا داڭلىق بۇ شىنجاڭ تاۋۇزلىرىنى كۆرۈپ تاڭ قېلىشتى. لېكىن ئۇلار خوجىلىق باشلىقىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، قول-قولىچە چۈشۈرۈپ سۈيىنى بولسىمۇ ئازراقتىن ئىچتى. بەزى جەڭچىلەر يېرىلىپ كەتكەن تاۋۇزلارنى سالقىن يەرگە قويۇپ ساقلاپ قويدى. يېگەندە قىزىقچىلىق قىلىپ «بۇ تاۋۇزلارنىڭ سۈيى مارۇژنىدىنمۇ ياخشىكەن» دېيىشتى.

كىشىلەر ئازادە ئارام بەخش كىنوخانىلاردا ياكى تېلېۋىزورنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ بويىغا مىلتىق ئاسقان ھالدا دۆلەت چېگرىسىدا ئاتلىق چارلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگىنىدە جەڭچىلەرنىڭ جەسۇرلۇقىدىن ھاياجانلىنىدۇ ياكى ئىپتىخارلىنىدۇ، لېكىن ۋەتەننىڭ ئامانلىقى، خەلقنىڭ بەخت-سائادىتىگە جەڭچىلەرنىڭ قانچىلىك ئەجرى ۋە قان-تەرى سىڭدۈرگەنلىكىنى بىلىدىغانلار كۆپ بولمىسا كېرەك. بۇلۇڭكۆل چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسىدا 17 ئات بولۇپ، يىلىغا 100 نەچچە مىڭ جىڭ ئوت-چۆپ كېتەتتى، لۇجيە نىخۇي خوجىلىق باشلىقى بولغان مەزگىلدە، ئوت-چۆپلەرنى يىراق جايلاردىكى چارۋىچىلاردىن ئاز-ئازدىن سېتىۋالاتتى، ھەر يىلى ياز كېتىپ كۈز كەلگەندە جىڭ ئېلىپ ماشىنا بىلەن يولغا چىقاتتى. چارۋىچىلار ئوت، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان خەلق ئىدى، ئۇلار پۈتكۈل يايلاقنىڭ ھەممىلا يېرىگە ئاز-ئازدىن تارىلىپ كېتەتتى لۇجيە نىخۇي يايلاق پەيزىنى سۈرۈشكە كۆڭلى ئۇنىمايتتى، ئۇيمۇئۇي يۈرۈپ قۇرۇق ئوت-چۆپ سېتىۋالاتتى، بەزى كۈنلىرى نەچچە ئون چاقىرىم نېرىغا بېرىشقا توغرا كېلەتتى، باغلانغان چۆپلەرنى جىڭلايتتى، بىر يەرگە دۆۋىلەيتتى، كەچ كىرگەندە ئوت-چۆپ ئارىسىدا يۇلتۇز ساناپ ياتاتتى، قورسىقى ئاچسا، قۇرۇق موما يەيتتى. ئۇ ئۆيىنى، ئاتا-ئانىسىنى، خوتۇنىنى ئويلايتتى، لېكىن سەپداشلىرىنى، جەڭ ئاتلىرىنى، ۋەتەننى قوغداشتىن ئىبارەت ئېغىر بۇرچنى تېخىمۇ كۆپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ ھەر يىلى

بىر-ئىككى ئاي ۋاقتى مۈشۈنداق جاپادا ئۆتەتتى، لېكىن ئۇ ئەزەلدىن جاپا چەكتىم، چارچىدىم دەپ باقمىغان ئەمەس، ئۇ ئەڭ ئاخىر بىر ماشىنا نوت-چۈپنى ئېلىپ تاغقا قايتىپ چىققاندا، ئۇنىڭ كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ سەپداشلىرىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ يۈزى كۆيۈپ قارىداپ تېرىسى سويۇلۇپ، لەۋلىرى يېرىلىپ، پۈتۈن ئۇستىبېشى چاڭ-توزان بولۇپ كېتەتتى، لېكىن ئۇ ھەمىشە بۇرۇنقىدەكلا ئۈمىدۋار يۈرەتتى. ئۆزىگە ئىشىنەتتى، ئۆزىنى جۇشقۇن-روھلۇق تۇتاتتى، ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ھېچقاچان جاپالىق دېمەيتتى.

قىسمىغا كىرگەن توققۇز يىلدىن بۇيان، ئۆز خىزمىتىنى كۆرۈنەرلىك ئىشلىگەچكە يىلڭ، جىددىي تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تەقدىرلەنگەن، 1989-يىلى مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغانىدى.

## ئۇنىڭ قەلبى مۇھەببەت بىلەن تولغان

لۇجيەنخۇي ئۆز خىزمىتىگە ئەستايىدىل-مەسئۇل بولىدىغان، تاپا-تەنە دېگەننى بىلمەيدىغان مۇنەۋۋەر جەڭچى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ روھىي دۇنياسى ۋە پەزىلىتى يۈكسەك مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ئىدى. ئۇ تۇرمۇشنى، چېگرا مۇداپىئەسىنى، ھەر مىللەت خەلقىنى چەكسىز قىزغىن سۆيەتتى، ئۇ قەلبى مۇھەببەت بىلەن تولغان ھەربىي ئىدى. بۇلۇڭكۇل چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسۇندىكىلەر ۋە ئاقتو چېگرا مۇداپىئە دادۇيىدىكىلەر ئۇنىڭ نۇرغۇن تەسىرلىك ئىش-پائالىيەتلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

بۇلۇڭكۇل پەيچۇسۇندىكىلەر، لۇجيەنخۇينىڭ ياشاشنى ئەڭ ئوبدان بىلىدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئۇ ساز چېلىش، سۈرەت تارتىش، رەسىم سىزىش، قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ كەچلىك مەنىۋى تۇرمۇشىغا بىرمۇنچە زوق ۋە مەزمۇن

قوشقانىدى. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئىشتىن سىرتقى تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىش ئۈچۈن، سەيداشلىرىنى گىتار چېلىش، ناخشا ئېيتىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ تۇراتتى، ئۇلار بىلەن بىللە ئومۇمىي بىلىملەرنى ئۆگىنەتتى؛ رەسىم سىزاتتى. ئۇ رەسىم سىزىشقا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا خېلى ياخشى ئاساس سېلىۋالغانىدى، قىسمىغا كىرگەندىن كېيىن رەسىم سىزىش قابىلىيىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى، ھەتتا كىچىك رەسسام بولۇپ قالدى دېيىشىمۇ بولاتتى، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئۇ سەيداشلىرىغا تەقدىم قىلغان رەسىملەر چاپلانغانىدى. قايسىبىر سەيدىشى ھەربىي سەپتىن يۇرتىغا قايتسا، ئۇ شۇنىڭغا «تاغدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقان يولۋاس» چۈشۈرۈلگەن رەسىمدىن بىرنى خاتىرە ئۈچۈن سوۋغا قىلاتتى. ئۇ گۈل ئۆستۈرۈشكە بەك ھېرىس ئىدى. چوڭ ئەترەت قورۇسىدىكى گۈللۈكلەردىكى گۈللەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ تىككەن، پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەنىدى. ئۇ قۇربان بولغان كۈنى چۈشتە سەيدىشى گا مېڭرۇڭ بىلەن بىللە تۇرۇقلۇق شىركىتىگە بېرىپ ئۈچ تەشتەك گۈل سېتىۋالغانىدى. ئۇ دائىم: جاپالىق شارائىتنى كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان شارائىتقا ئايلاندۇرۇش لازىم، «لاگېر» تۇرمۇشىدىمۇ گۈزەللىككە ئىنتىلىش بولۇشى كېرەك، دەيتتى.

لۇجيەنخۇي سۈرەت تارتىشنىلا ئەمەس، يۇيۇش، چوڭايتىشنىمۇ بىلەتتى. ئۇ سەيداشلىرىغا ناھايىتى زور زوق بېرىش، جەڭچىلەرنىڭ چارلاش، پوستتا تۇرۇش ئەھۋاللىرىدىن ۋە تۇرمۇشتىكى كۆڭۈللۈك ئىشلىرىدىن خاتىرە قالدۇرۇش بىلەنلا قالماي، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، تاغلاردا ياشاپ كەلگەن ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىنىمۇ كۆپ خۇشال قىلغان. ئۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا پات-پات ئاتلىق بېرىپ، ئۇلارنىڭ سۈرىتىنى خالىسانە تارتىپ قوياتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن بەزىدە ھەتتا يۈز چاقىرىملاپ يول يۈرەتتى. ئۇ ئۆتكەن يىل بۇلۇڭكۆلدىن چاقىر ئېغىل كەنتىگە چارۋىچىلارنىڭ سۈرىتىنى تارتىپ قويۇش ئۈچۈن ئاتلىق كېتىۋاتقاندا ئاتنىڭ پۇتى سۇغۇر

تۆشۈكىگە كىرىپ كېتىپ، ھۈركۈپ قېچىپ كەتكەن، ئۇ پىيادە يېرىم كۈن ماڭغاندىن كېيىن يايلاقتىكى بىر ئېغىلدا قونۇپ، ئاچ ۋە ئۇسسۇز قالغان، ئەتىسى چۈشتە ئاران چارۋىچىلارنىڭ ئۆيىگە بارغان. ئۇ كۆپ جاپا چەككەن، لېكىن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان تۇنجى سۈرەتنى كۆرگىنىدە تولىمۇ خۇشال بولۇپ، سۆيۈنۈپ كەتكەنىدى.

لۇ جيەنخۇي ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى بىلەن سەپداشلىرى ۋە ئاممىدا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان. 1986-يىلىنىڭ بېشىدا، سەپدىشى ۋاڭ يۈگونىڭ ئاتىسى بىلەن ئانىسى كەينى-كەينىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ، ۋاڭ يۈگو ئازراق پۇل ئەۋەتمەكچى بولىدۇ-يۇ، ئىلكىدە بولمىغاچقا، ئەتىدىن كەچكىچە غەمكىن يۈرىدۇ، لۇ جيەنخۇي ئۇققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قايتا-قايتا تەسەللى بېرىدۇ ھەمدە ئۆزى ئاتا-ئانىسىغا ئەۋەتىپ بېرىشكە تەييارلاپ قويغان 140 يۈەن پۇل ۋاڭ يۈگوغا بېرىدۇ، لۇ جيەنخۇيغىمۇ پۇل جىددىي كېرەكلىكىنى بىلىدىغان شياۋ ۋاڭ ئالغىلى ئۇنىمايدۇ. لۇ جيەنخۇي سەمىمىي ھالدا «شەخسىي ئىشلار ئىچىدە ئۆلۈم ھەممىدىن مۇھىم، ئېلىپ ئىشلىتىپ تۇرمامسەن، تاپقاندا بېرەرسەن!» دەيدۇ. شۇ يىلى يازدا، ناھىيە مۇجىدا يەرمەنكە ئۆتكۈزگەنىدى، ناھىيىلىك ستراخوۋانىيە شىركىتىنىڭ مەسئۇلى جاڭ شىنمىينىڭ جىددىي ئىشى چىقىپ قېلىپ، تاغدىن قايتىشىدا تۈن نىسپىدە بۇلۇڭكۆلگە يېتىپ كېلىدۇ، ئۇ بەك چارچاپ كېتىدۇ، قورسىقىمۇ ئېچىپ كېتىدۇ. پوست لۇ جيەنخۇينى چاقىرىپ بېرىدۇ. لۇ جيەنخۇي ئۆزى سۇ ئەكېلىپ تاماق ئېتىپ بېرىدۇ ۋە ياتاققا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئەتىسى تاغدىن چۈشۈرۈپ قويىدۇ. جاڭ شىنمىي بۇ ئىشنى لۇ جيەنخۇي قۇربان بولغاندىن كېيىن سۆزلەپ بەردى.

لۇ جيەنخۇي 1986-يىلى كۈزدە دادۇينىڭ كاسسىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ، كېيىن يەنە بوغالتىرلىقىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بۇ مالىيە

خادىمىنىڭ قولىدىن بىر نەچچە يىلدا مىليون يۈەنچە پۇل ئۆتكەن
بولسىمۇ، پاك، ئادىل، تىرىشچان، ئىقتىسادچىل، ئىستىلى توغرا
بولغاچقا، ئۇنىڭ ھېسابىدىن بىر تىيىنمۇ كەم چىقمايدۇ. ئۆز يۇرتلۇق
بىر سەپدىشى تۇغقان يوقلىغىلى بارىدىغان چاغدا رەھبەرلىككە
تەستىقلاتماي شەخسىي مۇناسىۋەت بىلەن مالىيىدىن 200 يۈەن قەرز
ئالماقچى بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەلىپىنى لۇجيەنخۇي رەت قىلىدۇ.
ئۆتكەن يىلى 3-ئايدا مالىيە تەكشۈرۈلگەن چاغدا، لۇجيەنخۇي خوجىلىق
باشلىقى بولغان بىر سەپدىشىنىڭ توي قىلغاندا كۆپ يەپ، كۆپ
ئىگىلەپ، ئومۇمنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلغانلىقىنى بايقايدۇ ۋە قىلچە
يۈز خاتىرە قىلماي، دەرھال پارتكومغا مەلۇم قىلىدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق
ئۇنىڭ 2000 يۈەنگە يېقىن ئومۇمنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلغانلىقى
ئېنىقلىنىدۇ، بۇ ئىش دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپلا
قالماستىن، ھېلىقى يولداشنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ، كۆپچىلىكنى تەربىيىلەيدۇ.
ئۇ سەپداشلىرىدىن پرىنسىپال، توغرا بولۇشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي،
ئۆزىگىمۇ قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. خوتۇنى ئەترەتكە ئىككى قېتىم يوقلاپ
كەلگەن، بەلگىلىمە بويىچە بېنزىن پۇلىنى تۆلەپ ئالدىغا
ماشىنا ئېلىپ بارغىلى بولاتتى، لېكىن ئۇ ئومۇمنىڭ ماشىنىسىنى
ئىشلەتمەي، ئىككىلا قېتىم ئاپتوبۇس بىلەن قەشقەرگە بېرىپ
ئەپچىققان. ئۇنىڭ خوجىلىق باشلىقى، كاسسىر، بوغالتىر بولغان ئالتە يىل
جەريانىدىكى ھېساباتى ناھايىتى ئېنىق، بىر تىيىنمۇ ئېگىز-پەسلىك
يوق.

لۇجيەنخۇي ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىشىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى
بىلەن ئاتلانغان پولاتتەك پىداكار ھەربىي ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلە قىيىنچىلىقى
قوراللىق ساقچى قىسىم دادۇيىدىكى كادىر-جەڭچىلەر ئىچىدە
ھەممىدىن ئېغىر ئىدى. خوتۇنى ۋاڭ چۈنخۇا ۋاقىتلىق ئىشچى ئىدى،
قۇچاقتىكى بالىسىغا ئۆزى قارايتتى، ئۆزىنىڭ ئۆيى يوق ئىدى، دادىسى
1987-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن، ئانىسىنىڭ ئېلىشىپ قالغىنىغا خېلى

بىرلۇپ، ۋاڭ جۇنخۇا قارىمىسا بولمايتتى. لۇجيەنخۇينىڭ ئائىلىسىدىمۇ قىيىنچىلىق قاتمۇ قات ئىدى، ئاتا-ئانىسى ياشىنىپ قالغان، ئاكىسى بولسا كېچىكىدە پالەچ بولۇپ قالغاچقا سەللىمازا ساقىيىپ كېتەلمىگەنىدى. بۇلارنى ئۇ ئۇنتۇپ قالغان ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇ چېگرا مۇداپىئەتتى قوشۇنىنىڭ بىر جەڭچىسى بولغاچقا، ۋەتەن چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىنى، خەلقنىڭ بەختىيار، ئامان بولۇشىنى ئۆزىنىڭ ھەممىدىن چوڭ مەنپەئەتى دەپ بىلەتتى. ئۇ دائىم: «ئىش بىر تارازا، شەخسىي ئىشىنىڭ سالمىقى ئېشىپ كەتسە، ئومۇمنىڭ ئىشىنىڭ سالمىقى كېمىيىپ كېتىدۇ، چېگرا مۇداپىئە ئىشىغا ئۆزىنى ئاتىغان كىشى ئومۇمنىڭ ئىش سالمىقىنى كۆپەيتىشى، يەنە كۆپەيتىشى كېرەك» دەيتتى. ئۇ دېگىنىدەك قىلغان. ئۇ توققۇز يىلدىن بېرى ئۆز قىيىنچىلىقىنى رەھبەرلىككە بىرەر قېتىممۇ دەپ باققان، دىققىتىنى ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرىغا بۆلۈپ باققان ئەمەس، لېكىن ئۇ ھاڭۋاقتى ئەمەس ئىدى. ئۇ دەردىنى «ھەربىينىڭ ئايالى» دېگەن شېئىرىدا ئۆزىنى چۈشىنىدىغان خوتۇنىغا راستچىللىق بىلەن بايان قىلغان. مۇھەببەت قۇربانسىز بولمايدۇ. ئۇ مۇھەببەت ئۈچۈن ئائىلىسىنىڭ بەختىنى قۇربان قىلىشقا، مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرغان.

## ئۇ باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولدى

1990-يىل 4-ئاينىڭ 5-كۈنى لۇجيەنخۇي ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈن، شۇنداقلا ئۇ ۋەتەنگە، خەلققە ئۆز مۇھەببىتىنى تەقدىم قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈن بولدى.

ئۇ شۇ كۈنى خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن پۇتى تولغىنىپ كەتتى. ئۇ شۇ چاغدا بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ بولغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ كونا

جەڭچىگە خاس سەزگۈرلۈكى بىلەن ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى پەملىدى. ئۇ خۇددى بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغاندەك ئاقسىغان ھالدا دەرھال جەڭگىۋار ئورنىغا قايتىپ كېلىپلا دادۇي ئىشخانىسىغا كىرىپ ۋەزىپە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. دادۇي رەھبەرلىكى مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئارقا سەپكە كاپالەتلىك قىلىش ۋە قاراۋۇللۇق قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. لۇجيەنخۇي جەڭ تەييارلىقى ۋە قاراۋۇللۇق خىزمىتىگە جىددىي كىرىشىپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 18 يېرىمدىن كېيىن بارىن تەرەپتىن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلارنىڭ غالجىرلىق بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقى، ج خ كادىر-ساقچىلىرىمىزغا، قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىمىزگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى زەخىملەندۈرگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. لۇجيەنخۇي ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىدىن قاتتىق غەزەپلەندى، بىز ئارزۇ قىلمايدىغان ئىش يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. ۋەتەن، خەلق چاقىرىق قىلغان ھامان، دەرھال ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىشقا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىشقا ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈپ قويدى.

لۇجيەنخۇي كەچ سائەت 23 لەردە مۇئاۋىن يېتەكچىنىڭ بىر گۇرۇپپىنى باشلاپ، بارىنغا يارىدارلارنى قۇتقۇزۇشقا ۋە ئالاقە باغلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال رەھبەرلىككە ئۆزىنى قاتناشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى. سەپداشلىرى ئۇنى بارماسلىققا دەۋەت قىلدى، چۈنكى خەنزۇ يولداشنىڭ ئۆ يەرگە بېرىشى ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ پۇتى زەخىملەنگەچكە، ۋەزىپە ئۆتىشى ئەپسىز ئىدى. لېكىن لۇجيەنخۇي: «ۋەزىپە ئۆتەش مۇھىم، بۇنچىلىك زەخىملىنىش نېمىتى» دەپ تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ بۇ جەسۇرانە گېپىدىن قۇربان بولۇشتىن،

ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان، كومپارتىيە ئەزاسىغا خاس ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق ئېچىپ تۇراتتى. لۈجيەنخۈينىڭ ئىلتىماسى تەستىقلاندى. سائەت 23 لەردە تۇ ۋاڭ جېڭپىڭ، گو شۆۋېن قاتارلىق سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە شۈي شىنجيەننىڭ يېتەكچىلىكىدە ناھىيىلىك ئوبلاستلىق قوماندانلىق شتابلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن خوشلىشىپ «بېيجىڭ — 212» بەلگىلىك سەككىز كىشىلىك پىكاپقا ئولتۇرۇپ، شۇ قاراڭغۇ كېچىدە بارىن تەرەپكە ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار بارىن يېزىسىدىن 1.5 كىلومېتىر بېرىدىكى قىزىل كۆۋرۈككە يېتىپ بارغاندا ج خ كادىر-ساقچىلىسى سىياقىدا كىيىنىۋالغان توپىلاڭچىلار ئالدىنى توسۇۋالدى. كالتەك، پىنچاق، پالتا، كەكە قاتارلىقلار بىلەن قوراللانغان يۈزدىن ئارتۇق توپىلاڭچى تۇش-تۇشتىن ئېتىلىپ كەلدى. لۈ جيەنخۈي ياۋۇز توپىلاڭچىلاردىن قىلچىمۇ قورقماي، مۇھاسىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن، مەردلەرچە باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشتى. ئۇلار ئەسلى يان قوراللىرى بىلەن تامامەن قوغدىنالايتتى، لېكىن خەلقسۆيەر لۈجيەنخۈي قاتارلىقلار قاراڭغۇدا قايسىلىرىنىڭ توپىلاڭچى، قايسىلىرىنىڭ تەھدىت بىلەن ئېلىپ كېلىنگەن ئامما ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمىغاچ، ئاممىغا ئازار بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، بىر پايمۇ ئوق چىقارمىدى، ئۇلار قۇرۇق قول بىلەن ئېلىشىپ، مۇھاسىرىنى يېرىپ چىقىشقا توغرا كەلدى. لۈجيەنخۈي بەستلىك، ئېگىز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي ماھارىتىمۇ يۇقىرى ئىدى، غەزەپ ئوتى يانغان مۇشۇ پەيتتە ئۇ مۇھاسىرىنى شىردەك يېرىپ چىقىپ، كۆۋرۈكنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن يۈگۈرگەن پېتى دەريانىڭ قېشىغا چىقىۋالدى، لېكىن بۇ چاغدا مۇئاۋىن يېتەكچى ۋە ئىككى نەپەر سەپدىشىنىڭ تېخىچىلا توپىلاڭچىلارنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلالمىغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە، سەپداشلىرىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يەنە كۆۋرۈك ئۈستىگە قايتىپ بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ دەرھال دەريا بويىغا چىقىپ، ھېچنېمىگە قارىماي كۆۋرۈك

ببشى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئەمما چلبۆرىدەك ياۋۇزلىشىپ كەتكەن توپىلاڭچىلار كۆۋرۈكنى قاتمۇقات قورشىۋالغانلىقى ئۈچۈن توسۇلۇپ قالدى، ھەرقانچە ئىلىشقان بولسىمۇ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتەلمىدى. بۇ چاغدا غالجىرلاشقان توپىلاڭچىلار «بۇ شادا پاچاقنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى!» «ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى!» دەپ چۇقان سېلىشتى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كېلىشىپ پىچاق سېلىشقا، پالتا چېپىشقا باشلىدى. لۇجيەنخۇيغا كەينى-كەينىدىن بىر نەچچە قېتىم پىچاق سېلىندى، ئۇ ئېلىشقاچ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئىسسىق قېنى كۆۋرۈككە ۋە ئاياغ ئىزلىرىغا تامدى. سان جەھەتتىن كۆپ توپىلاڭچىلار ئۇنى ئاخىر ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئون نەچچە يېرىگە پىچاق سېلىنغان، بېشى تېنىدىن ئاجراپ كېتىشكە تاس قالغان، پۇتۇن ئەزايىنىڭ ساق يېرى قالمىغانىدى، مىلىق-مىلىق قانغا بويىلىپ تونۇغۇسىز بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ جەسىتىنى يۆيۈپ تارايدىغان چاغدا، بېشىنى پاختا بىلەن ئوتۇپ تۇرۇپ، 100 نەچچە يىڭنە تىككەندىن كېيىن، ئاندىن تېنىگە ئۇلاندى. توپىلاڭچىلارنىڭ ياۋۇزلۇقى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ.

ئىنقىلابىي قۇربان لۇجيەنخۇي ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يولىدا بىر پايمۇ ئوق چىقارماي، قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇپ، ھازىرقى زامان ھەربىيلىرىنىڭ خىسلىتىنى نامايان قىلدى.

جۇڭگو خەلق قۇرالىق ساقچى قىسىم زۇڭبۇسى ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن بۇيرۇق چىقىرىپ، ئۇنىڭغا «چېگرا رايون قوغدىغۇچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى.



ئىنقىلابىي قۇربان گوشۇۋىن

# ياشلىق باھارىنى چېكىرا مۇداپىئەسىگە بېغىشلاش

## ئىنقىلابىي قۇربان گو شۈۋېننىڭ تەرجىمىھالى

لى شىشۈن

1

ئىنقىلابىي قۇربان گو شۈۋېن 1965-يىلى 7-ئايدا شىنجاڭنىڭ باي ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئەسلى يۇرتى خېبەن بولۇپ، ئاتىسى گو گۇاڭجۇن 60-يىللارنىڭ باشلىرى يۇرتىدا يۈز بەرگەن ئېغىر تەبىئىي ئاپەتتىن قېچىپ شىنجاڭغا كېلىپ، باي ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تەجرىبە پونكىتىدا ئىشچى بولغان.

گو شۈۋېننىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى خېلىلا ناچار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا دېھقانچىلىق تەجرىبە پونكىتىدا تۇرمۇش شارائىتى ناچار بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گو شۈۋېننىڭ ئائىلىسى گۈگۈپۈگۈغا تايىنىپ ياشايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى خېلىلا ناچار ئىدى. ئائىلىسى ئىقتىسادىي ئەھۋالنى ياخشىلاش ئۈچۈن، بىر نەچچە چوشقا بېقىپ قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندى. گو شۈۋېن مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرىدا ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلەتتى-دە، بوقچىسىنى قويۇپ قويۇپلا، ئاچىسى بىلەن بىللە چوشقىغا ئوت ئالغىلى چىقاتتى، ئوينايدىغان ۋاقتى ناھايىتى ئاز ئىدى. شۇڭا بەزى ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا «كىچىك چوشقا باقار» دەپ لەقەم قويۇپ قويۇشقانىدى. گو شۈۋېن بۇ لەقەمنى ئاڭلىغاندا تېرىكمەي كۈلۈپ قويۇپلا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. چوشقا باقمىسا ئائىلە تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ

باشقا يولى يوقلۇقنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى.

ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىقلارنى بىلگەن، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى تېتىغان گو شۈۋېن مەكتەپتە باشتىن-ئاياغ ئىنتايىن تىرىشىپ ئوقۇدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، مەكتەپ ئۆيىدىن ئۈت كىلومېتىردىن ئارتۇق نېرى بولغاچقا، ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، مومىدىن بىرنى ئالاتتى-دە، مەكتەپكە راۋان بولاتتى، مەيلى ۋىژ-ۋىژ ئىسسىق ياز كۈنلىرى بولسۇن ياكى لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان قاتتىق سوغۇق قىش كۈنلىرى بولسۇن، دەرسكە زادىلا كېچىكمەيتتى. ئۇ ئۆگىنىشتە ئىنتايىن تىرىشچان ۋە ئەستايىدىل ئىدى، ئۆگىنىش نەتىجىسى جەھەتتە سىنىپ بويىچە ئوتتۇرا ھاللارنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. مەكتەپ مۇدىرى ۋە مۇئەللىملەر ئاددىي-ساددا، سەمىمىي، دېھقان بالىسىغا خاس ئالاھىدىلىك چىقىپ تۇرىدىغان بۇ بالىنىڭ شۇنچە يىراقتىن كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆگىنىشتە تىرىشچان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن تەسىرلەنگەن ئىدى.

جاپالىق تۇرمۇش گو شۈۋېننى بالدۇر يېتىلدۈردى. ئۇ گەپكە چولتا، كەم سۆز ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى ئاز ئەمەس ئىدى، ئۇ جاپاغا چىدامىلىق، جاپادىن قورقماس بولۇپ تاۋلانغان ئىدى. ئۇ دوستلىرىغا: مېنى ئوقۇتۇش ئاتا-ئانامغا ئاسانغا چۈشمەيدۇ، مېنى ئوقۇتىمەن دەپ، ئۇزلىرى كۆيۈپ-پىشىپ ئىشلەپ كۆپرەك گۆكچۆك تېپىشقا تىرىشىدۇ، ياخشى ئوقۇمىسام، جاپا چېكىۋاتقان ئاتا-ئانامغا يۈز كېلەلمەيمەن، دېگەن ئىدى.

ئۇ كۆڭلىگە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلاش ۋە ئاتا-ئانىسىنى بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئارزۇسىنى پۈككەن ئىدى. ئۇ نەچچە ياش چاغلىرىدىلا دوستلىرىغا: ياخشى ئوقۇپ، ئاتا-ئانامنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشىم، جاپالىق كۈنلەرنى بىز مۇشۇ ئەۋلاد بەختىيار كۈنلەرگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك، دېگەن سۆزنى قىلغان ئىدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ دوستى سۈن ۋېي چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئۇنىڭ

يېنىدا يېگۈدەك بىر نەرسە يوقلۇقىنى بايقاپ دەرھال ئېمىشقا موما ئالغاچ كەلمىگەنلىكىنى سورىدى، گۇ شۆۋېن ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى: تۈنۈگۈن ئاتا-ئانام ئىش بىلەن بولۇپ يېرىم كېچىدە قايتىپ كېلىشتى، موما پىشۇرۇشقا ئۈلگۈرمىدى، ئەتىگەن قوپۇپ قارىسام، قاسقاندا ئاران ئىككى موما تۇرۇپتۇ، ئانام ئەتىگەندە يەنە ئىشقا چىقمىسا بولمايدۇ، مەن سىنىپتا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلايدىغانلىقىم ئۈچۈن، قورسىقىم ئېچىپ كەتمەس دەپ ئويلىدىم.

گۇ شۆۋېننىڭ ئائىلە تەربىيىسىمۇ ناھايىتى چىڭ ئىدى، ئاتا-ئانىسى بالىلىرىنى كىچىكىدىن تارتىپلا ئومۇمنىڭ نەرسىسىنى خالىغانچە ئالماسلىققا ئۆگەتكەن. ئائىلە تۇرمۇشى خېلىلا ئېغىر چاغلاردا يەيدىغانغا موما يوق، بەزىدە بىرەر ۋاخ تاماقسىز قالغان چاغلىرىمۇ بولغان. قولۇم-قوشنىلىرىنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيتتى، ئۇنىڭ ئاداشلىرى بەزىدە ئېتىزدىن بۇغداي باشاقلىرىنى ئۈزۈپ كېلىپ، پۇچىلاپ يەيتتى، بەزىلىرى گۇ شۆۋېننىڭمۇ شۇنداق قىلىشىنى ئېيتقاندا، ئاداشلىرىغا «ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ. بۇغداي تەجرىبە پۇنكىتىنىڭ، دۆلەت تەجرىبە قىلىۋاتقان بۇغداي، خالىغانچە ئۈزسەك بولمايدۇ، بىر ۋاخ ئاچ قالغانغا ئادەم ئۆلمەيدۇ، ئاڭلىسام سۇ بولسىلا ئادەم ئاچلىققا 8—10 كۈن چىدايدىكەن—جۇمۇ» دېگەن.

جاپالىق ئۆسمۈرلۈك دەۋر گۇ شۆۋېننى جاپاغا چىدامىلىق، تىرىشچان ۋە قورسىقى كەڭ قىلىپ يېتىلدۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭدا جاپاغا چىداپ باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدىغان، قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان ئىدىيىۋى پەزىلەت يېتىلدۈردى.

## 2

گۇ شۆۋېن 1982-يىلى 10-ئايدا شەرەپ بىلەن قوراللىق ساقچى چېگرا مۇداپىئە قىسمىغا كىردى. ئۇ ئىنقىلابىي قوشۇندىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئوچاقتا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئاكتىپ ئىشلەپ،

ئايىنغى تىبتىكلىكى، قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقى، كىشىلەرگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى بىلەن رەھبەرلىك ۋە سەپداشلىرىنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. قىسمىغا كىرىپ ئىككىنچى يىلىلا تەمىناتچىلىققا، كېيىن يەنە ياردەمچى خوجىلىق بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

1983-يىلى 8-ئايدا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا، 1985-يىل 5-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى.

گو شۈۋېن قىسمىدا تۇرغان سەككىز يىلنىڭ يەتتە يىلىدا بۇلۇڭكۆل ۋە مۇجى چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسولىرىدا ئىشلىدى. بۇ پەيچۇسولارنىڭ ھەر ئىككىسى دېڭىز يۈزىدىن ئاز كەم 4000 مېتىر كېلىدىغان ئېگىزلىكتە ئىدى. ئۇ يەردە ھاۋا شالاڭ بولغاچقا، سۇ 80 گرادۇستا قايناپتتى، سۈيۈقئاش پىشقىچە ئۇماچقا ئايلىنىپ قالاتتى. تاغ ئېگىز، يول ئۇزۇن ھەم ئېگىز-پەس بولغاچقا، جەڭچىلەرنىڭ يېڭى كۆكتاتلارنى يېيەلىشى ناھايىتى قىيىن ئىدى. ھەر كۈنى دېگۈدەك ياغ لازا يېيىشكە مەجبۇر بولاتتى، تاغقا ئېلىپ چىقىلغان كۆكتاتلارمۇ يولدا چايقىلىپ ئېزىلىپ كېتەتتى، قوغۇن-تاۋۇز، يەل-يېمىشلەرنى ئېلىپ چىقىش تېخىمۇ قىيىندى.

يولداش گو شۈۋېن مۇشۇنداق ئۇرمۇش مۇھىتىدا يەتتە يىلدىن كۆپرەك كۈرەش قىلغان ۋە ئىشلىگەن بولسىمۇ، رەھبەرلىككە ئۆز قىيىنچىلىقىنى قويۇپ باققان ياكى تاغدىن باشقا ئورۇنلارغا يۆتكىلىشنى تەلەپ قىلىپ باققان ئەمەس. ئەكسىچە، ئاكتىپ، تىرىشىپ ئىشلىگەن، بولۇپمۇ خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى بولغاندىن كېيىن، جەڭچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى بىر ئامال قىلىپ ياخشىلاش ئۈچۈن، جاپالىق، ئېغىر ھەم مەنىسىز بۇ يۈكنى ئۈن-تىنسىز كۆتۈرۈپ كەلگەن.

گو شۈۋېن قىسمىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئايدا بىر قېتىم تاغدىن چۈشۈپ، كۆكتات، ئاشلىق قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋالاتتى. تاغ يولى قاتمۇقات چوققىلار ئارىسىدا

بولۇپ، تولىمۇ ناچار ئىدى، بەزى قىسمى تار بولۇپ، ماشىنا ئاران-ئاران ئۆتەتتى. كۆپ چاغلاردا سائىتىگە ئاران 20 كىلومېتىر ماڭغىلى بولاتتى، بەزىدە تاغ ئارىسىدىن چىققۇچە يېرىم كېچىگىچە قالاتتى. تاغ ھاۋاسى سوغۇق، ئۆزگىرىشچان بولۇپ، 6-ئايدىمۇ قار ياغاتتى، ئۇزاق مۇددەت مۇشۇنداق مۇھىتتا ئىشلىگەن گو شىۋۋېن ئېغىر ئاشقازان كېسىلى ۋە رېماتىزىم كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى.

بىر كۈنى كۆكتات ئېلىپ قاراۋۇلخانىغا قايتىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ يېرىم يولغا كەلگەندە ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، يولنىڭ خېلى بىر قىسمىنى تاشقىن بۇزۇپ كېتىپ، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى، يول 2-3 كۈنگىچە ئېچىلمىغاندەك ئەمەس ئىدى. شوپۇر ئۇنى ھازىر قايتىپ چۈشۈپ كېتىپ، يول ياسالغاندىن كېيىن ئاندىن چىقىشقا دەۋەت قىلىدۇ، لېكىن گو شىۋۋېن سەپداشلىرىنىڭ نەقەززارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، تاغار-تاغار كۆكتاتلارغا قاراپ شوپۇرنىڭ دەۋىتىنى گەپ ئەگىتىپ رەت قىلىدۇ. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ، كۆكتاتلارنى يۈدۈپ، تىزغا چىقىدىغان سوغۇق سۇنى كېچىپ، بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، خېلى ئۇزاق كۈتۈپ، تاغدىن چۈشۈۋاتقان، لېكىن كەينىگە قايتىشقا مەجبۇر بولغان ماشىنا بىلەن كۆكتاتلارنى قاراۋۇلخانىغا ئەپچىقىۋالدى.

ئۇ خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى بولغاندىن كېيىن، قاراۋۇلخانىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، سەي قورۇش تېخنىكىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئاشخانىغا چۈشۈپ تاماق ئېتەتتى، سەي قورۇشقا ئۇستا يولداشلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنەتتى. ئۇ تېخنىكىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، قەشقەردىكى بىر مېھمانخانىدا ئۈچ ئاي ئۆگىنىپ، سەي قورۇش تېخنىكىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. قاراۋۇلخانىدىكى سەپداشلىرى ئۇنى لاگېرىمىزنىڭ «خوجايىنى» دەپ نەرپىلشەتتى.

گو شىۋۋېن خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى بولغان مەزگىلدە بەزىدە

بايغا كۆمۈرگە كېلەتتى. ئۇ بىر كۈنى شوپۇر بىلەن بىللە ئۆيىگە بېرىپ چۈشلۈك تاماق يەيدۇ، چۈشتىن كېيىن ماشىنا بىلەن خاڭغا چىقىدۇ. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن كۆمۈرنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، ئازراق ئارام ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئاچىسى ئۆكىسىنىڭ كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ. ئۆكىسىنىڭ كەلمىكىنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاپالىق تاغ شارائىتىدا مەدەنىي مەشغۇلات ئۆتكۈزگىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆكىسىنى قونۇپ قېلىشقا، كىنو كۆرۈپ، دەم ئېلىۋېلىپ ئەتە قايتىشقا دەۋەت قىلىدۇ. گو شۈۋېن ئاچىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دەرھال: «بولمايدۇ، قونالمايمەن: تاغدا كۆمۈر توگەپ قالغانىدى، مۇنداق ئەھۋالدا ئۆيدە خوزۇرلىنىپ ئولتۇرسام قانداق بولىدۇ» دەيدۇ. ئۇ ئاچىسىغا شۇ گەپنى قىلغاچ سومكىسىنى ئېلىپ، ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ، ماشىنىدىن قالماي قىسمىغا قايتىپ كېلىدۇ.

گو شۈۋېن كەم سۆز ئىدى، خىزمەتكە ۋە سەپداشلىرىغا قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. قاراۋۇلخانىدا ئەن گۇاڭخۇي ئىسىملىك بىر يۈگۈ جەڭچى بار ئىدى، ئۇ 1984-يىلى ملتىقىدىن ئوق چىقىپ كېتىپ، پۇتى يارىلانغان، يارىسى خېلىلا ئېغىر ئىدى. گو شۈۋېن ئۇنى 12-دوختۇرخانىغا ئېلىپ چۈشۈپ داۋالىتىدۇ. ئۇ سەپدىشىغا قاراش جەريانىدا دورا ئىچكۈزۈش، تاماق يېگۈزۈش، بەدىنىنى يۇيۇپ قويۇش، چوڭ-كىچىك تەرەتكە قاچا تۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆبدان قىلىدۇ. بۇ جەڭچىنىڭ جاراھىتى ئېغىر بولغاچقا، ئۈرۈمچىدىكى باش دوختۇرخانىغا يۆتكىلىدۇ. گو شۈۋېن يەنە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ، ئۇ سەپدىشىنىڭ بالدۇرراق ساقىيىشى ئۈچۈن، ئۇنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ياخشى باقىدۇ. ئەن گۇاڭخۇي دوختۇرلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى ۋە گو شۈۋېننىڭ ئوبدان قارىشى ئارقىسىدا خېلى تېز ساقىيىدۇ. گو شۈۋېننىڭ سەپدىشىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ۋە ئۇنى ئەتراپلىق كۈتۈشى دوختۇرلار، سېستىرالار ۋە شۇ كېسەلخانىدىكى ئاغرىقلارنىڭ

ماختىشىغا ئېرىشىدۇ، ئۇنى كېسەلگە ئۆز ئوغلىنىدىنمۇ، ئۆز قېرىنداشلىرىدىنمۇ يېقىن مۇئامىلە قىلىدىكەن دېيىشىدۇ. ئەن گۇاڭخۇي ھەربىي سەپتىن قايتقاندىن كېيىن، گو شۆۋېن بىلەن خېلى چاقچاقچە خەت يېزىشىپ تۇرىدۇ، ئۇ خەتلىرىدە گو شۆۋېننىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان مەزگىلىدە ئۆزىگە كۆڭۈل قويۇپ قارىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدۇ، گو شۆۋېننى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆرىدۇ.

3

گو شۆۋېن 17 يېشىدا قىسمىغا كىرگەندىن كېيىن قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان، ھاۋاسى ئىنتايىن ناچار ئېگىزلىكتىكى قاراۋۇلخانىدا بىر قانچە يىل تۇردى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەسكەر بولغان سەپداشلىرىنىڭ بەزىلىرى ھەربىي سەپتىن قايتىپ، شارائىتى يامان ئەمەس ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتى، بەزىلىرى يەنە توي قىلىپ، بەختىيار ئائىلە قۇرۇۋالدى.

گو شۆۋېنچۇ، ئۇ ئېگىزلىكتىكى قاراۋۇلخانىدا تۇرۇۋەردى. مۇجى پەيچۇسوسىدىكى چاغدا، بۇ يەردە ئۇنىڭدىن بۆلەك خەنزۇ يولداش يوق ئىدى. ئۇ قىرغىز تىلىنى خېلى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولدى، ھەر مىللەت سەپداشلىرى بىلەن قېرىنداشلاردەك ئىناق ئۆتتى، قاراۋۇلخانىنىڭ ئارقا سەپ تۇرمۇش ئىشلىرىنى رەتلىك، نەتىجىلىك ئىشلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە يولداش گو شۆۋېننىڭ ھالال ئەمگىكى ۋە قان تەرى سىڭدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە، خەلققە، پارتىيىگە بولغان ئوتتەك مۇھەببىتىنى جاپالىق چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىغا ئاتىدى.

ئۇ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن شۇ يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنى ناھىيىلىك دادۇي كادىرى بولۇپ يۆتكەلگەندە، تاغدىكى ھەر

مىللەت سەپداشلىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا قىيمىدى، ھەتتا جىدىي رەھبەرلىكىگە بىرىپ گو شۈۋېننى يۆتكىۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. كۆپ يىللىق جەڭگىۋار تۇرمۇش جەريانىدا، ئۇلار گو شۈۋېن بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقانىدى. 4-ئاينىڭ 5-كۈنى يولداش گو شۈۋېن باتۇرلارچە قۇربان بولغانىدا، ئۇنىڭ ئاقتو ناھىيىلىك دادۈيگە كەلگىنىگە ئەمدىلا ئون كۈن بولغانىدى.

يىتىشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، گو شۈۋېن كەلگۈسىدە ھەربىي سەپتىن قايتقان چاغدىكى چىقىش يولىنى ۋە شەخسىي تۇرمۇشىنى ئويلىماي قالمىدى. لېكىن چېگرا مۇداپىئە ئىشى بىلەن ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشىدىن ئىبارەت ئىككى ئىشتىن ئۇن-تىنسىز ئالدىنقىسىنى تاللىدى، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى ۋە بەختىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ قورقمىدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، گو شۈۋېن ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىمۇ تەدرىجىي ياخشىلاندى، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكنى تېجەپ ئائىلىسىگە پۇل-پۇچەك ئەۋەتىپ تۇرۇشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى. گو شۈۋېننىڭ ئاتىسى كونا ماشىنىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، كېچە-كۈندۈز قاتناپ، نەگە بارسا شۇ يەردە قونۇپ، مېھمانخانىغا چۈشمەي بىر نەچچە يىل جاپالىق ئىشلەپ، ئاخىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق تۇرمۇشقا ئېرىشكەنىدى.

گو شۈۋېننىڭ ئاتىسى ئوغلىنىڭ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش مۇددىتىنىڭ 1985-يىلى توشىدىغانلىقى، پات ئارىدا ھەربىي سەپتىن قايتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇش يولىنى ھازىرلاپ قويۇش ئۈچۈن، كىشىلەرگە ھاۋالە قىلىپ يۈرۈپ «شەرق شاملى» ماركىلىق ماشىنىدىن بىرنى سېتىۋالدى. ئۇ ئوغلىغا خەت يېزىپ، بۇنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى، لېكىن بۇ چاغدا رەھبەرلىك ئۇنى قىسمدا

داۋاملىق ئېلىپ قېلىشنى قارار قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغدىكى پەيچۇسوغىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پۇختا ئىشلەيدىغان خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى زۆرۈر ئىدى. ئومۇمنىڭ ئىشى بىلەن خۇسۇسىي ئىش ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كۆرۈلگەن چاغدا، گو شۇۋېن شەخسىي پىلانىدىن ۋاز كېچىپ ئاتىسىغا خەت يېزىپ، «پۇل تېپىش دەرۋەقە ياخشى، لېكىن مېنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىم بار، مەن بىر جەڭچى، ئىش ئورنۇم چېگرا مۇداپىئەسىدە، قاراۋۇلخانىدا. مەن پۇل تاپىمەن دەپ قايتسام بولمايدۇ» دەيدۇ. ئۇ ئاتىسىنى يېڭى ماشىنىنى كونا ماشىنا بىلەن قوشۇپ سېتىۋېتىپ، بىر نەچچە يىل خاتىرجەم ياشاشقا ئۈندەيدۇ. گو شۇۋېننىڭ ئاتىسى ئوغلىنىڭ ئىستىكىنى چۈشىنىپ، ئوغلىنىڭ ۋەتەنگە سادىق قىزىل قەلبىدىن تەسىرلىنىپ، كونا، يېڭى ماشىنىلارنى سېتىۋېتىپ، دېھقانچىلىق تەجرىبە پونكىتىغا قايتىپ، پېنسىيىگە چىققۇچە پونكىت شوپۇرى بولىدۇ.

گو شۇۋېننىڭ ئاتىسى 1989-يىلى ئوغلىنى يوقلاپ ئاقتو ناھىيىلىك دادۇيگە كېلىدۇ، ئۇ ئوغلىنىڭ ئېغىر ئاشقازان ۋە رېماتىزىم كېسەللىرىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى، تاغدا 6-7 يىل تۇرغانلىقىنى، تۇرمۇش مەسىلىسىنىڭ تېخى بىر تەرەپ بولمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوغلىغا كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يۇرتقا قايتساڭ بولارمۇ دېگەن پىكرىنى قويىدۇ.

گو شۇۋېن ئاتىسىغا سەۋرچانلىق بىلەن ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەيدۇ، قاراۋۇلخانىغا ئۆزىنىڭ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، كومپارتىيە ئەزاسى بولغاندىن كېيىن تەشكىلنىڭ قارارىغا بويسۇنۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. گو شۇۋېننىڭ ئاتىسى ئوغلىنىڭ پىشىپ قالغانلىقىنى، قەتئىي ئىرادىسىنى كۆرۈپ، يەنە بىر قېتىم بېشىنى لىڭشىتىپ، ئوغلىنى قوللايدۇ.

گو شۇۋېننىڭ چوكىيىشىغا ئەگىشىپ، ئائىلىسى ۋە دوستلىرى

ئۇنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلايدۇ. ئائىلە ئەھۋالى ياخشىلانغاندىن كېيىن، ئاتىسى ئوغلىنىڭ تويىغا لازىملىق رەڭلىك تېلېۋىزور، ئالتۇن ئۈزۈكلەرنى، ئۆي جابدۇقلىرى ياساشقا كېرەكلىك ياغاچلارنى ۋە يېتەرلىك نەق پۇل تەييارلاپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ باشقا ئاتا-ئانىلارغا ئوخشاش بالىلىق چاغلىرىدا جاپا چەككەن ئوغلىغا ياخشى بىر قىز تېپىپ، ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىنى تازا خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

لېكىن گو شۆۋېن يىراقتا چېگرا قاراۋۇلخانىسىدا بولغانلىقى، تۇرمۇش شارائىتى قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر نەچچە قىز بىلەن سۆزلىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ قىزلار ئۇنىمايدۇ. قىزلار گو شۆۋېننى يەنى بوي-تۇرقى، رەڭگى-روھى يامان ئەمەس، سادىق ئاقكۆڭۈل بۇ يىگىتنى يارىتىدۇ، لېكىن كەلگۈسىدە ھىجرانلىق، زېرىكىشلىك تۇرمۇشقا قېلىشتىن قورقىدۇ.

پەزىلىتى ياخشى، ۋىجدانلىق قىزلاردىن بىرى گو شۆۋېن تۇرغان مۇجى چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسىغا بېرىپ ئۈچ كۈن تۇرىدۇ. ئۇ قاراۋۇلخانىنىڭ جاپالىق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن گو شۆۋېننىڭ پەزىلىتىنى ۋە ئىشچانلىقىنى كۆرىدۇ، ئىككىسى ئۆزئارا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىپ پۈتۈشىدۇ، لېكىن قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى گو شۆۋېن ئاۋۋال يۆتكىلىپ كەلسۇن، ئاندىن توي قىلايلى دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قىز تۇرپانغا يۆتكىلىپ كېتىدۇ. ئىككىسى ئىككى ياقتا كۆرۈشۈپ تۇرالماي، ئاخىرى قول ئۈزۈشىدۇ. گو شۆۋېن ئەينى ۋاقىتتا مېنىڭ ئىش ئورنۇم قاراۋۇلخانىدا، قاراۋۇلخانا ھازىر ماڭا ئېھتىياجلىق، مەن بۇ يەردىن قايتالمايمەن دەپ ناھايىتى توغرا پوزىتسىيە بىلدۈرىدۇ.

ئارىنىڭ بۇزۇلۇشى گو شۆۋېننى قاتتىق قايغۇغا سالالمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئۆز خىزمىتىگە بولغان ئىشتىياقى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئۇ يەنىلا ئۈن-تىنسىز ئەگرى-توقاي تاغ يوللىدا قاتراپ يۈرۈپ، خوجىلىق

بۆلۈم باشلىقلىق خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەۋەردى. بۇ جەڭچىنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئىشىغا بولغان مۇھەببىتى ئۇنىڭ قايغۇسىنى يەڭگىللىتىۋەتكەنىدى. خېلى بىر قىسىم كىشىلەر: گو شىۋبىن بىر نەچچە قىز بىلەن سۆزلەشكەن بولسىمۇ، ھەممىسى بىلەن قاملىشالمىدى، لېكىن ئۇنىڭ چىرايى، يۈرۈش-تۇرۇشىدىن ئۇنىڭدا بىرەر قايغۇ سەزگىلى بولمايتتى، دېيىشتى.

ياشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا قايغۇرمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ لېكىن ئۇ ۋەتەننى ۋە چېگرا مۇداپىئە ئىشىنى ئۆزىنىڭ بەختىدىن ئالىي بىلگەچكە، كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىسىگە چىقالىدى. بۇنىڭدا خەلققە مۇھەببەت، دۈشمەنگە نەپرەت، ئىنقىلابىي جەڭچىگە خاس سادىق قىزىل قەلب بار ئىدى.

گو شىۋبىن 1990-يىلى 4-ئاينىڭ 5-كۈنى ھۆكۈمەت پۇلىنى ئامانەت قويۇش ئۈچۈن ۋېلسىپىت بىلەن بانكىغا كەلگەندە، بازىنى يېزىسىدا بىر ئۈچۈم بۇزۇقلارنىڭ جېدەل چىقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال دادۈي شتابىغا قايتىپ كېلىپ، ۋەزىپە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، جىددىي پەيتتە ئىنقىلابىي ھەربىيگە خاس يۈكسەك ئاڭلىقلىقىنى ئىپادىلىدى.

ئۇ شۈي شىنجيەن، ۋاڭ جىڭپىڭ، لۇ جيەنخۇي قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار بىلەن بىللە توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە قۇربان بولدى. ئۇلارنىڭ جىددىي پەيتتە ئويلىغىنى يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش، پارتىيىنىڭ سىياسىتى، ئاممىغا ئازار بېرىپ قويماسلىق بولدى. ئۇلار ئۆزىنى ئويلاپ باققىنى يوق. گو شىۋبىن قۇربان بولدى، توپىلاڭچىلار ئۇنىڭ ئون نەچچە يېرىگە پىچاق سالغان، بويىنى چانىۋەتكەن، ئوڭ قولىنى كېسىۋەتكەن. ئۇ ئۆز ھاياتى ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىدى، پۈتۈن ياشلىقىنى ۋەتەنگە، خەلققە، چېگرا مۇداپىئە ئىشىغا تەقدىم قىلدى.

ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قېنى بىكارغا كەتمىدى.

بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قۇدرەتلىك خەلق دېموكراتىيە-دىكتاتۇرىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى، ھەر مىللەت شىنجاڭ خەلقىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەشىنىڭ جىددىيلىكىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەن بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى. رېئاللىق ۋە تارىخ دۈشمەنلەرنىڭ ھەر قانداق سۇيىقەستىنىڭ جەزمەن بىتچىت بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

گو شۈۋېن قۇربان بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نامىنى مىليونلىغان خەلق مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. يولداش گو شۈۋېننىڭ ئاتىسى قىسىم باشلىقلىرىغا: گو شۈۋېننىڭ سىڭلىسىنى قىسىمغا بېرەي، ئۇ ئاكىسى تۇتقان مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ، ئاكىسىنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرسۇن، دەيدۇ.

قىسىم رەھبەرلىكى ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئاتىسىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولىدۇ.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ئۇيۇشقاقلىقىنىڭ ۋە مەڭگۈ غالىب كۈچ-قۇدرىتىنىڭ مەنبەسى مانا مۇشۇ يەردە.

جۇڭگو خەلق قۇراللىق قىسىملىرى زۇڭبۇسى 1990-يىلى 9-ئاينىڭ 5-كۈنى بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، گو شۈۋېنگە «چېگرا رايون قوغدىغۇچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى.

ئىنقىلابىي قۇربان گو شۈۋېن مەڭگۈ ھايات!



ئىنقىلابىي قۇربان ۋۇ يۇك

# ساپ قان، پاك ۋىجدان

## — ئىنقىلابىي قۇربان ۋۇ يۈكنىڭ تەرجىمىھالى

لى شىشۈن

1

1990 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر زەيدىن يۈسۈپ قاتارلىق ئەكسىلئىنقىلابىي كاتتىۋاشلارنىڭ پىلانلىشى بىلەن پىلانلىق، مەقسەتلىك، تەشكىللىك ھالدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قوزغىدى، ئۇلار دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش تۇغىنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئەھۋالنىڭ تېگى-تەكتىنى ئېنىق بىلمەيدىغان بىر تۈركۈم ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ ۋە ئەگەشتۈرۈپ، بارىن يېزىسىغا نەسىھەت بېرىپ توسۇشقا بارغان ھەر مىللەت كادىرلىرىنى ئۇردى، تەرتىپ ساقلاشقا ماڭغان قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر-جەڭچىلىرىنى توسۇۋالدى، ماشىنىلارنى ئۆرۈپ چېقىۋەتتى، جەڭچىلەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، ج خ كادىر-ساقچىلىرىنى بۇلدى ۋە ئۆلتۈرۈپ كەتتى. خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ج خ قوراللىق ساقچى قىسىملارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىنى ئاجىزلىق دەپ بىلگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلارنىڭ خورىكى بارغانسېرى ئۆسۈپ كەتتى، ئۇلار ئاخىرىدا يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدا تۇرۇۋاتقان ج خ قوراللىق ساقچى قىسىملىرىمىزغا كەينى-كەينىدىن ھۇجۇم قوزغىدى ۋە ئۇلارنى قورشىۋالدى.

ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي ئىدى.

يولداش ۋۇ يۈك ئۆزى تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىم قەشقەر

جىدۇي 2 ـ دادۇيىنىڭ 6 ـ جۇڭدۇيىدىكى كادىر ـ جەڭچىلەر بىلەن بىللە دەرھال بارىن يېزىسىغا ۋەزىيەت تۈگەشكە بېرىپ، يېقىن ئەتراپتىكى كەنتتە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى.

قىسىم كەچ سائەت 22 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە بارىن يېزىسىغا نەسىھەت قىلىپ توسۇش خىزمىتىنى ئىشلىگىلى كەتكەن بەش نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ج خ كادىر ـ ساقچىسىنى توپىلاڭچىلار تۇتۇۋېلىپ، بارىن يېزىسىدىن تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان بىر مەسچىتقا ئەكېتىپ قاتتىق تۇرۇۋاتقانلىقى، ئەھۋالنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. قىسىم بۇ ئەھۋالنى دەرھال يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن، يەرلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بارىن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئادەم ئەۋەتىپ، جىدۇي رەھبەرلىكىگە مەلۇم قىلىشنى قارار قىلىدۇ.

بۇ چاغدا 3 ـ بەنىنىڭ ياش بەنجاڭى ۋۇ يۇڭ، 2 ـ بەنىنىڭ مۇئاۋىن بەنجاڭى تيەن جۇڭفېڭ باتۇرلۇق بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، بۇ ۋەزىپىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار مۇئاۋىن جۇڭدۇي باشلىقى ئىبلى ياسىن بىلەن بىللە سائەت 23 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ماشىنا بىلەن يولغا چىقىدۇ.

يولغا چىقىش ئالدىدا، ۋۇ يۇڭ ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، مۇئاۋىن بەنجاڭ لىن يۇڭغا: «مەن كەتتىم، بەنىنى ساڭا تاپشۇردۇم، خېي ياۋشۇيگە ياخشى قاراپ قوي!» دەيدۇ.

ماشىنا بارىن يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن 1.5 كىلومېتىر بېرىدىكى قىزىل كۆۋرۈككە بارغاندا، بۇ يەردە مۆكۈپ ياتقان ھەم تېخى ھېلىلا ئاقتو چېگرا مۇداپىئە دادۇيىدىن شۇي شىنجيەن قاتارلىق تۆت ئىنقىلابىي قۇربانىنى ئۆلتۈرگەن توپىلاڭچىلار ئۇلارنى توسۇۋالىدۇ.

توپىلاڭچىلار بۇلۇۋالغان ج خ قوراللىق ساقچى كىيىملىرىنى كىيىۋالغان بولۇپ، مۇئاۋىن جۇڭدۇي باشلىقى ئىبلى ياسىننىڭ گېپى توگىمەيلا قاتىللىق قىلىش غەرىزىنى ئاشكارىلاپ، ئۇلارغا «پاڭ، پۇڭ»

ئوق چىقىرىدۇ.

ۋۇ يۇڭ ۋە ئىلى ياسىن، تيەن چۇڭفىبىڭلار ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئۈچ بۆلۈكلۈك سەپ تۈزۈپ، توقماق، قىلىچ، مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان، ھەر يەردەك ئىبتىلىپ كېلىۋاتقان توپىلاڭچىلار بىلەن تىغمۇ تىغ سەپ تۈزۈشىدۇ، ئىلى ياسىن ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى پەملەپ، دەرھال ۋۇ يۇڭ بىلەن تيەن چۇڭفىبىڭغا «دەرھال چېكىنىڭلار!» دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈنى بېسىلا-بېسىلمايلا، توپىلاڭچىلار بېشىغا كالتەك بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىۋېتىدۇ.

تيەن چۇڭفىبىڭ بىر نەچچە قەدەم يانا-يانمايلا، نەچچە ئونلىغان توپىلاڭچى ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

ۋۇ يۇڭ قاتمۇ قات مۇھاسىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، توپىلاڭچىلارنى ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا تامدىن ئارتىلىپ، بىر پۇقرانىڭ ھويلىسىغا كىرىۋالىدۇ. لېكىن ئىنتايىن ياۋۇز توپىلاڭچىلار ئىزدەپ كىرىپ، تونۇرغا كىرىۋالغان ۋۇ يۇڭنى تېپىۋالىدۇ. «ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەيلى!» دەپ ۋارقىراشقان ھالدا، ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىدۇ ۋە توقماق، كالتەكلەر بىلەن قاتتىق ئۇرىدۇ.

ھاياتى ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالغان ۋۇ يۇڭ مىلتىقىنى قۇچاقلىۋالغان بولۇپ، ھەر قانچە تاياق يېسىمۇ قويۇۋەتمەيدۇ. ئۇ يۇقىرىنىڭ ۋەقەنى يوغىنىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن خالىغانچە ئوق چىقىرىشقا بولمايدۇ دېگەن بۇيرۇقىنى باشتىن-ئاخىر ئىبسىدە چىڭ تۇتۇپ، ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىمۇ ھەربىيلىنىڭ شان شەرىپىنى، پولاتتەك ئىنتىزامىنى ئىسىنسىق قېنى بىلەن ساقلايدۇ. ئۇ زور ئاھانەت ۋە خەۋپكە چىداپ، مەردلەرچە قۇربان بولىدۇ.

ياۋۇز توپىلاڭچىلار قىلىچ، پالتا ۋە خەنجەر بىلەن ۋۇ يۇڭنىڭ 30 نەچچە يېرىنى زەخمە قىلغان، كەينى تەرەپتىن بېشىغا ئىككى پالتا

ئۇرۇپ، مبڭسسنىڭ قبتقىنى چقىرئۇەتكەن. ئۇڭ قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمقى بىلەن بىگنز قولىنى ئۈزۈۋەتكەن. ۋۇ يۇڭ قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان بولغاندىن كېيىنمۇ، ئەكسىئىنقىلابىي توپىلاڭچىلار تەشكىلاتىنىڭ بىر كاتتىبشى ۋۇ يۇڭنىڭ جەستىگە يەنە 4-5 قىلىچ چاپقان، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان توپىلاڭچىلار يەنە ۋۇ يۇڭنىڭ جەستىنى ھاجەتخانىغا تاشلىۋەتكەن.

ۋۇ يۇڭ قۇربان بولغان چاغدا تېخى 19 ياشتا ئىدى.

ئۇ، ئۆزىنىڭ قىنى ۋە ھاياتى بىلەن ئەكسىئىنقىلابىي توپىلاڭچىلار، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە ياۋۇزلۇقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى؛

ئۇ ئۆزىنىڭ قىنى ۋە ھاياتى بىلەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارغا ئالدانغانلارنى چۆچۈتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىنى ئاچتى؛

ئۇ ئۆزىنىڭ قىنى ۋە ھاياتى بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە چىبگرا رايونىنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق ۋەزىيىتىنى قوغدىدى.

جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىم زۇڭبۇسى 1990-يىلى 6-ئاينىڭ 5-كۈنى ئىنقىلابىي قۇربان ۋۇ يۇڭغا «چىبگرا رايون قوغدىغۇچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى. ئۇ تۇرغان قىسىم ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى دەپ ئېتىراپ قىلدى.

2

ۋۇ يۇڭ 1971-يىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى شىزۇيشەن شەھىرىنىڭ داۋۇكو رايونىدا كادىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئەسلى يۇرتى شەندۇڭنىڭ تەيئەن ناھىيىسى. ئۇنىڭ ئاتىسى ۋۇ ۋېنيى، ئانىسى جاڭ سۇلىيەن بالىسىغا ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ۋۇ يۇڭ مۇشۇنداق ئائىلە مۇھىتىدا تۈز ھەم خۇشخۇي ئادەم بولدى. ئۇ تىرىشچان بولۇپ، باشلانغۇچتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكىچە ناھايىتى ياخشى ئوقۇدى، ئۇ باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە ئامراق ئىدى، ئۆزىنىڭ ئوقۇش

بۇيۇملىرىنى داۋاملىق ساۋاقداشلىرىغا بېرىۋېتەتتى.

ۋۇ يۇك تولۇقسىز ئوتتۇرىغا چىققاندا، ئاكىسى ۋۇ خۇي شەرەپ بىلەن ئارمىيىگە كىردى، ۋۇ يۇكىنىڭ ئاكىسىغا ئىنتايىن مەسىلىكى كېلەتتى، ئۆزىمۇ كەلگۈسىدە ئەسكەر بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ مۇشۇ ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىپ بەدەن چېنىقتۇردى، ئۇ چامباش ئويناشقا بەكمۇ ئامراق ئىدى.

ۋۇ يۇكىنىڭ ئاتىسى 1988 - يىلى رەسمىي ئىشچى كورسە تكۈچىدىن بىرنى تېپىپ، ۋۇ يۇكىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغان، ھەتتا ئىشچى قوبۇل قىلىش ئانكېتىنى قولىغا تۇتقۇزغان بولسىمۇ، ۋۇ يۇك قىزىقمىدى ۋە ئاتىسىغا ئۆزىنىڭ ئىشچى بولغۇسى يوقلۇقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ غايىسى ئەسكەر بولۇش، بولۇپمۇ چوقۇم قوراللىق ساقچى بولۇش ئىدى.

ئاتىسى ۋۇ يۇكىنى گەپكە كىرگۈزەلمەي قارارىدىن كېچىشكە مەجبۇر بولدى. ۋۇ يۇك رەسمىي ئىشچى بولۇشنىڭ پايدىسىنى بىلمەمتى، رەسمىي ئىشچىلىق كورسەتكۈچىگە ئېرىشىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلمەمتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن غايىسى بار ئىدى، ئۇ ئۆز غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك يوللار بىلەن تىرىشتى. ئازراق خاتىرجەملىك ۋە راھەتتىنى دەپ ئۆز غايىسى ۋە نىشانىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايتتى.

ۋۇ يۇكىنىڭ غايىسى 1989 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى.

شۇ يىلى قوراللىق ساقچى قىسمىغا ئەسكەر قوبۇل قىلىنغاندا، ئۇ تەكشۈرۈشلەردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ تەستىقلاندى. ۋۇ يۇك بىر نەچچە كۈن خۇشال بولۇپ يايراپ كەتتى. ئۆز خۇشاللىقىنى باسالماي ھەممە دوستلىرىغا ئېيتتى.

يېڭى ئەسكەرلەر تەقسىم قىلىنغاندا، ۋۇ يۇك يىنچۇەنگە تەقسىم قىلىنغانىدى، يىنچۇەن نىڭشيانىڭ مەركىزى بولۇپ، ئۇيىگە يېقىن ئىدى، بىرمۇنچە كىشىلەر ۋۇ يۇكىنىڭ تەلىيى بار ئىكەن دېيىشكەنىدى.

لېكن ۋۇ يۇڭ بۇ تەقسماتتن خۇشال بولمدى. ئۇڭلۇق ئاتا-ئانسى ئوغلننڭ ئەسكەر بولۇشنى قوللغان بولسمۇ، ئۆيگە يېقنراق يەردە تۇرۇشنى ئارزۇ قلاتتى. لېكن ئۇلار ۋۇ يۇڭدن پكر ئالغاندا، ۋۇ يۇڭ شنجاڭغا بېرش ئارزۇسى بارلقنى ئېيتتى. ئۇ ئۆي يېقن بولسا، تۇرمۇشقا ئەپلك بولدۇ، لېكن چېنقشمغا شنجاڭ ياخشى، دەپ قارايتتى. ياخشى ئەر نەدە تۇرسا بولۇۋېردۇ، ئۇ ئۆينڭ بوسۇغسدا تۇرۇشنى خالمايتتى. ۋۇ يۇڭنڭ ئاتا-ئانسى ئوغلننڭ ئارزۇسنى چۈشنپ، ئەسكەر قوبۇل قلشقا مەسئۇل تارماققا بېرپ، ئەھۋالنى ئەپسلي ئېيتقاندن كېين، ئۇ ئاخر شنجاڭغا تەقسم قلندى.

ۋۇ يۇڭ يېڭى ئەسكەرلەرنى ئۇزتپ قويۇش يغنندا يېڭى ئەسكەرلەرگە ۋەكالتەن قزغن سۆز قلدى. ئۇ خەلقنڭ ئۆزلرنگە ئشنەنگەنلكدن تەسرلەنگەنلكنى ئېيتتى ھەمدە تەنتەنە بلەن: داۋۇكو خەلقنڭ پەرزەنتى بولۇش سۆيپتى بلەن قسمغا بارغاندن كېين چوقۇم ياخشى ئشلەيدغانلقنى، «ئەسكەر بولغان ئكەن، ياخشى ئەسكەر بولدغانلقى، داۋۇكونڭ يۈزنى ھەرگز چۈشۈرمەيدغانلقى»نى جاكارلدى.

داۋۇكو خەلقى بۇ ئوغلننڭ ئۇلۇغۋار ئرادسگە قزغن چاۋاك بلەن جاۋاب بەردى.

ۋۇ يۇڭ يولغا چقش ئالدندا، يەڭگسى ئۇنڭغا: «ۋۇ يۇڭ ئۇكام، ئەسكەر بولماق ئانچە ئاسان ئەمەس، جەڭگە قاتنشدغان گەپ» دېگەندە، ۋۇ يۇڭ «جەڭگە قاتناشمغاندا قەھرمان بولغلى بولمايدۇ-دە!» دەپ جاۋاب بېرپ، ئۆزنڭ جاسارتنى بلدۈردى.

ۋۇ يۇڭ كچك بولسمۇ، ئنتاين جۇشقۇن ئدى. ئۇ نڭشيادن ۋەتەننڭ ئەڭ غەربدكى قەشقەر قوراللق ساقچى قسمغا ئەنە شۇنداق كەلگەندى.

قسمنڭ يېپيېڭى، جددى تۇرمۇشى ۋۇ يۇڭدا ھېچقانداق قېيىنچلقتن قورقۇش كەيپياتى تۇغدۇرالمدى. ئۇ ھەربي

تەلىم-تەربىيىگە ئاجايىپ جاسارەت بىلەن كىرىشىپ كەتتى. قوراللىق ساقچى قىسمىدا ئىشلىشىش مەشىقى كۆپرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاپالىق ئىدى. بىر قېتىملىق مەشىق ئاياغلاشقىچە تولا چاغلاردا پۈتۈن ئۈستىبېشى پاتقاق بولۇپ كېتەتتى، لېكىن ۋۇ يۇك بىرەر قېتىممۇ ھاردىم دەپ باققان ئەمەس، ئۇ تاكتىكىلىق ھەرىكەتلەرنىڭ ھەر بىرىنى جاپالىق تىرىشىپ ئۆگىنىۋالدى. جاپادىن قورقماي تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەربىي تېخنىكىسى يېڭى ئەسكەرلەر ئىچىدە ئەڭ ئالدىدا تۇراتتى، بۇ ئەھۋال رەھبەرلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېڭى ئەسكەرلەر ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ بەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى.

3

ۋۇ يۇك ھەربىي مەشىقتە ھەممىدىن ئالدىدا تۇرۇپلا قالماي تۇرمۇشتىمۇ بەندىكى يولداشلارغا ئىنتايىن كۆيۈنەتتى. باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق بىلەتتى. ئائىلە تەربىيىسى ۋە شەندۇڭلۇقلارنىڭ خۇشخۇيلۇق، كەڭ قوللۇق مىجەزى، بولۇپمۇ قىسىمنىڭ تەربىيىسى ئۇنى شۇنداق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرگەنىدى. ۋۇ يۇك قىسىمغا كەلگەندىن كېيىن يولداشلار بىلەن ئىتتىپاق ئۆتتى، يولداشلارغا كۆيۈندى. سەپدىشى بەي خەيلۇڭ ئېھتىياتسىزلىقتىن قىشلىق كىيىمىنى كۆيدۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ۋۇ يۇك ئىنتايىن تىت-تىت بولۇپ، جىدۈي رەھبەرلىكىگە دەپ ئۇنىڭغا بىر قۇر يېڭى قىشلىق كىيىم سېتىۋېلىپ بېرىدۇ. بەي خەيلۇڭ بۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، ئايلىق تارقىتىلغاندىن كېيىن پۇلۇڭكىنى جەزمەن بېرىۋېتىمەن دەيدۇ. ۋۇ يۇك بولدى، كېرەك يوق دەپ جاۋاب بېرىدۇ. سەپداشلىرىدىن ۋۇ ۋېنشيۇ بىلەن چېن دېيچىڭنىڭ ئايىغى تېشىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋۇ يۇك ئۆزىنىڭكىنى ئىككىسىگە بېرىدۇ. ۋۇ يۇك ئەسكەر بولغاندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسى ئەسكەر كۆپ

مەشىق قىلىدۇ، ئاياغ كۆپ كېتىدۇ دەپ ئويلاپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ جۈپ ئاياغ ئەۋەتىپ بەرگەنىدى. ۋۇ يۇڭ ئەنە شۇ ئاياغلارنى سەپداشلىرىغا بېرىۋېتىدۇ. ۋۇ يۇڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، قىسىم ئۇنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى رەتلەپ كۆرۈۋېدى، بىرقۇرمۇ ئوشۇق كىيىم چىقمىدى. ئۇ بۇ نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى سەپداشلىرىغا بېرىۋەتكەنىدى.

6-جۇڭگودىيىنىڭ 3-بەندىكى جەڭچى خې ياۋشۇ قىسىمغا كىرگەندە ئاران 16 ياشقا كىرگەنىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بويى پاكار ئىدى، ۋۇ يۇڭ بۇ كىچىك جەڭچىگە غەمخورلۇق قىلىشنى ئۆز ئۇستىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا خۇددى ئاكىسىدەك ھەر جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلدى. ھەر قېتىم ياخشىراق تاماق ئېتىلگەندە، ئۆزىگە تېگىشلىك ياخشى سەي، ياخشى تاماقلارنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭ قاچىسىغا بۆلۈپ بېرەتتى. قۇربان بولۇش ئالدىدا، ۋەزىپە ئۆتەشكە ماڭغان ئاخىرقى مىنۇتتىمۇ مۇئاۋىن بەنجاڭغا ئۆزىنىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى تاپىلىغانىدى. ۋۇ يۇڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، خې ياۋشۇ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكتى، خېلىغىچە ئۆزىنى بېسىۋالالمىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بەنجاڭ قۇربان بولدى، ئەمما ئۇ ماڭا ھاياتتەك، يېقىندىن بېرى كۆزۈمنى يۇمسىلا، ئۇ ئالدىمغا كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى.»

ۋۇ يۇڭ ئىقتىدارلىق يىگىت ئىدى. ئۇ گىتارغا، چاقماق ئۇسۇلىغا ئۇستا ئىدى. جەڭچىلەر دەم ئالغاندا ھامان ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، گىتارىنى، ناخشىسىنى ئاڭلايتتى. قىسىم تۇرۇشلۇق جايدىكى مەكتەپتىكىلەر باھار بايرىمىدا قىسىمدىن ھال سورىغىلى كەلگەندە، ۋۇ يۇڭنىڭ چاقماق ئۇسسۇلى ئوقۇغۇچىلارنى ھەيران قالدۇرغانىدى. ئۇلار توختىماي چاۋاك چېلىپ، ئۇنىڭ ئۇسسۇلىغا تەنتەنە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىزغىن مۇھەببىتىنى قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەنىدى.

قىسىم قەشقەر شەھىرىدىكى جۇڭگو بانكىسىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن چاغدا، ۋۇ يۈك ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، 1 ـ قەۋەتتىن 5 ـ قەۋەتكىچە كارىدور ۋە پەلەمپەيلەرنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ، بانكا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ۋە كادىرلىرىغا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. ۋۇ يۈكنىڭ قۇربان بولغانلىقى بانكىغا ئاڭلانغاندىن كېيىن، بانكىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر كۆز يېشى قىلدى. ئۇلار ۋۇ يۈكنى دەپنە قىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىش بىلەنلا قالماي، يەنە بۇ ئىنقىلابىي قۇربانغا ئاتاپ پۇل ئىئانە قىلدى. ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ھال سورىدى.

ۋۇ يۈك كۈندىلىك تۇرمۇشتا باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىپلا قالماي، ئالغا بېسىشقا تېخىمۇ تىرىشىپ ئىنتىلدى. ئۇ سىياسىي ئىشلار ۋە ئىقىم مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلەتتى. «19 ـ ماي» ئىغىر مالىمانچىلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، قاتتىق غەزەپلىنىپ، بىر ئوچۇم بۇزۇقلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايى قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئىنقىلابىي جەڭچىگە خاس ئېنىق سىنىپىي مەيدانىنى ئىپادىلىگەنىدى. ئۇ پارتىيىگە كىرىشنى ئاكتىپ تەلەپ قىلغان، يەنە تېخى 1990 ـ يىلى چوقۇم پارتىيىگە كىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ۋۇ يۈك ئىبغىزىدا شۇنداق دەپلا قالماي، ئەمەلىيىتىدىمۇ تا ئۆز ھاياتىنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يولىدىكى قانلىق كۆرەشتە تەقدىم قىلغانغا قەدەر مۇشۇ نىشانغا قاراپ تىرىشقانىدى.

4

ۋۇ يۈك ئەسكەر بولۇپ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، قىسىمنىڭ تەربىيىسى ۋە تۇرمۇش مۇھىتى، ئۇنىڭدا شۇنىڭ چوڭقۇر تونۇتتىسكى، چېگرا رايون قورالىق قىسىم جەڭچىسىنىڭ زىممىسىگە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي

بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ھەم جاپالىق ۋەزىپە يۈكلەنگەن. ئۇلار تىنچ مۇھىتتا ھەر مىللەت خەلقىگە كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنە بولۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا ئۈلگە بولۇپ، ئىچكى-تاشقى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مىللەتلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقىنى بۇزۇش سۇيىقەستىنى تارمار قىلىشى كېرەك.

ۋۇ يۈك مۇشۇنداق ئىدىيىۋى تونۇشقا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئەسكەر بولغان قىسقىغىنە بىر يىل ئىچىدە ھەر مىللەت خەلقىغە كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ بەردى.

قىسىم تۇرۇشلۇق جايدىكى يۇقىرا ئىبزىز تۇراپنىڭ قىزى ئائىلىسىدە ماجىرا چىقىپ، ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزەلمەي، كالتە پەملىك قىلىپ، بۇ يىل 3-ئاينىڭ 20-كۈنى چوڭقۇرلۇقى ئۈچ مېتىردىن ئاشىدىغان كۆلگە ئۆزىنى ئاتتى. باش ئەتىياز بولغاچقا، سۇ مۇزدەك سوغۇق ئىدى، قاشتا تۇرغانلار تىت-تىت بولدۇ-يۇ، سۇغا سەكرەپ چۈشۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، ھەربىي مەشىق قىلىۋاتقان ۋۇ يۈك ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان ئوقتەك يۈگۈرۈپ كېلىشىدۇ. ۋۇ يۈك كۆل بويىغا كېلىپلا، پولات قالپىقىنى چۆرۈۋېتىپ، كىيىمى بىلەنلا كۆلگە سەكرەپ چۈشۈپ، سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ھېلىقى قىزنى قۇتقۇزۇۋېلىپ چىقىپ، دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. ۋۇ يۈك ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ ھايات-ماماتىغا قارىمايدىغان بۇ ھەرىكىتى شۇ سورۇندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە 3-ئاينىڭ 23-كۈنى سەھەردە، يېڭىشەھەر رايونىغا قاتتىق يامغۇر يېغىپ ھۆلچىلىك بولۇپ كېتىدۇ. قەشقەر 5-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى نۇرنىسانىڭ ئۆيى سەھەردە 6-جۈگدۈيگە كېلىپ، قىسىمنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئۆنىڭ ھويلىسىنى يامغۇر سۈيى ۋە قېشى ئېلىپ كەتكەن ئۆستەڭ سۈيى بېسىپ كەتكەن، ئۆيلىرىگىمۇ سۇ كىرىپ كەتكەن، ئورغۇن نەرسىلىرى سۇ ئۈستىدە لەيلەپ قالغانىدى. جۇڭدۇي رەھبەرلىكى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال بۇيرۇق بىلەن جۇڭدۇيدىكىلەرنى يىغىپ خەۋپتىن قۇتقۇزۇشقا ئاتلاندۇردى. قىسىم ئورنىسانىڭ ھويلىسى قېشىغا يېتىپ كەلگەن ھامان، ۋۇ يۈك بىرىنچى بولۇپ ئېگىز تامدىن ئارتىلىپ ئۆيگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى تېلېۋىزور، موتسىكلىت، كىيىم تىككۈچ ماشىنىسى، گىلەم، يوتقان-كۆرپە قاتارلىق نەرسىلىرىنى سەپداشلىرى بىلەن بىللە تالاغا ئەپچىقۋالدۇ. ئاندىن ۋۇ يۈك ۋە ئۆنىڭ سەپداشلىرى تىزغا چىقىدىغان سوغۇق سۇنى كېچىپ يۈرۈپ، ھويلىدىكى سۇنى داس، چېلەكلەر بىلەن چىقىرىۋېتىدۇ، ئۆستەڭنىڭ يار ئېلىپ كەتكەن يېرىنى ئېتىدۇ. ئۇلار ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىسا ۋە ئۆنىڭ ئېرى ھاياجانلىنىپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدۇ، ئۇز رەھمىتىنى بىلدۈرۈشكە گەپ تاپالماي قالدۇ.

قىسىم تۇرۇشلۇق جايدا يېشى يۈزگە يېقىنلىشىپ قالغان خەيرىنىساخان ئىسىملىك بەشتە كاپالەت ئايال بار ئىدى، ۋۇ يۈك سەپداشلىرى بىلەن بىللە شۇ مومايىنىڭ تۇرمۇشىغا قاراشنى ئۈز ئۈستىگە ئالدۇ ۋە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلىغا داۋاملىق مومايغا نەرسە-كېرەك ئەكىلىپ بېرىدۇ، مومايغا سۇ توشۇپ، ئوتۇن يېرىپ، ھويلا-ئارامىلىرىنى سۈپۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار مومايىنىڭ ئۈز نەۋرىلىرىگە ئوخشاش موماي ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەردىن بولۇپ قالدۇ.

ۋۇ يۈكنىڭ قۇربان بولغانلىقى قىسىم تۇرۇشلۇق جايغا ئاڭلانغاندىن كېيىن، ئورغۇن ئەر-ئايال، قېرى-ياش ئۇيغۇرلار جۇڭدۇي رەھبەرلىكىدىن ۋۇ يۈكنىڭ قۇربان بولۇش ئەھۋالىنى تىڭ-تىڭلىشىدۇ، ئورغۇنى ئەھۋالنى ئاڭلاپ ئىسسىق ياش تۆكىدۇ. خەيرىنىساخان ئۇزاقىچە يىغىسىنى باسالمايدۇ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنى ئىنسان قېلىپىدىن

چىقىقان يىرتقۇچلار دەپ تىللايدۇ. ۋۇ يۈرەك — بۇ ياش جەڭچىنى كىشىلەر ئۇنتۇمايدۇ، ئۇنىڭ ھەر مىللەت خەلقىغە قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرىنى كىشىلەر ئۇنتۇمايدۇ. كىشىلەر بىر قىسىم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ۋەھشىيانە جىنايى قىلمىشلىرىغا ۋە مىللەتلەرنى، ۋەتەننى پارچىلىۋەتمەكچى بولغان ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيىقەستىگە تېخىمۇ قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ

ۋۇ يۈرەكنىڭ قېنى بىكارغا كەتمەيدۇ. ھەر مىللەت خەلقى ئۇنىڭ شانلىق ئەمما قىسقا ھاياتىنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش ئۈچۈن مەڭگۈ يىمىرىلمەس پولات ئىستىھكام قۇرىدۇ.



ئىنقىلابىي قۇربان تيەن چۇڭفېڭ

# ئاۋازسىز ۋەسىيەت

## ــ ئىنقىلابىي قۇربان تيەن چۇڭفېڭنىڭ تەرجىمھالى

مىڭ شيەندىيەن

ملادى 1990 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاقتو ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىشتا قوراللىق ساقچى شىنجياڭ زۇڭدۈي قەشقەر جىدۈيى 6 - جۇڭدۈي 2 - بەنىنىڭ مۇئاۋىن بەنجاڭى تيەن چۇڭفېڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا كېتىۋاتقاندا، ئەكسىلئىنقىلابچى توپىلاڭچىلار ئۇنى توسۇۋېلىپ، ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ قۇربان بولغاندا ئاران 21 ياشتا ئىدى.

ئىنقىلابىي قۇربان تيەن چۇڭفېڭ ئالدىراش كېتىپ قالدى، قۇربان بولۇش ئالدىدا بىر ئېغىزمۇ ۋەسىيەت قالدۇرمىدى. كىشىلەر بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، توپىلاڭچىلارنى سوراق قىلىش ئارقىلىقلا، ئۇنىڭ مەردلەرچە قۇربان بولغانلىقىنى، ھەققانىيەت يولىدا توپىلاڭچىلار بىلەن باتۇرانە ئېلىشقانلىقىنى ئۇقتى، ئۇنىڭ خەلقىمىزگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ئاۋازسىز ۋەسىيىتىنى ئۇقتى.

تيەن چۇڭفېڭنىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، كىشىلەر قاتتىق-قايغۇ ھەسرەتكە چۆمدى. ئۇنىڭ سەبداشلىرى، ئۇنى بىلىدىغان كادىرلار، ئامما بۇ خەۋەرنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىدى، سەبداشى ۋە يېقىن كىشىسىنىڭ ئۆزلىرىدىن مۇشۇنداق ۋاقىتسىز ئايرىلغىنىغا ئىشەنمەي قېلىشتى. شۇنچە تېتىك، شۇنچە قامەتلىك، شۇنچە قەيسەر، ھەرقاچان ئالغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان، خەلقنى، ھاياتنى قىزغىن سۆيىدىغان بۇ ياش جەڭچى ئۆزىنىڭ ئورغۇپ تۇرغان ئۈمىدلىك ھاياتىنى توپىلاڭچىلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا كۆزىنى يۇمۇپ ئاشقۇچىلىك ئارىلىقتا ئاخىرلاشتۇرۇپ كىشىلەردىن ئايرىلغان تۇرسا، كىممۇ ئىشەنگۈسى كەلسۇن.

ۋەھالەنكى، بۇ بەربەر رەئاللىق، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە ئەكسىيەتچىل توپىلاڭچىلار ئۆز قولى بىلەن پەيدا قىلغان جىنايى رىئاللىق ئىدى. ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما قايغۇ-ھەسرەت ۋە ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن، ئىنقىلابىي قۇربان تيەن چۇڭفېڭنى چىن كۆڭلىدىن ياد ئېتىشتى.

## ئوقۇغۇچىلىق دەۋرى

تيەن چۇڭفېڭ 1969-يىل 6-ئايدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇرۇلۇش 2-شىسىنىڭ 3-قۇرۇلۇش رايونى (ھازىرقى يېزا ئىگىلىك 9-شىسى)دا يېزا ئىگىلىك ئىشچىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دادىسى تيەن شىبگشيەن شىمالىي جياڭسۇنىڭ فېڭتيەن ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1959-يىلى دۆلەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن. ئۇ سەممىي، مۇلايىم، ساددا، كەمسۆز كىشى بولۇپ، چېگرا رايوننى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشكە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن. 1977-يىلى 10-ئايدا ئۇ بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ، نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، يىنچۇەن شەھىرىنىڭ شىبگەر زاۋۇتىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشچى بولغان. تيەن چۇڭفېڭنىڭ ئانىسى چۇ جىڭلەن ئاق كۆڭۈل، چەۋەر ئائىلە ئايالى، بىراق تېنى ئاجىز، كېسەلمەن بولغاچقا، ئۇزاق ۋاقىت ئىشقا قاتنىشالمىغان، بەش بالىنىڭ ھەممىسى تېخى كىچىك بولغاچقا، بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى قىيىنراق ئىدى.

تيەن چۇڭفېڭ كىچىكىدىن تارتىپلا بىڭتۇەندىكى ئىگىلىك ياراتقۇچىلارنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، ئۇ تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيەتتى، قەيسەر، جەسۇر ئىدى، كوللېكتىپنى، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيەتتى، ساددا، ئاق كۆڭۈل ئىدى. كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئاتا-ئانىسىغا چامىسىنىڭ يېتىشىچە ياردەملىشەتتى. ئۇ ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلەيتتى. ئىقتىسادچىل ئىدى. ئەزەلدىن پارچە-پۇرات

پۇل خەجلىمەيتتى. ئۇ 1984 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئائىلىسىدە ئىش كۈتۈپ تۇرۇپ قالدى، ئائىلىسىنىڭ سىيلىقىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئۆزلۈكىدىن ۋاقىتلىق ئىش تېپىپ ئىشلەيدۇ. ئۇچاغدا ئۇنىڭ بىر سىنىپتا بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئائىلىسىدە بىكار ئويناپ يۈرۈشەتتى؛ شۇڭا، تيەن چۈڭفېڭنىڭ پارچە - پۇرات ئىشلەپ پۇل تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بەزى ساۋاقداشلىرى ئۇنى ئەيىبلەشتى. بەزىلىرى ئۇنىڭغا: «چۈڭفېڭ، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تۇرۇپمۇ سىرتتا قارا ئىشچى بولۇپ يۈرۈپسەن، خەقنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن قورقمامسەن؛ ئىشلىمەيلا قويغىنا!» دېگەندە، تيەن چۈڭفېڭ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئىشلەپ پۇل تېپىش يامان ئىش ئەمەس، سۆز - چۆچەك قىلىدىغان نېمىسى بار؟» دەيدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە پىسەنت قىلماي، ھەر كۈنى ئىشقا بالدۇر چىقىپ، ئىشتىن كەچ قايتىدۇ، پۈتۈن ئەزاسى تەرگە چۆمۈپ، چارچىغىنىدىن بەدىنىنى سىقىراپ ئاغرىپ كەتسىمۇ ھەرگىز ھاردىم - تالدىم دەپ ۋايسىمايدۇ. بىر نەچچە ئاي جاپالىق ئىشلەپ، 200 نەچچە يۈەن پۇل تاپىدۇ ۋە پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۆيىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئانىسى ئوغلىنىڭ بىرىنچى قېتىم تاپقان پۇلىنى ئېلىپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالىدۇ. بىر ھازادىن كېيىن، ئۇ ئوغلىغا بۇ پۇلغا بىر نەچچە قۇر كىيىم ئېلىپ كىيگىن، دەيدۇ. بىراق تيەن چۈڭفېڭ ئانىسى ھەر نېمە دېگەن بىلەنمۇ ئۇنىماي، پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئائىلىسىنىڭ خەج - خىراجىتىگە ئىشلىتىدۇ.

تيەن چۈڭفېڭ مەكتەپتىمۇ ئوقۇتقۇچىلار ياخشى كۆرىدىغان، ساۋاقداشلار ھۆرمەتلەيدىغان ياخشى ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ ئىجتىھات بىلەن ئوقۇيتتى، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيەتتى، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىناق ئۆتەتتى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلەتتى، شۇڭا، ئۇ «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ باھالانغانىدى.

1981-يىلى تيەن چۈڭفېڭ يىنچۇەن شەھىرى شىنچېڭ رايونلۇق 1-باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، يىنچۇەن شەھەرلىك 6-ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. ئۇ قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەنلىكى، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيگەنلىكى ئۈچۈن، ساۋاقداشلىرى ئۇنى سىنىپنىڭ ئەمگەك ھەيئىتى قىلىپ سايلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ياز-ئەتىياز ياكى كۈز-قىش كۈنلىرى، ياكى بوران چىققان، يامغۇر ياغقان كۈنلىرى بولسۇن، ئۇ ھامان ھەر كۈنى بالدۇر كېلىپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلار كەلگىچە سىنىپنى پاكىز تازىلاپ قويدى. كىشىلەر تاكى ھازىرغىچە ئۇنى ئۇنتۇمايدۇكى، تيەن چۈڭفېڭ تولۇقسىز 2-يىللىقتا كۆچۈپ ئوقۇش باشلىغان كۈنى ساۋاقداشلىرى يازلىق تەتىلگە بېرىلگەن تاپشۇرۇقلىرىنى ئوقۇتقۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشتى. ئەمما، تيەن چۈڭفېڭ ئۆزى يالغۇز قېپقالدى ۋە مەكتەپ دەرۋازىسىغا قارايدىغان بوۋايدىن سۈپۈرگە، داس ۋە دەسمال ئارىيەت ئېلىپ، سىنىپنى تازىلاشقا كىرىشتى. دېرىزە ئەينەكلىرىنى سۈرتۈۋاتقاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقىنى ئەينەك كېسىۋېتىپ، قاناپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ بارمىقىنى لاتا بىلەن تېڭىپ قويۇپلا، ئاغرىققا چىداپ، ئەينەكلەرنى پاكىز سۈرتۈپ بولۇپ، خۇشاللىق بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ساۋاقداشلار سىنىپقا كىرىپ ھەيرانلىق بىلەن تۇرۇپلا قالدى. ئەمما، كۆپچىلىك سىنىپنى تيەن چۈڭفېڭنىڭ تازىلاپ قويغانلىقىنى كۆڭلىدە چۈشىنىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى گويا ئاۋازسىز بۇيرۇق بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ كۆپچىلىك سىنىپ تازىلىقىنى ئۆزلۈكىدىن ئاسرايدىغان بولۇپ قالماستىن، ئەمگەككىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، بۇ سىنىپ مەكتەپ بويىچە ئۇدا ئىككى يىل «تازىلىق كۆچمە قىزىل بايرىقى»نى قولدىن بەرمىدى.

يىنچۇەن شەھەرلىك 6-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارغا سىياسىي،

ئىدىيە، ئەخلاق تەربىيىسى بېرىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى، ھەمىشە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى بېرىپ تۇراتتى. بۇ پائالىيەتلەر تيەن چۇڭفېڭنىڭ يۇمران قەلبىگە دەسلەپكى قەدەمدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. ئۇ 6-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان مەزگىلدە ئىنقىلابىي قۇربان جى مىڭفېينىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى ئۇنىڭغا ئالاھىدە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

جى مىڭفېي ئەسلىدە 6-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، 1981-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، سۇ ئىنشائاتى ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغا تەقسىم قىلىنىپ ئىشچى بولغان. مەلۇم بىر كۈنى ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە كېتىۋاتقىنىدا، بىر نەچچە لۈكچەكنىڭ بىر قىز ئوقۇغۇچىغا بىئەدەبلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. قىز ئوقۇغۇچى جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە باشقىلاردىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، ھېچكىم ئارىلىشىشقا پېتىنالمايدۇ. جى مىڭفېي دەرھال لۈكچەكلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ نەسىھەت قىلىدۇ. لۈكچەكلەر ئۇنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇنى مۇشتلايدۇ، تېپىدۇ ھەم «سويمەك، يوقىلاڭ! ئىشقا ئارىلاشما، بولمىسا جېنىڭنى ئالىمىز» دەپ جار سالىدۇ. جى مىڭفېي بىردىنلا قاتتىق غەزەپكە كېلىدۇ-دە، ئۆزىنىڭ خەتەرگە يولۇقۇشىغا قارىماي، لۈكچەكلەر بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىدۇ. ھېلىقى قىز ئوقۇغۇچى قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ، بىراق، جى مىڭفېي لۈكچەكلەرگە ئۆزى يالغۇز تەڭ كېلەلمەي، مەردلەرچە قۇربان بولىدۇ. ئۇنىڭ لۈكچەكلەر بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشقانلىقىغا دائىر ئىش-پائالىيەتلىرى پۈتكۈل يىنچۇەن شەھىرىنى زىلزىلىگە سالىدۇ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت كىشىلەرنى بۇ ئىنقىلابىي قۇرباندىن ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ. تيەن چۇڭفېڭ 6-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن قەلبى ئۆركەشلەپ كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، يېرىم كېچىدە ئورنىدىن

تۇرۇپ، ئىدىيىۋى ئەھۋالى توغرىسىدا ئۇزۇن دوكلات يازدى ۋە سىنىپ مۇدىرىغا تاپشۇردى. ئۇ ئىدىيىۋى دوكلاتىنىڭ ئاخىرقى ئابزاسىدا تولۇپ-تاشقان ھاياجان بىلەن مۇنداق دەپ يازدى: «ئىنقىلابىي قۇربان جى مىڭفېي يېڭى دەۋرىمىزنىڭ قەھرىمانى، خەلقىمىزنىڭ ياخشى ئوغلانى بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇ مەكتىپىمىزنىڭ شان-شەرىپى، غۇرۇرى. مەن چوقۇم ئىنقىلابىي قۇربان جى مىڭفېيدىن ئۆگىنىمەن، ئۇنىڭ خەۋپ-خەتەردىن قورقماي لۈكچەكلەر بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشقان «ئىنقىلابىي روھىدىن ئۆگىنىپ، لاياقەتلىك كوممۇنىزم ئىزباسارى بولىمەن.»

1984-يىلى تيەن چۇڭفېڭ يىنچۇەن شەھەرلىك 6-ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى. يەنە بىر يىللىق ئىمتىھان بېرىپ، يىنچۇەن شەھەرلىك 1-كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېڭى سانائەت-توقۇمىچىلىق سىنىپىغا ئوقۇشقا كىردى.

يېڭى ئوقۇش ھاياتى باشلانغاندىن كېيىن، دەرسلەر بەك ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى شەھەر سىرتىدا بولۇپ، مەكتەپتىن 20 نەچچە كىلومېتىر يىراقتا ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى پىيادە مېڭىپ، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ دېگەندەك، مەكتەپكە بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتتا ئاران يېتىپ كېلەتتى. مەكتەپنىڭ تاماق-ياتاقنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، ئۇ ئۆيىدىن ئاز-تولا بىر نەرسە ئالغاچ كېلىپ ئوزۇقلىناتتى. ئەتىگەن كېلىپ، كەچ قايتىپ، ئوقۇشقا زادىلا تەسىر يەتكۈزمەيتتى.

تيەن چۇڭفېڭ كىتاب ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرەتتى، كىتاب ئوقۇغاندا ئۆزىنى ئۇنتۇپلا كېتەتتى. ئۇ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان مەزگىللەردە ھەر يەكشەنبە كۈنى دېگۈدەك نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىدىن چىقمايتتى. ھەمىشە كۇتۇپخانىغا ھەممىدىن بالدۇر كېلەتتى، ھەممىدىن كېيىن قايتاتتى. كۇتۇپخانا خىزمەتچىلىرى قايتا-قايتا ھەيدىگەندىن كېيىنلا كۆزى قىيمىغان ھالدا كېتىپ قالاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، كۇتۇپخانا خادىملىرى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ

قالدى. بىر كۈنى ئۇ قۇرۇق مومىنى يېگەچ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغاندا، كۈتۈپخانىدىكى ئايال ئۇنىڭغا دەملەنگەن چاي ئەكىلىپ بېرىدۇ ۋە: «شياۋ تيەن، سىز كىتاب ئوقۇشقا بەك ئامراق ئىكەنسىز، سىزگە كىتاب ئارىيەتكە ئېلىش كىنىشكىسى ئېلىپ بېرەيلى، كىتابنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ ئوقۇسىڭىز بولىۋېرىدۇ» دەيدۇ. تيەن چۇڭفېڭ كىتاب ئارىيەت ئېلىش كىنىشكىسى ئالغاندىن كېيىن سۇغا تەشنا بولغان بېلىقتا ئوخشاش، بىلىم دېڭىزىدا تېخىمۇ ئەركىن ئۈزۈشكە باشلايدۇ.

قېتىرقىنىپ ئوقۇش ھەم ئۇرغۇن كىتاب ئوقۇش نەتىجىسىدە، تيەن چۇڭفېڭنىڭ بىلىم دائىرىسى كېڭىيىدۇ. ئۇ قولىغا بەزى دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر چىقىپ قالسا، ھەمىشە تاماقنىمۇ، ئۇيقۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ بەزى ئۇلۇغ شەخسلەر ۋە قەھرىمانلارنىڭ تەرجىمىھالىنى ھەممىدىن بەك قىزىقىپ ئوقۇيدۇ، ئۇلارنىڭ كەڭ قورساقلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرىغا چوقۇنىدۇ، ئۇلارنىڭ دۆلەت، مىللەت ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا تېخىمۇ چوقۇنىدۇ. ئۇ ساۋاقداشلىرىغا ھەمىشە: «بۇ كىتابلارنى ئوقۇساڭ، بىر ئۇلۇغ يۈرەكنىڭ سوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولىسەن. ئۇلارنى ئويلىساڭ، ھېچنېمە ساڭا توسقۇن بولالمايدۇ» دەيتتى. ئۇ كىتابتىن مول ئوزۇق ئېلىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ چىن مەنىسى، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش يولى ئۈستىدە ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزەتتى.

## كاناپ زاۋۇتىدىكى «ماشىنا ئۇستىسى»

تيەن چۇڭفېڭ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يەنچۈەن شەھەرلىك كاناپ زاۋۇتىغا پراكتىكا قىلىشقا تەقسىم قىلىنىدۇ. ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىشى يېنىكرەك تارماقتا پراكتىكا قىلىش ئۈچۈن ئامال ئىزدەشنىڭ كويىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. بىراق تيەن چۇڭفېڭ: «مەن جاپادىن قورقمايمەن، ماڭا ئىشنىڭ ئەڭ ئېغىرىدىن تەقسىم قىلىڭلار» دەيدۇ. تيەن چۇڭفېڭ دېگەندەك

ئۈزلۈكسىزدىن تەلەپ قىلىپ رېمونتچى بولدۇ. ماشىنىلارنىڭ نورمال ئىشلىشىگە ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، رېمونتچىلار قولى چاققان، كۆزى ئۆتكۈر بولۇشى، پاسسىپچىلىقتىن، جاپادىن قورقمايدىغان بولۇشى، شۇنىڭدەك تېخنىكىنى پىششىق ئىگىلىشى، ماشىنىلارنىڭ تۈزۈلۈشىنى، ئىقتىدارىنى بىلىشى كېرەك ئىدى. بىر چوڭ ماشىنىدا مىڭدىن ئارتۇق زاپچاس، ئۇنى مىڭدىن ئارتۇق ۋىنت بولاتتى، رېمونت قىلىش تېخنىكىسىنى قىسقا ۋاقىتتا ئۆگىنىۋېلىش خېلىلا قىيىن ئىدى. ئىلگىرى بۇ ئىشنى تەجرىبىلىك پېشقەدەم ئۇستىلار قىلاتتى.

تيەن چۈكفېڭ بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى، ئۇنىڭ جاپالىقلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇ تېزدىن مەلىكىلىك رېمونتچى بولۇش ئۈچۈن جاپاغا چىداپ تىرىشتى. كەمتەرلىك بىلەن كىتابتىن ئۆگەندى، پېشقەدەم ئۇستىلاردىن سوراپ ئۆگەندى، كۈندۈزى ئىشلىگەندىن سىرت، ئاخشاملىرىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ، باشقىلار بىلەن بىللە سېختا ئىشلەيدۇ. سېخ ئىچى زەي ھەم دىمىق، مەينەت ئىدى، بولۇپمۇ ياز كۈنلىرى ئىشچىلار بىرنەچچە ئون گرادۇس ئىسسىقتا ئىشلەيتتى. تيەن چۈكفېڭ مۇنداق مۇھىتقا كۆنۈپلا قالماستىن، بەزىدە ماشىنىلار ئارىسىدىكى تار بوشلۇققا شۇڭغۇپ كىرىپ ئىشلەيتتى. ئىشتىن چۈشكەندە كىيىم-كېچەكلىرىنى تەر بېسىپ، پۈتۈن ئەزاسى مايغا مىلىنىپ كېتەتتى. ئۇ چارچاپ ماغدۇرىدىن كەتكىنىگە قارىماي، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ماتېرىيال ئاختۇرۇپ، يازغان خاتىرىسىنى ئوقۇپ، ئىش جەريانىدا يولۇققان مەسىلىلەرنى چۈشىنىۋالاتتى.

1987-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كاناپ زاۋۇتىنىڭ ئىگىرىش سېخى ھۆل ئىگىرىش، توم ئىگىرىش سېخى، دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەندىن كېيىن ئىدى... 

يۆكلەندى. ئۇ ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى، بىراق ئۇ ماشىنىلارنى يۆتكەش ئۈچۈن چۇۋۇشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، بۇ ئىش ئۇنىڭغا تېپىلمايدىغان ئەمەلىي پراكتىكا پۇرسىتى بولدى. ئىنچىكە ئېگىرىش ماشىنىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنغان ئون يۈرۈش ئۈسكۈنە بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 مېتىر، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، تولىمۇ كېلەڭسىز ئىدى. ماشىنىلار بەك چوڭ بولغانلىقتىن، چۇۋۇغاندا يۆتكىگىلى بولاتتى، كۆچۈرگەندىن كېيىن يېڭىباشتىن قۇراشتۇرۇشقا، تەڭشەشكە، سىناشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ماشىنىلار كونىراپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى بۆلەكلىرى يىل بويى سۇغا چىلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، بولت-ۋىنتلىرى داتلىشىپ كەتكەن، زاپچاس، بۆلەكلىرى داتلىشىپ تونۇغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغانىدى. قۇراشتۇرغاندا چاتاق چىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، تيەن جۈنفېڭ ماشىنىلارنى چۇۋۇش جەريانىدا نۇرغۇن خاتىرە يازىدۇ ھەم ھەر خىل رەڭدىكى سىز بىلەن نومۇر سىزىپ قويىدۇ. ماشىنىلارنى قۇراشتۇرغاندا تيەن جۈنفېڭنىڭ قوللىرى قاپىرىپ كەتكەن بولسىمۇ زادىلا ۋايسىمايدۇ. بىر كۈنى ئۇ يۇقۇملۇق زۇكام بولۇپ قېلىپ، قىزىتمىسى 39 گرادۇسقا چىقىدۇ. بىراق ئۇ چىشىنى چىشلەپ ئىشلەۋېرىدۇ. يولداشلار ئۇنى دەم ئېلىۋال دېسىمۇ، لېكىن ئۇ: «بىر ئادەم ئاز بولسا، بىر ئۈلۈش كۈچ ئاز بولىدۇ. ئاچقۇچلۇق پەيتتە دەم ئالسام بولمايدۇ» دەيدۇ. كېسەل تۇرۇپمۇ سېختا كۆپچىلىك بىلەن بىللە كېچە-كۈندۈز ئىشلەۋېرىدۇ. ماشىنىلارنى قۇراشتۇرغاندا، ئۇ ھەر بىر زاپچاس-بۆلەكنى بىر-بىرلەپ يۇيۇپ، سۈرتىدۇ ۋە مايلايدۇ. ئۇ ماشىنىلارنىڭ ئىقتىدارىنى، تۈزۈلۈشىنى بىلگەنلىكى ھەم تەپسىلىي خاتىرە يېزىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ماشىنىلارنى قۇراشتۇرۇش ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولىدۇ ھەم ماشىنىلار بىر قېتىمدىلا سىناقتىن ئۆتىدۇ. ئۇ ئۆزى قۇراشتۇرغان ئىنچىكە ئېگىرىش ماشىنىسىدىن ئاپئاق ئىنچىكە يىپ ئېگىرىلىپ چىققاندا، ئۇ

ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولىدۇ. بۇ قىممەتلىك كۆچۈرۈش، چۈشۈش ئارقىلىق، سىبىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىش ۋاقتى قىسقىراپلا قالماستىن، زاۋۇتقا نۇرغۇن مەبلەغ تېجەپ بېرىلىدۇ.

سىبىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا، زاۋۇت رەھبەرلىرى ئۇنى تەقدىرلىدى. ئىشچىلار ئۇنى ماختايدۇ. ئۇ كاناپ زاۋۇتى بويىچە ئۇنجى ئەڭ ياش «ماشىنا ئۇستىسى» بولۇپ قالىدۇ.

ۋەتەن مېھرىگە جاۋاب قايتۇرۇشقا بەل باغلاش

1989 - يىلىنىڭ بېشىدا يېنچۇەن شەھرىدە ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتى باشلىنىدۇ. كاناپ زاۋۇتى ئەسكەر قوبۇل قىلىش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، زاۋۇتتىكى ياشلارنى ئەسكەرلىككە تىزىمغا ئالدۇرۇپ، ۋەتەننى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا چاقىرىدۇ. تيەن چۈڭفېڭ ئوت يۈرەك ياش بولغاچقا، خېلى بۇرۇنلا شەرەپلىك ئىنقىلابىي ھەربىي بولۇپ، ۋەتەننى، خەلقنى قوغداش يولىدا كۆرەش قىلىپ، خىزمەت كۆرسىتىشكە بەل باغلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ ھاياجانلىق ھېسسىياتى بىلەن چاقىرىققا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئۆزىنى ھەربىيلىككە تىزىملىتىدۇ. بەزى ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا: «تېنىچ شارائىت دېگەندە بىرەر ئىشقا ئۇلۇشۇۋېلىش ئۈچۈن ئەسكەر بولىدىغان گەپ، سېنىڭ بىر ئوبدان خىزمىتىڭ تۇرسا، ئەسكەر بولۇپ نېمە قىلىسەن؟ ئۈچ يىل بىكاردىن بىكارغا جاپا چېكىسەن، قايتىپ كەلسەڭ يەنىلا ئىشچىلىققا ئورۇنلاشتۇرىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ يىراققا كېتىشىگە ئۇنىمايدۇ، ئانىسى يىغلاپ تۇرۇپ، ئۇنى ئەسكەر بولماسلىققا ئۈندەيدۇ. دېمىسىمۇ ئۇ ئائىلىنىڭ سېغىنىشنى ئاز - تولا ئۇستىگە ئالسا، ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانىسى ئالدىدا ئۆزىنىڭ باللىق بۇرچىنى ئادا قىلسا بولاتتى. بىراق ئۇ: «سىلەر ئۆمرۈڭلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنى جاپادا ئۆتكۈزدۈڭلار، بىز پەرزەنتلەر ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈردۈڭلار. بىراق ياخشى ئوغلانلار ئەسكەر بولۇپ ۋەتەن مېھرىگە جاۋاب قايتۇرۇشى

كېرەك. ھەم ساداقەتلىك، ھەم ۋاپادار بولماق تەس. كۆڭلۈمنى چۈشىنە-
لمىشكىلارنى ئۈمىد قىلمەن» دەيدۇ. ئانىسى ئوغلىنىڭ ئەسكەر بولۇش
ئارزۇسىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ئارتۇق بىر نەرسە دېمەيدۇ.

تيەن چۈگفېڭنىڭ تاچىسىنىڭ ئىبرى نىگشىيادىكى مەلۇم ھاۋا ئارمىيە
قىسىمدا لېيەنجاڭ ئىدى. شۇڭا، ئۇ نىگشىيادىكى قىسىمدا قالالايتتى.
ئەمما، ئۇ يەنە بىر قېتىم ئويلىمىغان يەردىن شىنجاڭغا، جاپالىق جايغا
بېرىش قارارىغا كەلدى. 1989 - يىل 3 - ئايدا تيەن چۈگفېڭ ۋەتەننى
قوغداشقا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسى، پارتىيە ۋە خەلققە بولغان سادىق
قەلبى بىلەن، چوڭ شەھەرنىڭ ئەۋزەل شەرت - شارائىتىدىن مېھرىنى
ئۈزۈپ، جيايۈگۈەندىن ئۆتۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي
چېگرىسىدىكى مۇھىم شەھەر — قەشقەرگە كېلىپ، كۆكۈش يېشىل
كىيىم، دۆلەت بەلگىسى قادالغان شەپكە كىيىپ، شەرەپلىك ساقچى
قىسىم جەڭچىسى بولۇپ قالدى.

يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ ئۈچ ئايلىق مەشقىدە، تيەن چۈگفېڭنىڭ
ئىپادىسى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولدى. تېنى ساغلام، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاپاغا
چىداملىق بولغاچقا، ھەربىي ماھارەت جەھەتتە تېز ئالغا باستى. ئۇ تۇتۇش ۋە
ئېلىشىش قورالسىز ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى ئىگىلەشكە
تېگىشلىك ئاساسىي ماھارەت. تيەن چۈگفېڭ ماھارەتنى پىششىق
ئىگىلەش ئۈچۈن، كوللېكتىپ مەشقلەرگە قاتناشقاندىن سىرت، ۋاقتى
بولسىلا مەيدانغا چىقىپ مەشق قىلدى. جىسمانىي قۇۋۋىتى ۋە
چىدامىلىقلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشنى قەتئىي
داۋاملاشتۇردى، مەشق مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، ئۆمىلەش
يېقىلىش ماھارىتىنى تەكرار مەشق قىلدى. بىلىكى، پۇتى تىشىپ
كەتسىمۇ، چىشىنى چىشلەپ مەشق قىلىۋەردى. يېڭى
ئەسكەرلەرنىڭ مەشقى ئاياغلاشقاندا، ئۇ يېڭى ئەسكەرلەر لىيەنىنىڭ
تەقدىرلىنىشىگە ئېرىشتى، 2 - دادۈينىڭ 6 - جۇڭدۈيىگە تەقسىم
قىلىنىپ، جۇڭدۈينىڭ ھەربىي ئىشلار تايانچىسى بولۇپ قالدى.

سەپەدىشى يېڭى خەيلى مەشىق باشلانغاندا يىقىلىش ماھارىتىنى مەشىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. تيەن چۇڭفېڭ ئۇنىڭغا مۇشتىلىشىش گۇمپىسىنى ئىگىلىمىسە بولمايدىغانلىقىنىڭ داۋلىسىنى قايتا-قايتا سۆزلەپ بەردى ھەم زورىغا يىقىلماي، پەم بىلەن يىقىلىشنى ئۆگىتىپ قويدى. نەتىجىدە يېڭى خەيلى ناھايىتى تېزلا ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆتۈپ، مەشىقتە تېز ئالغا باستى. تيەن چۇڭفېڭ ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزاق ئۆتمەيلا 2-بەننىڭ مۇئاۋىن بەنجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. شۇ يىلى 11-ئايدا شەرەپ بىلەن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولدى.

تيەن چۇڭفېڭ مەشىق جەريانىدا جەڭچىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ قالماستىن، تۇرمۇشتىمۇ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىغا كۆيۈنگەندەك قىزغىن كۆيۈنەتتى. ھەر كۈنى مەشىق ئاياغلاشقاندا، سەپداشلىرىنىڭ پۇت-قوللىرى ئىششىپ، ئۆگىلىرى ئاغرىپ كېتەتتى، تيەن چۇڭفېڭ ئۆزى تېجەپ قالغان تۇرمۇش ياردەم پۇلىغا تېرىپىنتىن مېيى، ئازراق ھاراق ئەپكېلىپ، سەپداشلىرىنىڭ پۇت-قوللىرىغا سۈرتۈپ ۋە پۇت-قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ قوياتتى. جەڭچى لىبى يۇشياڭنىڭ كىيىمى يىرتىلىپ كەتكەندە، ئۇ چىرايلىق ياماپ بېرىپ، سەپداشلىرىغا بولغان چىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. يېڭى ئەسكەر چېن دېيچىڭنىڭ ئايىغى يىرتىلىپ كەتكەندە، ئۆزىنىڭ يېڭى ئالغان «خۇيلى» ماركىلىق ئايىغىنى ئۇنىڭغا بەرگەن. قىسىمدىن بېرىلگەن يېپيېڭى رېزىنكە ئاياغنى يەنە بىر جەڭچىگە بېرىۋېتىپ، ئۆزى تېشىلىپ كەتكەن كونا ئايىغىنى كىيىپ يۈرگەن. تيەن چۇڭفېڭ جەڭچىلەرگە تۇرمۇشتىلا چەكسىز غەمخورلۇق قىلىپ قالماستىن، سىياسىي جەھەتتىمۇ بەك كۆيۈنەتتى. بۇلتۇر ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدىكى مالىمانچىلىقتا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بېيجىڭدە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەرگەندە، تيەن چۇڭفېڭ بەن بويىچە ئېچىلغان يىغىندا ئېنىق ھوزۇتسىيە بىلەن: «بىز

قورالىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرى، ۋەتىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، جۇڭگو پارتىيىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىمىز؛ پارتىيە قەيەرگە بۇيرىسا، شۇ يەرگە بېرىشىمىز لازىم» دېگەن. ئۇ يەنە ھەمىشە بەندىكىلەرنى تونۇشنى توغرىلاش، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرغان. جەڭچىلەرنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ئەھۋالى ۋە ئالغا بېسىش ئەھۋالىنى جەڭچىلەرنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا ۋاقتى-ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ۋاقىت چىقىرىپ، بەندىكى ھەر بىر جەڭچىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا خەت يېزىپ تۇرغان. ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن.

تيەن چۈڭفېڭ ھەربىي سەپكە كىرىدىغاندا ساقچىلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپ، كەلگۈسىدە خەلق ساقچىسى بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىنى ئۆمۈرۋايەت قوغداشنى ئارزۇ قىلغان، شۇڭا، ئۇ بىر ساندۇق كىتاب ئالغاچ كەلگەنىدى، ۋاقتى بولسىلا دەرس تەكرارلايتتى. ھەتتا ئۇ قۇربان بولۇشتىن بىر كۈن ئىلگىرىمۇ ماتېماتىكىدىن تۆت مەسىلىنى كۆڭۈل قويۇپ ھېسابلاپ چىققانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ 1990-يىلدىكى بىر تۇتاش ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىغا بەك ئىشىنەتتى. بىراق، رەھىمسىز رېئاللىق، ۋەھشىي توپىلاڭچىلار ئۇنىڭ گۈزەل ئارزۇسىنى رەھىمسىزلەرچە بەربات قىلىۋەتتى.

## ھەر مىللەت خەلقىگە ھەقىقىي، قىزغىن مۇھەببەت باغلاش

تيەن چۈڭفېڭ قەلبى مۇھەببەت بىلەن تولغان جەڭچى ئىدى، سەپداشلىرىنى ۋە يولداشلىرىنى سەمىمىي، قىزغىن سۆيۈپ قالماستىن، ھەر مىللەت خەلقىنىمۇ چىن دىلىدىن قىزغىن سۆيەتتى. ئۇ تۇرۇشلۇق قىسىم ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايدا ئىدى. گەرچە ئۇيغۇرلار بىلەن تىلى، ئۆرپ-ئادىتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ھەر مىللەت خەلقىگە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى بىر يىلدىن كۆپرەك قەتئىي

داۋاملاشتۇرغان، خەلقتە بولغان مۇھەببىتىنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈپ، ساقچىلار بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىدا زەپەر مارشىنى ياڭراتقانىدى.

6 ـ جۈڭگودىكى تۇرۇشلۇق جايغا يېقىن مەھەللىدە خەير ئىنساخان ئىسىملىك ياشىنىپ قالغان بىر موماي بار بولۇپ، ئىنى ئاجىز، كىيىمە لەمەن بولغاچقا، تۇرمۇشتا ئۆز ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئالالمايتتى، خەلق ھۆكۈمىتى غەمخورلۇق قىلىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، يېنىدا قارىغۇچىسى بولمىغاچقا، تۇرمۇشتا بەك قىينىلاتتى. تيەن چۈكفېڭ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئازغىنا تۇرمۇش ياردەم پۇلىغا قوۋۇزە تىلىك يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ، مومايىنى يوقلاپ باردى. ئۇ خەير ئىنساخاننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «مەن سىزنىڭ نەۋرىڭىز، بالىڭىز، مەن سىزنى كۈتەي» دەيدۇ. موماي ئۇنىڭ گېپىنى تولۇق ئۇقمىغان بولسىمۇ، قىزغىنلىق ۋە ئاق كۆڭۈللۈكى چىقىپ تۇرغان قەلبىنى چۈشەنگەندەك بولىدۇ ـ دە، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ماقۇل بولىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تيەن چۈكفېڭ مومايىنىڭكىگە پات ـ پات بېرىپ تۇرىدۇ. موماي بىتاپ بولۇپ قالسا، دورا ئەكىلىپ، چاي قۇيۇپ بېرىدۇ، كىيىم ـ كېچەكلىرى كىر بولۇپ كەتسە، يۇيۇپ بېرىدۇ، ئۇ يەنە مومايىنىڭ سۇيىنى توشۇپ، ئوتۇنىنى يېرىپ، ئۆيىنى سۈپۈرۈپ بېرىدۇ، مومايىنى بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىدەك كۆرىدۇ. شۇڭا، موماي ئۇچرىغانلا كىشىگە: «قېرىپ مۇشۇ ياشقا يەتكەندە خۇدانىڭ ماڭا مۇشۇنداق بىر ئوبدان نەۋرە ئاتا قىلىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن» دەيدۇ. بىراق، كىم بىلسۇن، مۇنداق ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى، ئۇنىڭ نەۋرىسىنى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلار ئۆلتۈرۈۋەتتى. موماي بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، گويا بىر تۇغقان قېرىنداشىدىن جۇدا بولغاندەك، تيەن چۈكفېڭ تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ رەھبەرلىرىگە ئىنسىلىپ تۇرۇپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. تيەن چۈكفېڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دادىسى تيەن شىېكشيەن بوۋاي قىنىسىمغا كەلدى. تيەن

چۇڭقىبەگنىڭ سەپەدىشى ۋاڭ شۇاڭشى تېيەن چۇڭقىبەگدىن ھايات ۋاقتىدا ئۆتنە ئالغان 30 يۈەن پۇلنى بوۋايغا قايتۇرۇپ بەردى. بوۋاي ھەرنېمە دېگەن بىلەنمۇ پۇلنى ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئاخىر ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، خەيرىنىساخان مومايىنىڭ نەۋرىسى تېيەن چۇڭقىبەگنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئاخىرقى سوۋغىتى سۈپىتىدە، بۇ پۇلغا ئاز-تولا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئېلىپ، مومايغا سوۋغا قىلماقچى بولۇشتى. خەيرىنىساخان بۇ سوۋغاتلارنى قولىغا ئېلىپ، قايغۇ-ھەسرىتىنى باسالماي، ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئىنقىلابىي قۇربان تېيەن چۇڭقىبەگنىڭ روھىغا دۇئا قىلدى.

تېيەن چۇڭقىبېك ھايات چېغىدا ئۇيغۇر خەلقىنى قىزغىن سۆيەتتى. قۇربان بولۇشتىن 15 كۈن ئىلگىرىلا ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنى باتۇرلۇق بىلەن قۇتقۇزغانىدى.

1990-يىل 3-ئاينىڭ 20-كۈنى تېيەن چۇڭقىبېك سەپەدىشى ۋۇ يۇڭ بىلەن بىللە ئۈچ مېتىردىن چوڭقۇر كېلىدىغان كۆلگە چۈشۈپ، سۇغا چۆكۈپ كەتكەن ئۇيغۇر قىزچاقنى قۇتقۇزۇپ چىققانىدى.

1990-يىل 3-ئاينىڭ 23-كۈنى يېرىم كېچىدە قەشقەردە قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ئېرىق-ئۆستەڭلەردىكى ساپسېرىق لاي سۇ تەرەپ-تەرەپتىن يامراپ كېتىپتۇ. قەشقەر شەھەرلىك 5-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى نۇرنىسانىڭ ئۆيلىرى تېزدىن ئاشىدىغان سۇ ئىچىدە قېلىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشۈش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. مال-مۈلۈكلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆي ئىچىدە قالىدۇ. مۇشۇنداق خەۋپلىك پەيتتە، ئۇلار خەلقنىڭ قوراللىق ساقچىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ-دە، دەرھال قىسمىغا ياردەم تەلەپ قىلىپ كېلىدۇ. يەنىلا تېيەن چۇڭقىبېك بىلەن ۋۇ يۇڭ ھەممىسىدىن بالدۇر يېتىپ كېلىپ، قاتتىق سوغۇققا ۋە ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا پىسەنت قىلماي، قاتتىق يامغۇردا ئىككى سائەتتىن كۆپرەك كۈرەش قىلىپ، نۇرنىسا

ئائىلىسىدىكە رنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى خەۋپتىن ساقلاپ قالدۇ.

تيەن چۇڭفبڭ تۇرۇشلۇق قىسىم قەشقەردىكى مەشھۇر ئاسار ئەتىقە ئورنى — ئاپئاق خوجا مازىرىنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇلار خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۇزاق تارىختا ئىگە ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى ئىنتايىن قەدىرلەپ كەلگەنىدى. يېقىنقى دەۋردىكى ساقچىلار بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە مۇنداق دوستلۇقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. خەلقنىڭ قوراللىق ساقچىلىرى خەلقنى چەكسىز قىزغىن سۆيىدۇ. تيەن چۇڭفبڭ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىشقا ھەر قاچان تەييار ئىدى.

## ئاۋازسىز ۋەسىيەت

1990 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاقتو ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بەردى. قوراللىق ساقچى قىسىملىرىمىزنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش ئۈچۈن بارغاندا، توپىلاڭچىلار ئۇلارنى توسۇۋالدى ۋە قورشىۋالدى. ئاپتوموبىللىرىنى پاچاقلىۋەتتى. كوماندىر - جەڭچىلەرنى ئۇرۇپ يارىلاندۇردى. ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ج خ كادىر - ساقچىلىرىدىن بەش كىشىنى ئۆلتۈرۈپ كەتتى. بەش تاپانچا، بىر ساقچى كالتىكى، بىر سۆزلىشىش ئاپپاراتى، بىر كويزا، بەش قۇر ساقچى كىيىمنى بۇلاپ كەتتى. ئەھۋال تولىمۇ خەۋپلىك، ئېغىر ئىدى. تيەن چۇڭفبڭ تۇرۇشلۇق 6 - جۇڭدۈي بارىن يېزىسىغا يېقىن بىر مەھەللىگە بېرىپ بۇيرۇق كۈتۈش توغرىسىدا بۇيرۇق ئالدى. تيەن چۇڭفبڭ 2 - بەننى باشلاپ، جىددىي جەڭ تەييارلىقىغا ئاتلاندى.

شۇ كۈنى كەچ سائەت 23 ئۆپچۆرىسىدە يەرلىك ھۆكۈمەت قولىغا قىلىنچ، كالتەك، مىلتىق، پارتلىتىش دورىسى ئالغان 60 نەچچە

توپىلاڭچىنىڭ ئۇئۇپ كەتكەن 5 نەپەر ج خ كادىر ـ ساقچىسىنى بىر مەسچىت ئىچىگە قاماپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. سائەت 23 تىن 16 مىنۇت ئۆتكەندە، يېقىن ئەتراپتىن ئىككى قېتىم مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇنىڭدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندە، يەرلىك ھۆكۈمەت قوراللىق ساقچى ئاقتو ناھىيىلىك چېگرا مۇداپىئە دادۇيىدىن مۇئاۋىن جياۋداۋيۈەن شۇ شىنجيەن قاتارلىق تۆت كىشىگە بارىن يېزىسىغا ۋەزىيەد ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا دىرەكسىز يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. (كېيىن توپىلاڭچىلارنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى مەلۇم بولدى).

ج خ كادىرى ساقچىلىرى ۋە چېگرا مۇداپىئە قوراللىق ساقچىلىرىنىڭ ھاياتى، بىخەتەرلىكى، بارىن يېزىسىنىڭ ۋەزىيىتى 6 ـ جۇڭدۈيدىكى كوماندىر جەڭچىلەرنى ئەنسىرەتمەكتە ئىدى. جۇڭدۈي رەھبەرلىكى يەرلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، بارىن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئەھۋال مەلۇم قىلىش ئۈچۈن تېزدىن ئادەم ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

ۋەزىيەد چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، تيەن چۈڭفېڭ مانا مەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بارىن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشقا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سائەت 23 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، تيەن چۈڭفېڭ، ۋۇيۇڭلار مۇئاۋىن جۇڭدۈيجاڭ ئەلى ياسىن بىلەن بىللە «شۇنياڭجيەن» ماركىلىق پىكاپقا ئولتۇرۇپ بارىن يېزىسىغا قاراپ يولغا چىقتى.

پىكاپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ، بارىن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قىزىل كۆۋرۈككە كەلگەندە، تۇيۇقسىزلا قاراڭغۇدا «ج خ»، «قوراللىق ساقچى» كىيىمىنى كىيگەن بىر نەچچە كىشى پەيدا بولۇپ، پىكاپنى كۆۋرۈك بېشىدا توسۇۋالدى. ئەلى ياسىن پىكاپتىن چۈشۈپ: «بىز ۋەزىيەد ئىجرا قىلىشقا كېتىۋاتقان قوراللىق ساقچىلار، تېزدىن يول بوشىتىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا، «پاڭ ـ پۇڭ...!» قىلىپ بىر نەچچە پاي

مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى-دە، ئوق پىكاپ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ج خ قورالـلىق ساقچى قىياپىتىدە ياسىنىۋالغان تويىلاڭچىلار ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى. تيەن چۈڭفېڭ بىلەن ۋۇيۇڭ مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپلا گويا بۇيرۇقنى ئاڭلىغاندەك بولدى-دە، پىكاپتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئاپتوماتلىرىنى بەتلەپ، مۇتاۋىن جۈڭدۈيجاڭ تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىپ، ئۈچ بۇرجەك ھالەت شەكىللەندۈرۈپ، پىكاپنى توسىۋالغان تويىلاڭچىلار بىلەن تىركەشتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاللىقاچان تاش يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە مۆكۈنىۋالغان بىر توپ تويىلاڭچى قولىغا كالتەك، پىچاق، قىلىچ، پالتا، كەكە تۇتقان ھالدا بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، بۇ ئۈچ قورالـلىق ساقچى كوماندىر جەڭچىسىنى قورشىۋالدى. ئەلى ياسىن بۇ ھالنى كۆرۈپ، تيەن چۈڭفېڭ بىلەن ۋۇيۇڭغا: «سىلەر تېز چېكىنىڭلار!» دەپ قاتتىق ۋارقىراپ بۇيرۇق بەردى، ئاندىن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ تويىلاڭچىلارنى ئاگاھلاندۇردى ھەم «ئورنۇڭدىن قوزغالمىشما!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. بىراق ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆچمەي تۇرۇپلا، بېشىغا بىر نەرسە قاتتىق ئۇرۇلۇپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. تيەن چۈڭفېڭ بۇرۇلۇپ قارىشى بىلەن تەڭ، بىر نەچچە ئون تويىلاڭچى ۋارقىراپ-جارقىراپ كېلىپ، ئۇنى قاتمۇقات ئورىۋالدى، پىچاق-خەنجەر، مىلتىقلار ئاپتومات تۇتقان تيەن چۈڭفېڭغا توغرىلاندى.

تيەن چۈڭفېڭ ۋەھشىي تويىلاڭچىلاردىن قورقۇپ قالمىدى، بەلكى ھەققانىيەت يولىدا يوپۇرۇلۇپ قورقماي مەردلەرچە كۆكرەك كېرىپ تۇردى. مۇشۇ تاپتا ئۇ بىگىز بارمىقىنى سەل-پەللا مىدىرلاتسىلا، ئوق يامغۇردەك قۇيۇلۇپ، كۆز ئالدىدىكى تويىلاڭچىلار سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەن، ئۆزىنىمۇ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن بولاتتى. ۋەھالەنكى، ئۇ ئوق قاچىلاغلىق ئاپتوماتىدىن بىر تالمۇ ئوق چىقارمىدى. ھاياتى ئەڭ ئېغىر خەۋپكە دۇچ كەلگەندە ئۇياق-بۇياقتا ئېتىلىپ، تويىلاڭچىلار بىلەن باتۇرانە ئېلىشىپمۇ كۆردى. بىراق، ئۆزى يالغۇز بولغاچقا

تەڭ كېلەلمىدى، تويلاڭچىلار بىردىنلا ئۇلۇشۇپ كېلىپ، دۈمبالاشقا، پىچاق-خەنجەر سېلىشقا باشلىدى. ئۇ يارىلانغان چاغدىمۇ بىگىز بارمىقى بىلەن تەپكىنى بېسىپ تۇرغانىدى، ئەمما، يەنىلا ئوق چىقارمىدى. شۇڭلاشقىمۇ كىشىلەر ئىختىيارسىز: «ئۇ نېمىشقا ئوق چىقارمايدۇ؟» دەپ سوئال قويۇشتى. ئۇ تويلاڭچىلاردىن قورققانمۇ؟ ياق. ئۇزىنى قوغداشقا مادارى يەتمىگەنمۇ؟ ئۇنداقمۇ ئەمەس! قورالّلىق ساقچى جەڭچىلىرىمىز، شۇنچە قاۋۇل يىگىتلىرىمىز، كۈچ-قۇۋۋىتى، غەيرەت-جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ھەربىيلىرىمىز ئەزەلدىن دۈچ كېلىپ باقمىغان مۇشۇنداق خەۋىپلىك، مۇرەككەپ مىنۇتتا ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، بىگۇناھ ئاممىنى ئورۇنسىز جاراھەتلەندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈنلا غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئەزەلدىن ئۇچراپ باقمىغان خورلۇق، ئاھانەتكە چىداپ، ئىسسىق قېنىنى تۆكۈپ مەردلەرچە قۇربان بولدى. ئۆلۈم ئالدىدا تۇرغاندىمۇ ئاممىنى ئورۇنسىز يارىلاندۇرۇپ قويماسلىقنى ئىسىدىن چىقارمايۋاتقان بۇ خەلق پەرزەنتىگە تويلاڭچىلار قىلچىمۇ رەھىم قىلمىدى، ۋەھشىيلىكى تۇتۇپ، ئۇنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتتى. تيەن چۇڭفېڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ لەنتى تويلاڭچىلار ئۇنىڭ جەسەتگە ھەدەپ پى-چاق سېلىپ، تاش ئېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەھشىيلىكىنى ئاشكارىلاشتى. تيەن چۇڭفېڭنىڭ توققۇز يېرىگە پىچاق تىقىلغان، تاش، كالتەك تېگىپ زەخمىلەنگەن يەرلىرى سان-ساناقسىز بولۇپ، پۈتۈن ئەزايى-بەدىنى تونۇغۇسىز ھالەتكە كېلىپ قالغان. ۋەتەننىڭ ياخشى جەڭچىسى، خەلقنىڭ ياخشى ئوغلى تيەن چۇڭفېڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختىيار تۇرمۇشىنى قوغداش يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولدى. ئۇ قۇربان بولۇش ئالدىدا بىر ئېغىزمۇ ۋەسىيەت قالدۇرمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا خەلقنى قىزغىن سۆيگەن ئەمەلىي ھەرىكىتى ۋە ئېيتىلمىغان ئوقلار ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئاۋازسىز ۋەسىيىتىدۇر.

تيەن چۇڭفېڭ قاتارلىق جەڭچىلەر قۇربان بولدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىسسىق قېنى بىكارغا ئاقمىدى! ئۇلار ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىشنى تېزلەتتى! ئۇلارنىڭ ۋاپاتى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، نائىنساپ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلار ئۈستىدىن قىلىنغان قاتتىق شىكايەت! ئۇلارنىڭ ۋاپاتى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كەتكەن بىخوتلارنى چۆچۈتتى ۋە ئويغاتتى! ئىنقىلابىي قۇربان تيەن چۇڭفېڭ بىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات.

ئىنقىلابىي قۇربان تيەن چۇڭفېڭنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىگە سادىق بولۇپ، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماسلىق روھىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى زۇڭبۇسى 1990-يىل 6-ئاينىڭ 5-كۈنى بۇيرۇق چىقىرىپ، ئۇنىڭغا «چېگرا رايون قوغدىغۇچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى. ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئارزۇسىغا ئاساسەن، تيەن چۇڭفېڭ تۇرۇشلۇق قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومغا تەستىقلىتىش ئارقىلىق، ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، دەپ تونىدى.

خەلقىنى قىزغىن سۆيگەن، ۋەتىنىنىڭ مەنپەئىتى يولىدا قۇربان بولغان تيەن چۇڭفېڭنى خەلق مەڭگۈ خاتىرىلەيدۇ.



ئىنقىلابىي قۇربان ئادىل ئىمىن

# ئىسسىق قان بىلەن يېزىلغان تارىخ

## ئىنقىلابىي قۇربان ئادىل ئىمىننىڭ تەرجىمىھالى

شىي مىڭ

ئۇ كۈنبىلۈن تېغى ئېتىكىدىكى كۆل ئۈز داۋىنىدا تىنچ، خاتىرجەم ياتاتتى، ئۇنىڭ قىپقىزىل قېنى كۆك ئاسمان، ئاپئاق قارغا ئەكس ئۇر چاچاتتى، قۇياش نۇرى ۋە باھار شامىلى ئۇنىڭ تېنىنى ئاستا سىيلايتتى. ئۇنىڭ جەسۇر چىرايىدا، خۇددى ئۇ قاچقان جاھىل باندىتلارنىڭ پۈتۈنلەي يوقىتىلغانلىقىنى، بارىن يېزىسىدا ئىلگىرىكى جانلىق، جۇشقۇن مەنزىرە ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى، جەنۇبىي شىنجاڭ زېمىنى قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەنلىكىنى كۆرگەندەك غالىبانە تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى. ئۇ ئاقىۋەت كۆزىنى خاتىرجەم يۇمدى. ئۇ بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىش، ئالاقزادە بولۇپ قاچقان ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭچىلارغا قوغلاپ زەربە بېرىش داۋامىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قەھرىمان ئادىل ئىمىن ئىدى.

باندىتلارغا قوغلاپ زەربە بېرىش شۆبە دۈيىدىكى سەپداشلار قاتتىق قايغۇغا چۆمگەن ھالدا، بەئەينى ئۇخلاۋاتقاندەك ياتقان ئادىلنىڭ ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن «ئادىل، ئادىل، سېنىڭ قەھرىمان نامىڭ ۋە قەھرىمان-لىق ئىش ئىزلىرىڭ ھەيۋەتلىك كۈنبىلۈن بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇركەشلەپ ئېقىۋاتقان تارىم دەرياسىغا ئوخشاش ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئەستە ساقلىنىدۇ» دېگەن سادا چىقاتتى. بۇ سادا كۆك ئاسماندا جاراڭلاپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا، ھەممە ئائىلىلەرگە تارقالدى. ئادىل شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات.

1

ئادىل ئىمىن، ئۇيغۇر 1960-يىلى 5-ئاينىڭ 25-كۈنى ئاقتو ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى پارتىيە ئىشلىرىنى ئىجتىھاد بىلەن باش چۆكۈرۈپ ئىشلىگەن پېشقەدەم ج خ كادىرى بولۇپ، نۇرغۇن يىل ئىگىز، سوغۇق، ئوكسىگېن كەمچىل، تۇرمۇشى جاپالىق چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسوسىدا ئىشلىگەن. ئادىلنىڭ ئانىسى بەگىنىڭ قىزى بولغاچقا، ئائىلە كېلىپ چىقىشىنىڭ ياخشى بولماسلىقى تۈپەيلىدىن سولچىل پىكىر ئېقىمىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن. ئۇ چاغدا ئادىل ئەمدىلا بىر ياشتا ئىدى.

1967-يىلى ئادىلنىڭ تاغىسى مۇھەممەت ئىمىن ھامۇت ئۈرۈمچىدىن ئاقتوغا تۇغقان يوقلىغىلى كېلىپ، ئاكىسىنىڭ خىزمىتى ئالدىراشلىقىنى، جىيەنى ئادىلنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاكىسىنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئادىلنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتكەن. مۇھەممەت ئىمىن شىنجاڭ تىل شۆبىۋەسىدە مەخسۇس خەنزۇ تىلى ئۆگىنىۋاتقانىدى، مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە خەنزۇ تىلى بىلىمىگە ئىگە ئىدى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلەۋاتقانىدى. ئۇ خەنزۇ يولداشلار بىلەن ئەتىگەن، كەچ دائىم بىللە بولغاچقا، چوڭقۇر مۇھەببەت ئورناتقان. ئۇ شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا موھتاج ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ خەنزۇ يولداشلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئادىل ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن كېيىن مەھەممەت ئىمىن ئاكىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئادىلنى پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەرزەنتلەر مەكتىپىگە بەردى، ئۇ ئادىلنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىپ، چوڭ بولغاندا تەرجىمان بولۇشىنى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

شۇندىن ئېتىبارەن ئادىل يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى.

ئەيني يىللاردا پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ مەك-تەپ بىنالىرى ئاددىي بولۇپ، بىرنەچچە ئېغىز ئۆي سېلىنىپ قىلىنغان، جەمئىي سەككىز ئوقۇتقۇچىسى بار ئىدى. مەكتەپنىڭ مۇھىت-شارائىتى ناچار بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرغان مېھرىبان چىرايى، ساۋاقداشلارنىڭ قېرىنداشلارچە كۆيۈنۈشى، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى سەممىي قارشى ئېلىشى ئادىلغا غايەت زور ياردەم بەردى.

ئەمدىلا مەكتەپكە كىرگەن ئادىل تۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ئالدى بىلەن ئۇ تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئۇيغۇر خەلقى ياشايدىغان ئاقتو ناھىيىسىدە تۇرمۇش كەچۈرگەچكە، خەنزۇ تىلىنى زادىلا بىلمەيتتى. ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتسە، ئۇ چۈشەنمەيتتى، ئۇ ئۇيغۇرچە سۆزلىسە، ئوقۇتقۇچىلار چۈشەنمەيتتى. ھەممە ئىشنى باشتىن باشلاشقا توغرا كەلدى. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى فونېتىكا، يالغۇز خەت، ئىبارىلەردىن جۈملە، گرامماتىكىغىچە سەۋرچانلىق بىلەن تەكرار ئۆگەتتى. ئادىلمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن بىر خەت، بىر جۈملىدىن ئۆگەندى، سىنىپ مەسئۇلى ھەمىشە ئادىلغا ئايرىم ئۆگەتتى، ساۋاقداشلىرى سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭ خەت ئوقۇشتىكى خاتالىقىنى تۈزىتىشكە قىزغىن ياردەم بەردى. ساۋاقداش شى شياۋلىڭ ئۇنىڭ بىلەن قوشنا ئىدى، شۇڭا ئۇ دائىم ئادىل بىلەن بىللە تاپشۇرۇق ئىشلىدى، دەرس تەكرارلىدى. ئوقۇتقۇچىلار ۋە ساۋاقداشلارنىڭ كۆيۈنۈشى، ياردىمى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئادىل تىل ئۆتكىلىدىن تېزلا ئۆتۈپ، سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن بەمالال سۆزلىشەلەيدىغان بولدى.

ئادىل كوللېكتىپنى، ئەمگەكنى سۆيەتتى، ساۋاقداشلىرىغا كۆيۈنەتتى، شۇڭا ساۋاقداشلىرى ئۇنى سىنىپنىڭ ئەمگەك ھەيئەتلىكىگە سايلىدى، ئۇ ئەتىگەندە مەكتەپكە ھەممىدىن بالدۇر كېلىپ تازىلىق قىلاتتى. ئوتۇن يېرىپ، مەشكە ئوت قالايتتى. مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن، سىنىپنىڭ چېلەكلىرى، سۈپۈرگىسى قاتارلىق مۈلۈكلىرىنى

ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ قويۇپ قوياتتى.
ئادىل كوللېكتىپنىڭ قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلدى.
1975-يىلى، ئادىل باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 9-ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى. ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتى ئادىلغا يېڭى زېمىن ھازىرلاپ بەردى. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە يېقىملىق ۋە ناتونۇش ئىدى. يېقىملىق يېرى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە ساۋاقداشلار باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە ساۋاقداشلارغا ئوخشاش ئۇنىڭغا كۆيۈنەتتى، ئۇنى ئاسرايتتى. ناتونۇش بولغىنى — ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسى كۆپ ئىدى، مەزمۇنى چوڭقۇر ۋە قىيىن ئىدى. ئادىل قىيىنچىلىقنى بىلىپ تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلىدى، قەيسەرلىك بىلەن ئۆگەندى، بىلىمگەنلىرىنى تەكرار ئويلاندى، ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىدىن كەمتەرلىك بىلەن سورىدى. گېئومېترىيە، ئالگېبرا، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق دەرسلەردىكى قىيىن مەسىلىلەرنى بىر-بىرلەپ يەڭدى.
ئادىل ئاتا-ئانىسىدىن كىچىكىدىلا ئايرىلىپ كەتكەنلىكتىن، تۇرمۇش ئۇنىڭدا ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە جاپاغا چىداپ، چىدامچانلىق بولۇش روھىنى يېتىلدۈردى. ئۇ ئەمگەكنى سۆيەتتى، كوللېكتىپقا كۆيۈنەتتى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى ھېسابلايتتى. مەكتەپ تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغاندا، ئوقۇغۇچىلار ئۆزى كېسەك قۇيۇپ ھاشا تېمى سالدى. ھەر-بىر ئادەم كۈنىگە 250 كېسەك قۇيۇشى كېرەك ئىدى. ئادىل ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن باشقا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ كېسەك قۇيۇشىغىمۇ ياردەم بەردى. مەكتەپ سانائەتتىن، يېزا ئىگىلىكىدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قوشنا ئورۇن «قىزىل بايراق» گۆشكىشىسىنىڭ 1-دادۈي 3-دۈيىگە ئوغۇت توپلاپ، ئوت ئوتاپ، چۆزگۈن تېرىپ، لازا تىكىپ بەرگەندە، سىگۇڭ باغۋەنچىلىك مەيدانىغا جىرىم تىكىپ

بەرگەندە، تىنچلىق ئۆستىڭىنى رېمونت قىلىپ بەرگەندە، ئادىل ھەممىشە جاپادا ئالدىدا بولدى، گەندە كولاپ ئوغۇت يىغقاندا، ئۇ ئۆزلۈكىدىن ھاجەتخانىغا چۈشۈپ گەندە كولىدى. بىر قېتىم مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى سۇ ئىشلىرى نازارىتى سۇ-ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتىغا ئېلىپ بىر ئاي ئىشلەشكە ئۇيۇشتۇرغاندا، باشتا ئادىلنى ئەمگەك مۇھىتى ياخشىراق، ئەمگەك يېنىكرەك مېتالچىلىق سېخىغا بۆلگەندە، ئادىل ئوقۇتقۇچىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن زاپچاس ياساش سېخىغا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ، زاپچاس ياساش سېخىنىڭ مەينەت، ئېغىر ئىشىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ناخشا، ئۇسسۇلغا ئۇستا ئىدى، رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا دائىم زاۋۇتنىڭ تاختاي گېزىتى چىقىرىشىغا، تەشۋىقاتىغا ياردەم بېرىپ، ئىشچى ئۇستىلارغا يېقىپ قالدى ۋە زاۋۇت رەھبەرلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

1976-يىلى كۈزدە، مەكتەپ ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش ئاكوپى كولىغاندا، خەۋپ يۈز بەرگەندە، ئادىل ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، خەتەرنى تۈگىتىشكە ئۆزىنى ئاتتى، ساۋاقداشلار ئۇنى تارتىپ چىقارغاندا ئۇنىڭ پۇتى يارىلانغانىدى. ئادىلنىڭ باشقىلار-نىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاش روھى كۆپچىلىكنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، ساۋاقداشلار بۇ ئۇيغۇر ساۋاقدىشىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدى.

ئادىل كىشىلەرگە سەممىي، قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى، خەنزۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن قېرىنداشلاردەك يېقىن ئۆتەتتى. سىنىپ باشلىقى جاۋ گودۇڭ، شىن جياڭ ۋە خۇگرۇڭ، سۇ جيەن، جاڭ لى، شياۋلىن قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى دوستلىرى ئىدى. ئۇ شياڭ مىڭگېن بىلەن دائىم بىللە بولاتتى، قېرىنداشلاردەك ئۆتەتتى. شياڭ مىڭگېننىڭ ئۆيىدە تاماق يەپ، ياتاتتى، ئۇ شياڭ مىڭگېن ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىدەك بولۇپ قالغانىدى.

1977-يىلى، ئادىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزدى. بۇ چاغدا ئۇ 17 ياشلىق يىگىت بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بويى ئېگىز ئەمەستى، بىراق، يېشىنىڭ چوڭيىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزى بىلەن تەڭ ياشتىكى ياشلارغا قارىغاندا پىشقان، ياشنىپ كېتىۋاتقان دادىسىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ تاغىسىنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن، كۆڭلى قىيمىغان ھالدا ئانا مەكتىپىدىن ئايرىلىپ، بىللە ئوتكەن ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئۈرۈمچىدىن يۇرتىغا قايتىپ كەتتى.

2

1978-يىلى، ئادىل ئايرىلغىنىغا ئون نەچچە يىل بولغان يۇرتىغا قايتىپ باردى. دادىسى يەنىلا بۇلۇڭكۆل پەيچۇسىدا جىداۋيۈەن ئىدى. ئۆيدە ئۆگەي ئانىسى ۋە ئىنىسى ئالىمجان بار ئىدى. ئۇ ئەمدى ئائىلىسىگە تايىنىۋالماسلىق، جەمئىيەتكە چىقىپ، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى قۇدرەت تاپقۇزۇش قارارىغا كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئورۇن-كۆرپىسىنى يۈدۈپ، ئاقتو ناھىيىلىك كادىرلار دېھقانچىلىق مەيدانىغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا كەتتى. بۇ جەرياندا، ئۇ بىر تەرەپتىن ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە قاتناشسا، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، ئۇيغۇر يېزىقى ۋە قىرغىز تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. ئادىل كىتاب ئوقۇشقا ئامراق ئىدى، بولۇپمۇ ئۇرۇش تېمىسىدىكى رومانلارنى ئوقۇشنى، ئۇرۇش تېمىسىدىكى كىنولارنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇرۇش يىللىرىدا جەڭ مەيدانىدا قان ئاققۇزغان قەھرىمانلارغا چەكسىز چوقۇناتتى، شۇنداقلا شەرەپلىك جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جەڭچىسى بولۇشقا ئىرادە باغلىغانىدى.

بۇ پۇرسەت ئاقىۋەت يېتىپ كەلدى. 1979-يىل قىشتا، ئاقتو ناھىيىسىدە ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى باشلىنىپ كەتتى. ئادىل ۋەتەننى قوغداش قەتئىي ئېتىقادى بىلەن ھەربىيلىككە قاتنىشىشقا ئاكتىپ تىزىمغا

ئالدۇردى. ئەسكەر ئالغۇچى يولداش ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ قەتئىيلىكىنى، شۇنداقلا، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قىرغىزچە ئۈچ خىل تىلنى بىلىدىغانلىقىنى، قىسىمغا يارامىلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ؛ ئۇنىڭ تەلىپىنى تېزلا تەستىقلىدى. قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى ئالغان كۈنى ئادىل ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇچرىغانلا ئادەمگە ياخشى جەڭچى بولۇپ، ئائىلەمگە شان-شەرەپ كەلتۈرىمەن، دېدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ 36133-قىسىمغا بۆلۈنگەنىدى، يولغا چىققان كۈنى، ئۇ يېڭى ھەربىي كىيىم كىيىپ، تاغدىكى قاراۋۇلخانىدىن ئۆزىنى ئۇزىتىپ كەلگەن دادىسىغا چېست بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئائىلىسىدىن يەنە بىر قېتىم ئايرىلىپ، قىسىم تۇرغان ئىلى ۋىلايىتىگە يۈرۈپ كەتتى.

ئادىل قىسىمغا بارغاندىن كېيىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئاكتىپ ئىشلىدى. يېڭى ئەسكەرلەر مەشىقىدە، سەپكە تۇرۇش، قارىغا ئېتىش، گىرانات ئېتىش قاتارلىق تۈرلەردە ئەلا نەتىجە ياراتتى. 1980-يىلى 1-ئاينىڭ 6-كۈنى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىردى. ئىتتىپاققا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش كۆز قارىشى تىكلەپ، كوممۇنىزم ئىشلىرى يولىدا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ قىسىمدىن ئىبارەت بۇ ئىنقىلاب ئوچىقىدا جاپالىق چېنىقىپ، ئۆزىنى جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان ئىنقىلابىي روھقا ئىگە شەرەپلىك جەڭچىگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى. يىللىق ھەربىي مەشىقتە، قەھرىتان سوغۇقتا بولسۇن، تومۇز ئىسسىقتا بولسۇن، ئۆمىلەش، چېپىشىش، دومىلاش، مۇشتلاشلاردا زادىلا زارلانمىدى، ئۇنىڭ ھەر خىل ھەربىي مەشىق تۈرلىرىدىكى نەتىجىسى ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى، ئىككى قېتىم قىسىمنىڭ ئالاھىدە تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

قىسىم چارلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندە، جەڭچىلەر ئات

مىنىشنى بىلىۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئادىل كىچىكىدىن تارتىپ ئۈرۈمچىدە چوڭ بولغاچقا، ئات مىنمەك ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاتنى كۆرۈش پۇرسىتىمۇ ئاز ئىدى. بىراق ئۇ ياخشى ئاتلىق ئەسكەر بولۇشقا ئىرادە باغلىدى. باشتا مەشىق قىلغاندا، ئات مىنىش جەھەتتە بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم ھالقىلارنى ياخشى ئىگىلىيەلمىگەچكە، دائىم دېگۈدەك ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ يۈردى، پۈتۈن ئەزايىنىڭ ئۇيەر-بۇيېرى كۆكىرىپ كەتتى، بىراق ئۇ قىلچە ئارقىغا چېكىنمىدى. ئىرادىلىك كىشىدىن ماھارەت قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. جاپالىق مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئاقىۋەت مۇنەۋۋەر چەۋەندازغا ئايلاندى. ھەربىي قىسىمدا ۋە يەرلىكتە ئۆتكۈزۈلگەن ھەربىيلەر بىلەن خەلق ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىلىرىدە ئۇتۇپمۇ چىقتى.

خەلقنىڭ سىلىقىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن قىسىم يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئۆزىمىز ھەرىكەتكە كېلىپ، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك» دېگەن تەلىمىگە ئاساسەن دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ، كۆكتات، قوغۇن-تاۋۇز ۋە ئاشلىق تېرىدى. جەڭچىلەر نۆۋەت بىلەن دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئەمگەككە باردى، يەر ئاغدۇردى، ئوغۇت بەردى، يەر تۈزلىدى. ئادىل بۇلارنىڭ ھەممىسىدە جاپادا ئالدىدا بولۇپ، قاتتىق ئىشلىدى. سۇ سۇغىرىدىغان كۈنلەردە، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېچىدە سۇ تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. قولىغا قول چىرىغى ئېلىپ، گۈرجەكنى كۆتۈرۈپ، سۇ ياقىلاپ چارلىدى. كۈزلۈك يىغىم ۋاقتىدا ئوغاقنى ئوينىتىپ، ۋەزىپىنى ھەم ياخشى، ھەم تېز ئورۇندىدى. ئادىل تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيەتتى، ئۇنىڭ قىزىقىشى كەڭ دائىرىلىك ئىدى. ئۇ يەنە يۇمۇرلۇق، قىزىقچى ئىدى، ئەمگەك ئارىلىقلىرىدا سەپداشلىرىغا ھەمىشە كومېدىيىلىك سۆزلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى ياكى دۇتار چېلىپ، چىرايلىق ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنلۈك ئەمگەكتىكى ھارغىنلىق تۈگەيتتى.

تـﻪمـتـاسلىققا چۈمگەن دېھقانچىلىق مەيدانى ناخشا، كۆلكە سادالىرىغا چۆمۈلەتتى.

ئادىل قىسىمدا ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، قىسىمنىڭ ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، رەھبەرلىككە، قوماندانلىققا بويسۇناتتى. مەيلى مەشىق، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا ياكى كۆكتات تېرىش، قوي بېقىشتا بولسۇن نېمە ئىشنى قىلسا، شۇنى سۆيەتتى، شۇڭا قىسىمدىكى ھەممە ئادەم ئۇنى ياخشى جەڭچى دەپ ماختايتتى. ئىككى يىللىق ھەربىيلىك تۇرمۇش ئارقىلىق ئۇ مەلۇم ھەربىي سۈپەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، قەتئىي كوممۇنىستىك ئېتىقاد تىكلىدى، كىشىلىك تۇرمۇش سەپىرىدە دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا، ئاچقۇچلۇق پەيتتە، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس ھازىرلىدى.

3

1981-يىل 4-ئايدا، ئادىل ھەربىي سەپتىن بوشاپ ئاقتو ناھىيىسىگە قايتىپ كەلدى. تەشكىل ئۇنى ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ سۇ ئىشلىرى قۇرۇلۇش ئەترىتىگە ئىشچىلىققا ئورۇنلاشتۇردى. تەقسىم قىلىنغان خىزمەت جاپالىقراق بولسىمۇ، ئۇ قىلچە ئاغرىنماي، خىزمەت ئورنىغا خۇشال ھالدا باردى. قىسىمنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنقىلابىي ھەربىينىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن خىزمەتكە مەردانە ئاتلاندى. ئەينى ۋاقىتتا قۇرۇلۇش ئەترىتىدە قۇرۇلۇشنى لايىھەلەش، قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغانلارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ يولداشلار ئىدى. قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاز سانلىق مىللەت ئىدى، تىل توسالغۇلۇقى تۈپەيلىدىن خىزمەتتە دەتالاشلار، ئۇقۇشماسلىقلار دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزەتتى. مۇشۇنداق

[illegible] ئادىل نېمە ئۈچۈن مەن ۋە خەنزۇ يولداشلار ئوتتۇرىسىغا كۆۋرۈك بولمايمەن» دەپ ئويلاپ، ئۆزلۈكىدىن ئىشتىن سىرتقى تەرجىمانلىق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇش ئەترىتىدە خىزمەت ئۈنۈمىمۇ ئۆسكەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىمۇ كۈچەيگەن يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ئادىلنىڭ قەلبى ئالتۇندەك ساپ ئىدى. ئۇ دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى، ئۆزىنىڭ ھاياتىدىنمۇ بەكرەك قەدىرلەيتتى، دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى ۋە خەلقنىڭ ھاياتىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلايتتى.

1981-يىلى يازنىڭ بىر ئاخشىمى ھاۋانى بۇلۇت قاپلاپ، چاقماق چېقىپ، قاتتىق يامغۇر قۇيۇۋەتتى، قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ «بويتاقلار» ياتىقىدا ياتىدىغان ئادىل چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ قۇرۇلۇش ئەترىتى ئىسكىلاتىدا مەسىلە چىقىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىمىنىمۇ ئوبدان كىيمەي، ياتاقتىن چىقىپ ئىسكىلاتنى تەكشۈرگىلى باردى. دېگەندەك ئىسكىلاتتىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. ئىسكىلاتتا 30 توننا سېمونت بار ئىدى. ئۇ يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتسە، بىكار بولاتتى، ئېغىر ئىقتىسادىي زىيان چىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يامغۇرغا قارىماي ئۆگزىگە چىقىپ، يامغۇر ئۆتكەن جايلارنى يېپىپ قويدى.

1984-يىلى 6-ئايدا قۇرۇلۇش ئەترىتى قوغۇنچى توسمىسىنىڭ چۆشۈرگە قۇرۇلۇشىنى ئۈستىگە ئالدى. بىر كۈنى، ئادىل سېمونت لاي ئېتىش ماشىنىسىنىڭ 15 مېتىر ئېگىزلىكتىن سىيرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ چاغدا توسما تار ئىدى. لاي ئېتىش ماشىنىسىنىڭ بىر چاقى توسمىدا، يەنە بىر چاقى سۇ ئامبىرىنىڭ چېتىدە ئىدى، ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى. ئادىل دەرھال ئەقىل ئىشلىتىپ، لوم تۆمۈر بىلەن سىيرىلىپ كېتىۋاتقان چاقنى تىرلىۋالدى. ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا باشقا ئىشچىلار بىردەك كۈچ چىقىرىپ لاي

ئېتىش ماشىنىسىنى توختىتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملىق ۋەقەنىڭ ئالدى ئېلىندى.

شۇ يىلى 8-ئاينىڭ بىر كۈنى سۇ ئامبىرى چۈشۈرگۈسىدىن چاتاق چىقتى، ئۇنى كۆتۈرگىلى بولمىدى؛ سەۋەبىنىمۇ دەرھال ئېنىقلىغىلى بولمىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن، سۇ ئامبىرىدىكى سۇ ئەڭ چېكىگە يەتتى. ئەگەر سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسىنى سۇ ئېلىپ كەتسە، ئېغىر سۇ ئاپىتى يۈز بېرەتتى. ئادىل خەتەرنى كۆرۈپ، تىت-تىت بولۇپ كەتتى. ھېچنەرسىگە قارىماي 5-6 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئىزدىدى. ئاخىرىدا چۈشۈرگە تاختىسىنىڭ زاپچىسى بۇزۇلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئۇنى يەڭگۈشلەش كېرەك ئىدى، بىراق غەۋۋاسلىق ئۈسكۈنىلىرى يوق بولۇپ، سۇ ئاستىدا مەشغۇلات قىلىشتا قىيىنچىلىق بار ئىدى، ئادىل بىر تۇرۇبا تاپتۇرۇپ كېلىپ، بىر ئۇچىنى ئاغزىغا سېلىپ قايتا-قايتا سۇ ئاستىغا چۆكۈپ، ھېلىقى زاپچاسنى ئالماشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن چاتاق چىققان توغان دەرۋازىسىنىڭ قاپقىقى ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، چوڭ ئاپەتنىڭ ئالدى ئېلىندى. قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكى يولداشلارنىڭ كۆڭلى ئاخىرى ئورنىغا چۈشۈپ، ئادىلنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا ئېتىپ، غەلىبىگە تەنتەنە قىلىشتى.

1987-يىلى 8-ئايدا ئاقتو ناھىيىلىك خوشار سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئۆستەڭ بېشىدىكى قۇرۇلۇشتا تاغدىن كەلگەن كەلكۈن يېڭى ياسىغان توغاننى بۇزۇۋەتتى، بۇ ئىنتايىن خەۋپلىق پەيتتە يەنە شۇ ئادىل بىرىنچى بولۇپ سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، سۇ ئېلىپ كەتكەن يوچۇقنى بەدىنى بىلەن توسۇپ، كۆپچىلىكنىڭ يوچۇقنى ئېتىپ توغاننى ئوڭشاش تەدبىرى قوللىنىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىپ، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توغىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى سۇ ئېلىپ كېتىشتەك ئېغىر ۋەقەلىك سادىر بولۇشىنى توسۇپ قالدى.

1987-يىلى 7-ۋە 8-ئايلاردا ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەش يۇرتى، خۇنەن ئۆلكىلىك تەكشۈرۈش-لايىھىلەش يۇرتىدىكى

قۇرۇلۇش تېخنىكلىرىنى مۇز تاغ چوققىسىغا چىقىپ، گەز دەرياسى ئېقىنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلغانىدى. ئادىل تەرجىمانلىق قىلىش ۋە يول باشلاشقا تەكلىپ قىلىندى. بىر كۈنى گەز دەرياسىنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا خۇنەنلىك بىر تېخنىك ئېھتىياتسىزلىقتىن مۇز تاغدىن سىيرىلىپ كېتىپ، ئالتە مېتىردىن ئارتۇق چوڭقۇرلۇقتىكى كاشكۆلغا چۈشۈپ كېتىپ، بەختكە قارشى قۇربان بولدى. ئادىل جەسەتنى سۈزۈپ ئېلىش ئۈچۈن ھەر خىل ئاماللارنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، كەچ كىرىپ كېتىپ، ئەتراپ قاراڭغۇ، يول تېپىلغاق بولغانلىقتىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئادىل ئىككى چارۋىچىنى تېپىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك سوغۇق شامالغا قارىماي، مۇزلۇق تاغقا چىقىپ، كاشكۆلنى تېپىپ، قازاغا ئۇچرىغان يولداشنىڭ جەسىتىنى سۈزۈپ ئالدى. خۇنەن تەكشۈرۈش لايىھەلەش يۇرتىدىكى يولداشلار قاتتىق تەسىرلىنىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرىگە: «يولداش ئادىلنىڭ قازاغا ئۇچرىغان يولداشنىڭ جەسىتىنى سۈزۈپ ئالغانلىقىغا رەھمەت، خىزمىتىمىزگە ياردەم ئىشىشكە بۇنداق ياخشى يولداشنى ئەۋەتكەنلىكىڭلەرگە رەھمەت» دېدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلار يەنە سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىگە لەۋھە تەقدىم قىلدى.

ئادىل قۇرۇلۇش ئەترىتىدە ئالتە يىلدىن كۆپرەك ئىشلەپ، ناھىيىنىڭ سۇ ئىنشائاتى ئۈچۈن خالىسانە تۆھپە قوشتى. ئۇ 1987-يىلى 10-ئايدا سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىگە تەرجىمانلىققا يۆتكەلدى.

1988-يىلىنىڭ باشلىرىدا ئادىل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ تەرجىمانلىقىغا يۆتكەلدى، كادىر شتاتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئامالى بولمىغانلىقتىن، «كادىرلىق خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان ئىشچى» بولۇشقا مەجبۇر بولدى. گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ، ئادىل يېڭى خىزمىتىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، تەرجىمە خىزمەتچىسى بولۇش ئادىلنىڭ كىچىكىدىن بۇيانقى تىلىكى ئىدى، شۇنداقلا ئۇنى

ببقىپ چوڭ قىلغان تاغىسىنىڭ ئارزۇسى ئىدى. ئادىل شەخسىي تەمەناتى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، يېڭى خىزمەتكە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلاندى. ئۇ چاغدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۆت تەرجىمانى بولۇپ، بىرى ئۈرۈمچىگە ئۆگىنىشكە كەتكەن ئىدى، بىرى ئائىلىلەر سالاھىيەت كىنىشكىسى تارقىتىشقا ياردەملىشىۋاتاتتى، يەنە بىرى كېسەل بولۇپ ئۆيدە دەم ئېلىۋاتاتتى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن تەرجىمە ۋەزىپىسى ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئىدى. ئادىل خەنزۇچىنى ئېغىزچە تەرجىمە قىلىشتا ناھايىتى پۇختا، ئۇيغۇرچە يېزىقنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن، خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان تەرجىمە مەشىقىنى توختاتمىغان بولسىمۇ، ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ بۇنداق ئېغىر تەرجىمە ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىشتا، يەنىلا مەلۇم قىيىنچىلىق بار ئىدى. پارتىيىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇ بىر تەرەپتىن قېتىرقىنىپ ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن خىزمەتنى بېرىلىپ ئىشلىدى. كۈندۈزى ئىشلەپ بولالمىغانلىرىنى كېچىلەپ ئىشلىدى. ئۇ ھۆكۈمەت خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن سىرت ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى، ج خ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى يولداشلار تەرجىمە قىلىشقا تېگىشلىك ماتېرىياللارنى ئېلىپ، ئالدىراشلىقتىن بېشىنى تاتىلغۇدەك ۋاقىت چىقىرالماي قالغان ئادىلدىن ياردەم سوراپ كەلسە، ئۇ دەرھال ماقۇل بولۇپ، بىر قانچە كېچە ئۇخلىماي بولسىمۇ تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى. ياردەم تەلەپ قىلغان ئورۇنلار تەرجىمىگە قەلەم ھەققى بەرمەكچى بولغاندا، ئۇ ھەممىسىنى تەشەككۈر ئېيتىپ رەت قىلدى.
شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا ئادىل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئورگان پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تاش توختىغا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ھەممىلا يەردە ئۆزىگە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە قاتتىق تەلەپ قويدى.

ھۆكۈمەتتە خىزمەت قىلغان قىسقىغىنە ئىككى يىلدا ئادىل دائىم

ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارمىقىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىلىرى بىلەن بىرلىكتە سىرتقا خىزمەتكە چىقىپ، باش ئاغرىتىدىغان چېگرا، ئوتلاق، سۇ ئىنشائاتى ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى، ئۇ پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئىدىيىۋى خىزمەتنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىشلەيتتى، ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئاشپەزگە ياردەملىشەتتى، شوپۇرغا ماشىنا رېمونت قىلىشىپ بېرەتتى، ھەر قېتىم ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا چىققاندا مەسئۇل يولداشلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشەتتى.

1989-يىلى 10-ئايدا ئادىل ناھىيىلىك چېگرا تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىشكە يۆتكەلدى، ئۇ دائىم تاغلىق رايونلارغا بېرىپ جاپا چېكەتتى، ھېرىپ-چارچايتتى، دالىدا تۈنەپ قالاتتى، بەزىدە ھەتتا ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالاتتى. بىر قېتىم چېگرا تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر قىزىل داۋاندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا تۇساتتىن ماشىنىنىڭ رولى ئىشلىمەي قالدى. ئەگەر جىددىي تەدبىر قوللىنىلمىسا ماشىنىدا ئولتۇرغان تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى سەككىز يولداش ۋە ناھىيە رەھبىرىنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچراپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئاقىۋەت كېلىپ چىقاتتى، شوپۇر خېلىل جىددىيلەشكەنلىكتىن ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغانىدى! بۇ چاغدا بىر قەيسەر كىشىنىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشتى-دە، ئادىل، تېز چۈش، تۆگە شتۇق! — دەپ ۋارقىرىدى. ئادىل بۇنى ئاڭلاپ ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتى-دە، دەرھال يوغان بىر تاشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ماشىنىنىڭ چاقى ئاستىغا قويدى، شۇنداقلا ماشىنىنى كۈچەپ ئارقىغا ئىتتىرىپ، يەكەن دەرياسىغا بىرقانچە ئون سانتىمېتىر قالغان جايدا ماشىنىنى توختىتىۋالدى. پاھ، نېمە دېگەن خەتەرلىك! — دەپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىشتى ماشىنىدىكى كىشىلەر، جىددىي بىر مەيدان ئېلىشىش ئارقىلىق ئادىل چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن،

ئۇستىخانلىرى ئۆگە-ئۆگىسىدىن ئاجراپ كەتكەندەك بولۇپ كەتكەنىدى، شۇنداق بولسىمۇ يەنە كۆپچىلىكتە چاقچاق قىلىپ، ھەرقايسىلىرىنىڭ تەلەيلىرى ئوڭ، ئامەتلىرى زىيادە ئىكەن، ئۆلۈم نېسىپ بولمىغانىكەن، چوڭ بالا-قازادا ئۆلمىگەن كىشىنىڭ بەخت-تەلىيى زىيادە بولۇر، ھەرقايسىلىرىنى تەبرىكلەيمەن، دېدى ھەمدە خەنزۇلارنىڭ ئادىتىنى دوراپ قوش مۇشتىنى تۈگۈپ تازىم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تېخى تولۇق ئېسىگە كېلىپ بولالمىغان ئابلىز ھاكىم، يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لو چىڭيۈەن قاتارلىق يولداشلار ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

4

ئادىل پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئۆز ھاياتىدەك قەدىرلەيتتى، ئۇ بارغانلا يېرىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى بوشاشتۇرماي ئىشلەيتتى.

ئادىل قۇرۇلۇش ئەترىتىگە يېڭى كەلگەندە خەنزۇ ئىشچى جاڭ ۋېنجۈڭنى ئۇستاز تۇتۇپ، تېخنىكىسىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەنىدى، ئۇستىسىغا دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ ھالىغا يېتىپ تۇراتتى. قۇرۇلۇش ئورنى ئۆيدىن 20 نەچچە كىلومېتىر يىراق جايدا بولۇپ، ھەر كۈنى ئىشقا بېرىپ-كېلىشتە ۋېلسىپىت بىلەن ئىككى سائەتتىن ئارتۇق يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئادىل ئۇستىسى جاڭ ۋېنجۈڭنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى، ئۆيىدە خوتۇن-بالىلىرى بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئېغىرراق ئىشلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشلىدى، ھەر كۈنى ئىش مەيدانىغا مۇددەتتىن بۇرۇن كېلىپ، تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى، ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىدا ئۇستىسىنى كەتكۈزۈۋېتىپ ئۆزى كۆپرەك ئىشلىدى. ھېيت-بايراملاردا دائىم ئائىلىسى بىلەن ئۇستىسىنى يوقلاپ باراتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇستا-شاگىرت ئىككىسى چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. جاڭ ئۇستام ئەقىللىق، تىرىشچان، شەخسىي پايدا-زىيان بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان، ئائىلىسى بىلەن

باشقىلارنى ئويلايدىغان بۇ ياخشى شاگىرتنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان توپلىغان تەجرىبە ۋە تېخنىكىسىنى بۇ ئۇيغۇر شاگىرتىغا قىلچە ساقلاپ قالماي تولۇق ئۆگىتىشكە بەل باغلىدى، ئادىل ئۇستىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىتىشى بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، جاپالىق مەشىق قىلىپ، دىزىل ماتور ھەيدەش، پاياتلاش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ناھايىتى تېزلا ئىگىلىۋالدى. بىر قېتىم قۇرۇلۇش ئەترىتى جامالتېرەك يېزىسىدا توغان چۆشۈرگىنى ياساۋاتقاندا جاڭ ئۇستام تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىپ، دىزىل موتورنى ھەيدەيدىغان ئادەم چىقمىدى، 40 نەچچە كىشىنىڭ ئىشى ئاسقاپ قالدى، ئەترەت رەھبەرلىرى نىمە قىلارنى بىلمەي قالدى. بۇ چاغدا ئادىل غەيرەتكە كېلىپ ماشىنىنى باشقۇرۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. جاڭ ئۇستام بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ناھايىتى خۇشاللاندى، شۇنىڭدىن كېيىن دىزىل موتورنى ئادىل مۇستەقىل باشقۇرىدىغان بولدى، ئادىلنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇستا بىلەن شاگىرت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇلار ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىنى ھۆرمەتلىشى ۋە ئۆزئارا كۆيۈنۈشى قۇرۇلۇش ئەترىتىدە كىشىلەر ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان تەرىپلەيدىغان ئىش بولۇپ قالدى.

1982-يىلى ئادىل توي قىلدى، تويدىن كېيىن ئۇلار كونا ئىلبكتر ئىستانسىسىنىڭ ئائىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇردى. بۇ 14 ئائىلىلىك ئولتۇراقلاشقان چوڭ قورۇ ئىدى. ئۇلار ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ ۋە مياۋزۇ مىللەتلىرىدىن بولۇپ، سىچۇەن، خېنەن، گەنسۇ ۋە شىنجاڭلىق كىشىلەر ئىدى، يەنە ئىككى ئائىلىلىك سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرىمۇ بار ئىدى. 200 كۋادرات مېتىردىن سەل ئاشىدىغان بۇ كىچىك ھەم قىستا-قىستاڭ قورۇدا كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى، تىل-يېزىقى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەر خىل ئىدى، بىراق ئۇلار ئۆزئارا يول قويۇشۇپ ئىناق ئۆتۈپ، ئۆيلىرى كونا، شارائىتى ناچار، قىستا-قىستاڭ بۇ قورۇنى مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىلىك قورۇغا ئايلاندۇردى. ئادىل بۇ قورۇنىڭ غوللۇق ئادىمى بولۇپ، ھەممە كىشى ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. چۈنكى بۇ ئوت يۈرەك يىگىتتىن ھەممە كىشى سەمىمىي ياردەمگە ئىگە بولاتتى. ئۇ بۇ قورۇدا ئولتۇرغان ئالتە يىلدا قوشنىلىرى ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

مياۋزۇ بوۋاي دۇڭ لياڭچېن ئازادلىقتىن ئىلگىرى گومىنداڭنىڭ قەشقەردىكى ئالاقە-ئاخبارات باش شتابىنىڭ شاڭۋېي دەرىجىلىك ئوفىتسېرى بولۇپ، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغاندا قوزغىلاڭغا قاتناشقان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا زەربە يېگەن، سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىلىبىكتر ئىستانسىسىدا كۆكتات تېرىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ خوتۇنى تامارا سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرى ئىدى، بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېنىدا بالىسى يوق ئىدى، ئادىل ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. ئۇ چاغلاردا كۆكتاتلىقنى سۇغىرىش قىيىن مەسىلە ئىدى، تىل ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن، ئوكايلا سۇ تالىشىپ چاتاق چىقاتتى، ئادىل ئۆزلۈكىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئالاقە قىلىپ، بوۋاينى كۆكتاتلىقنى ۋاقتىدا سۇغىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بىر قېتىم بوۋاي كۆكتاتلىقنى سۇغارغاندا ئېھتىيات قىلماي ئېچىقنى چوڭ ئېچىۋەتكەنلىكتىن، ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا سۇ كىرىپ، بۇ قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق ۋېي زىبشېڭنىڭ ئۆيىنى سۇ بېسىپ كېتىدۇ، ئادىل قورۇدىكى قوشنىلارنى ئېرىق ئېچىقنى ئېتىشكە سەپەرۋەر قىلىپ، ئۆزى مۇزدەك سۇغا سەكرەپ چۈشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك تەييارلاپ قويغان جىگدە شاخلىرى بىلەن ئېچىقنى توساپ، ئارقىدىن توپا تاشلاپ ئۇنى ئېتىدۇ. بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن يەنە ۋېي زىبشېڭنىڭ ئۆيىدىكى سۇلارنى چىقىرىۋېتىشكە ياردەملىشىدۇ. تامارانىڭ سالامەتلىكى ناچار بولۇپ، كۆپىنچە كېچىلىرى كېسىلى قوزغىلىپ قالاتتى، ھەر قېتىم كېسىلى

قوزغالغاندا ئادىل قول ھارۋىسىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ باراتتى. قىش كەلگەندە ئۇلار بوۋاي بىلەن مومايغا كۆمۈر كوممىلچىنى ياساپ بېرەتتى، ئوتۇنىنى يېرىپ، رەتلىك تىزىپ بېرەتتى، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بوۋاي بىلەن موماي ئادىلنى ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرىدىغان بولدى، بوۋاينىڭ خۇشلۇقى تۇتۇپ قالغاندا ئازراق ھاراق ئېلىپ كېلىپ، بىر قانچە تەخسە نەي قوراتتى، ئادىلنى چاقىرىپ بىر قانچە رومكىدىن ئىچىشەتتى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇغقان يوقلاشقا بارغاندا ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئادىللارغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ قاراپ قويۇشىنى ھاۋالە قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كېلىشتە مىننەتدارچىلىق يۈزىسىدىن ئادىلغا، خوتۇنىغا ۋە باللىرىغا سوۋغا-سالام ئالغاچ كەلدى.

1985-يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى ئادىل ئۆيدە ئولتۇراتتى — ئادىل، تېز كەل! — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ بىرسىنىڭ ئۆيىدە بىرەر ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئويلىدىدە، كىيىمىنى كىيىپ سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئەسلىدە ۋېي زېشېڭنىڭ كۆيئوغلى شياۋچى ۋېلىسىپىت مىنىپ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن يول بويىدىكى ئورمانلىققا يىقىلىپ چۈشكەن، دەرەخ شاخلىرى ئۇنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كەتكەن، يۈزىدىن توختىماي قان ئېقىۋاتاتتى. ۋېي زېشېڭ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى نېمە قىلارىنى توختىماي گاڭگىراپلا قالغان، ئادىلنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئارام تاپقاندەك بولۇپ: ئادىل، كەلدىڭمۇ، ئەمدى ياخشى بولدى، — دېدى. ئادىل دەرھال ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىت تېپىپ كېلىپ، ئورمان ئىشچىسى شياۋجيا بىلەن بىرلىكتە كېچىلەپ يول يۈرۈپ، شياۋچىنى مىڭ تەستە ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغان، دوختۇرلار دەرھال شياۋچىنىڭ يارىسىنى ئالتە يىپ تىككەن. قۇتقۇزۇش ۋاقتىدا بولغاچقا شياۋ چىنىڭ يارىسى ساقايغاندا يۈزىدە كۆزگە كۆرۈنگۈدەك ئېنىق تاتۇق قالمىغان، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئادىلدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولغان.

بۇ قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق ياغاچچى گوڭگچۈەننىڭ ئىنىسى بىلەن ياڭ چۈن مەدىكارلىق قىلىش ئۈچۈن سىچۈەندىن شىنجاڭغا كەلگەن، ئىش تالىشىپ جېجياڭدىن كەلگەن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى رەنجىتىپ قويغانلىقتىن، جېجياڭلىقلار 20 نەچچە كىشىنى توپلاپ، قورۇغا باستۇرۇپ كېلىپ ئۇرۇشماقچى بولغان. قانلىق ۋەقە سادىر بولاي دەپ قالغانلىقتىن، گو نىڭچۈەن كۆپچىلىككە زەخمە يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تولىمۇ دىققەت بولۇپ ئادىلنى ئىزدەپ تاپىدۇ. ئادىل ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ ئۇققاندىن كېيىن، پەيچۇسوغا ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەرنى ئولتۇرغۇزۇپ، قورۇدىكى ئاياللارنى چاي ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۇ سەممىي، سەۋرچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلىپ: كۆپچىلىكنىڭ سىرتلاردا مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقانلىقى ھەقىقەت، ھەممىڭلارنىڭ باقىدىغان خوتۇن-بالىلىرىڭلار بار، ھەرقانداق ئىشنى مەسلىھەت بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ، مۇشت كۆتۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مەن سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىدە ئىشلەيمەن، ئىشىڭلار بولسا ئەتە ئىدارىگە بېرىپ مېنى ئىزدەڭلار، مەن چوقۇم ياردەملىشى-مەن، — دەيدۇ. پەيلى بۇزۇلۇپ چاتاق چىقىرىشقا كەلگەن كىشىلەر ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان بىر يولداشنىڭ بۇنداق سەممىي مۇئامىلىسىدىن چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ، دەرھال مەسىلىنى مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقى، ئەمدى چاتاق چىقارمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىر مەيدان غەۋغا مانا مۇشۇنداق بېسىقىدۇ.

ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى لى زۇڭيۈەننىڭ ئوغلى لى جىنيۈي قىزىلبايراق دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ماگىزىنىنى ھۆددىگە ئالغانىدى، بىر كۈنى ماگىزىننى تاقاش ۋاقتىدا بىر ئۇيغۇر يىگىت كىرىپ، قەرزگە بىر بوتۇلكا ھاراق ئالماقچى بولىدۇ، لى جىنيۈي ئۇنى تونىمىغانلىقتىن قوشۇلمايدۇ. بۇ يىگىت بۇنىڭدىن قاتتىق

ئاچچىقلىنىپ هاراقنى بۇلاپ كىتىپلا قالماستىن، لى جىنيۈيىنى قاتتىق ئۇرىدۇ. ئادىل بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، ئەتىسى ھېلىقى هاراق بۇلىغان يىگىتنى تېپىپ: سەن نېمە ئۈچۈن هاراق بۇلايسەن، ئادەم ئۇرسەن؟ — دەپ سورايدۇ.

— پۇلىمىزنىڭ ھەممىسنى بۇ ئىچكىرىلىكلەر ئېلىۋالدى، ئۇرسام نېمە بوپتۇ؟

ئادىل بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ئاچچىقلىنىپ: ئۇ سىنىڭ ئۆيۈڭگە بېرىپ ئوغرىلىق قىلدىمۇ ياكى يانچۇقىڭدىكى پۇلۇڭنى بۇلىدىمۇ؟ خەق ئىككى قولىغا تايىنىپ پۇل تېپىۋاتسا، پۇلىمىزنى ئېلىۋالدى، دېسەڭ بولامدۇ؟ ئۇيلاپ باقساق بولىدۇ، بىز ئۇيغۇرلاردىنمۇ نۇرغۇن كىشى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ تىجارەت قىلىۋاتىدۇ، خەقمۇ ساڭا ئوخشاش زومىگەرلىك قىلسا بولامدۇ؟ — دەيدۇ. ھېلىقى بالا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ گەپ قىلالماي قالىدۇ. كىيىن ئۇ هاراقنىڭ پۇلنى بېرىدۇ ۋە لى جىنيۈيدىن ئەپۇ سورايدۇ.

ئادىلنىڭ نەزىرىدە ھەر مىللەت خەلق ۋەتىنىمىز بۈيۈك ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ، شىنجاڭدا خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ھەر مىللەت خەلق زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر تۇغقان ئاكا-ئۇكىلاردەك يېقىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى، ئۇ مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، ئۆز مىللىتىدىن بولغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئىتتىپاقلىشىشقا ھەم ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ باشقىلارغا ياردەم قىلىشقا ئامراق ئىدى، ھەممە ئىشتا ئاۋۋال باشقىلارنى ئويلايتتى، باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۆزىنىڭكىدىن ئېغىر چاغلايتتى. ئادىل بىلەن بىر ئەترەتتە ئىشلەيدىغان ئىشچى ئاباس رېيىمنىڭ خوتۇنى قەشقەرگە داۋالانغىلى بېرىپ، دوختۇرخانىغا تاپشۇرىدىغان پۇل 100 يۈەن كەم بولۇپ قالغاچقا دوختۇرخانىدا ياتالمايدۇ، بۇ چاغدا ئىش بېجىرگىلى قەشقەرگە بارغان ئادىل بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئادىل

ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن قىلچە ئىككىلىنىپ قالماي 100 يۈەن پۇلنى ئاپباسقا ئارىيەتكە بېرىپ تۇرىدۇ. ئادىلنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس بولۇپ، بۇ قېتىم ئاران 120 يۈەن ئېلىۋالغانىدى، 100 يۈەننى ئارىيەتكە بېرىۋەتكەچكە يېنىدا ئاران 20 يۈەن پۇل قالدى، شۇڭا ئىككى موغا بىر نان ئېلىپ چاي بىلەن قورساق تويغۇزۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن: «ئەگەر پۇلنى ئۇنىڭغا بەرمەي، خەقنىڭ دوختۇردا يېتىشىغا تەسىر يەتكۈزگەن بولسام، ۋىجدانىم ئازابلىناتتى» دېدى.

1987-يىلى قەشقەردىكى تەرجىمانلار جەمئىيىتى ئۆگىنىش كۇرسى ئۇيۇشتۇردى، ئادىل تەرجىمانلىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز خىراجىتى بىلەن ئۆگىنىشكە باردى. بۇ چاغدا ئۆگىنىش كۇرسىدىكى پوسكامدىن كەلگەن بىر ئوقۇغۇچىنىڭ تاماق پۇلى قالمايدۇ، ئادىل بۇ يولداشقا كەڭ قورساقلىق بىلەن ياردەم قىلىدۇ. ئادىلنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى تېلېۋىزوردىن ئۇققاندىن كېيىن پۇل ئارىيەت ئالغان بۇ يولداش پوسكامدىن ئالاھىدە ئاتاپ ناھىيىسىگە كېلىپ ئادىلنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئادىل ھايات ۋاقتىدا ئارىيەت بەرگەن 70 يۈەن پۇلنى قايتۇرۇپ بەرگەندىلا، ئادىلنىڭ خوتۇنى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپىدۇ.

ئادىل گويا بىر يالقۇنغا ئوخشاش بارغانلا يېرىدە ئەتراپىغا يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق تارقىتاتتى. ئۇنىڭ قەلبىدىن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئورۇن ئالغانىدى، پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىنىلا يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئۈچ جان بولۇپ، 8 كۋادرات مېتىرلىق كېسەك ئۆيدە ئالتە يىل ئولتۇردى، ئادىل تەشكىلگە قىيىنچىلىقىنى ئېيتىپ، ئۆي تەلەپ قىلىپ باقمىدى. 1989-يىلى 5-ئايدا 12 بارماق ئۈچەي يالۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قەرز بولۇپ قالغان بولسىمۇ، تەشكىلدىن ياردەم تەلەپ قىلمىدى.

ئادىل 1987-يىلى قۇرۇلۇش ئەترىتىدىن سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىگە

يۆتكەلگەندە، مائاشىنى قۇرۇلۇش ئەترىتىدىن بېرەتتى، لېكىن پاراۋانلىق قوشۇمچە تەمىناتىنى بەرمەيتتى؛ 1988-يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە يۆتكىلىپ تەرجىمان بولغاندىن كېيىن، ئۇ رەسمىي شتاتتىكى كادىر بولماستىن، «كادىرلىق خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان ئىشچى» بولغانلىقتىن، مائاشى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. بىراق ئۇ بۇنىڭدىن ئاغرىنىپ باقمىدى، ئاددىي خىزمەت ئورنىدا تىرىشىپ، بىجاندىل ئىشلەپ، ياشلىق باھارى ۋە ئەقىل-پاراستىنى تەقدىم قىلدى. ئۇنى ئوبدان بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى: «ئادىلنىڭ ئىدىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى لېي فېڭنىڭكىگە ئوخشاش» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئادىل ھەقىقەتەن باشقىلارغا بەك كۆپ، بەك كۆپ ياردەملەرنى قىلدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى ئاز ئويلايتتى.

5

ئادىل ئىدارىسىدە ياخشى ئىشچى، ئۆيىدە بولسا ياخشى ئەر، ياخشى ئاتا ئىدى. ئۇنىڭ تولىمۇ بەختلىك ئائىلىسى بار ئىدى، خوتۇنى ئامانگۈل 25 ياشتا بولۇپ، ئاق كۆڭۈل، ئەقىللىك، ئىقتىدارلىق ۋە غەرەز ئۇقىدىغان ئايال ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، چوڭ قىزى ئايتىللا تۆت ياشتا، كىچىك قىزى ئايپاشا ئىككى ياشتا ئىدى.

ئامانگۈل بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3-شىسىنىڭ ساۋخۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا چوڭ بولغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەمەت ئەزىم پېشقەدەم ھەربىي، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىسى، پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، 50-يىللاردا ھەربىي قىسىمدىن بىڭتۈەنگە كەسىپ ئالماشتۇرغان، شىخەنزە، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىگەن بولۇپ، كەسىپ ئالماشتۇرغان خەنزۇ كادىرلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە بوز يەر ئېچىش، چېگرا رايوننى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇنىڭ ئانىسى بۇۋىخەلىچەم تۇختى ئېرىنى دەپ يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ئېرى بىلەن

بىللە بىكتۇەنگە ئورۇنلاشقانىدى. بوۋىسى تۇختى ئاخۇن كۆيۈمچان، ئاق كۆڭۈل بوۋاي ئىدى، ئۇ 1960-يىلى قىشتا،... دۆلىتىمىزدە ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق يۈز بەرگەن مەزگىللەردە، بىر كۈنى ياپچان بازىرىدا جاڭ جىنچاڭ ئىسىملىك بىر تاشلىۋېتىلگەن خەنزۇ بالىنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ، بوۋاي جىنچاڭنى ئېشىكىگە مىنگەشتۈرۈپ، جۇۋىسىغا ئوراپ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭغا ئابدۇكېرەم دەپ ئۇيغۇرچە ئىسىم قويىدۇ، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر جىنچاڭنى بىر تۇغقان قېرىندىشىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ بېقىپ چوڭ قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنساخان ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىلىپ قويىدۇ.

بىكتۇەن دېھقانچىلىق مەيدانىدا ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ، شۇنداقلا يۇرتى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ تيەنشۇي دېگەن يېرىدىكى تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ئاتىسى يۇرتىدىن شىنجاڭغا كېلىپ، ئەينى ۋاقىتتا ئامالسىز تاشلىۋەتكەن ئوغلىنىڭ ئۆسۈپ چوڭ بولغانلىقى ھەم بەختلىك ئائىلە قۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن كۆز يېشىنى تۇتۇپ قالالمايدۇ، تۇختى ئاخۇن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ مېھرى-شەپقىتىگە تۈمەن مىڭ تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

1965-يىلى ئامانگۈل تۇغۇلغاندا بۇ خەنزۇ تاغىسى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى، ئۇ بۇ جىيەنىگە ناھايىتى ئامراق بولۇپ، دائىم ئۇنى كۆتۈرۈپ ئوينىتاتتى. ئامانگۈل سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن خەنزۇ ئۆس-مۈرلەر بىلەن بىللە بالىلار باغچىسىغا كىردى، مەكتەپكە كىردى. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئائىلىۋى مۇھىتتا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدى. يېشىنىڭ چوڭىيىشى ۋە بىلىمىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى، جىبگرا رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداش ئىگىلىكىنى كۈچلۈك ھېس قىلدى.

1982-يىلى ئادىل باشقىلاردىن ئامانگۈل ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلاپ، ناھايىتى يارىتىپ قالدۇ.دە، ساۋخۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا كۆرۈشكىلى باردۇ. ئۇلار بىر كۆرۈشۈپلا بىر-بىرىنى ياقتۇرۇپ قالدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇرغۇن ئورتاق تىلى، ئورتاق ھەۋىسى، ئورتاق مۇددىئاسى بار ئىدى. بىردەم ئۇيغۇرچە سۆزلەشسە، بىر دەم خەنزۇچە سۆزلىشىپ، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ خەنزۇلار «ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدىغانلىقى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەسىراتى تېخىمۇ كۆپ ئىدى، بۇ يەنە ئۇلارنىڭ بىرلىشىشىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى ۋە مۇھەببەت رىشتىسى ئىدى.

ئۇلار ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا توي قىلدى. تويدىن كېيىن ئامانگۈل ئاقتۇ ناھىيىلىك كۆچە تىخانىغا يۆتكەلدى. ئۇ كىچىكىدىن خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغانلىقتىن، ئۇيغۇرچە خەتنى ئوقۇمايلا قالماستىن، ئۇيغۇرچە سۆزلىشىمۇ تازا راۋان سۆزلىيەلمەيتتى. ئادىل ئامانگۈلگە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى پىششىق ئىگىلىگەندە، ئۇيغۇرچىنىمۇ، خەنزۇچىنىمۇ ئىگىلىگەندىلا ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلغىلى بولىدىغانلىقنى ئېيتتى. تويدىن كېيىن ئادىل ئامانگۈلنىڭ ئۇيغۇرچە تىل، يېزىق ئۆگىنىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، ئائىلىدە ئىككىسى خەنزۇچە سۆزلەشمەستىن، ئۇيغۇرچە سۆزلىشىشنى بەلگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئامانگۈلنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلىشىش ئىقتىدارى بىر نەچچە ئايدىلا تېز ئۆستى. ئادىل يەنە ۋاقىت چىقىرىپ ئامانگۈلگە ئۇيغۇرچە يېزىقنى ئۆگەتتى. ئۇ خۇددى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس ئۆتكەندەك، ھەرپ، ئىملا قائىدىسى، ھەرپلەرنى قوشۇپ ئوقۇشتىن تارتىپ، يەككە سۆز، گرامماتىكىغىچە سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەتتى. خوتۇنىغا كۆپرەك ئۆگىنىش ۋاقتى چىقىرىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇ ئۆي ئىشىنىڭ ھەممىسنى دېگۈدەك ئۈستىگە ئالدى. بەزىدە ئۇ خوتۇنىغا تاپشۇرۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ

بەرگەندىن كېيىن: «تاپشۇرۇق ئىشلەپ بولمىسىڭىز، تاماق بەرمەيمەن» دەپ پوپوزا قىلىپ قوياتتى. ئامانگۈل مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۇيغۇرچە تىل-يېزىقنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلىدى. 1986-يىلى ناھىيەدە ئەكلىپ قىلىنغان كادىرلىققا ئىمتىھان ئېلىنغاندا، ئامانگۈل ئىمتىھاندىن ئۇتۇقلۇق ئۆتۈپ، ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ ياردەمچى خادىمى ۋە تەرجىمانى بولدى، ئۇ يەنە ئىككى خىل يېزىقتا ماشىنكىدا خەت بېسىشنى ئۆگىنىۋالدى. ئامانگۈل: «مېنىڭ ئىلگىرىلەش قەدەملىرىمنىڭ ھەممىسىدە ئادىلنىڭ ئەجرى بار، ئادىلنىڭ ياردىمى ۋە ئىلھامى بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى ئامانگۈل بولمىغان بولاتتىم» دەيدۇ.

پىلانلىق تۇغۇت دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىتى، بىراق ئەنئەنىۋى قاراش چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەچكە، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەنىدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش تېخىمۇ قىيىن ئىدى، بولۇپمۇ بەزى دىنىي ئەربابلار نىكاھ ئىشىغا ئارىلىشىۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشقا قارشى تۇراتتى، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار يەنە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى باھانە قىلىپ، ئەكسىيەتچى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇلارنى چەتكە قېقىش خاھىشى پەيدا قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلاتتى. ئادىل پىلانلىق تۇغۇتنىڭ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش، نوپۇسنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى ۋە نوپۇس ئىزگىنلەشنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى زور ئەھمىيىتىنى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەنىدى، ئۇ خوتۇنىنىڭ سىياسەتنى ئىجرا قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىنى ئاكتىپ قوللىدى. كەچتىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، خوتۇنىنىڭ ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى تۈزگەن «ئاز سانلىق مىللەت رايونىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا

قويۇشنىڭ تەشۋىقات تېزىسى» نى تەرجىمە قىلىشقا ياردەملەشتى، شۇنداقلا ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، پىلانلىق تۇغۇتنى باشلامچىلىق بىلەن يولغا قويۇپ، ئۆز ئورنىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشتا ئۈلگە بولدى. 1988-يىلى 7-ئايدا ئىككىنچى قىزى تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئادىل تۇغماس قىلىش ئوپېراتسىيىسى ئىشلەتكۈزۈشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئامانگۈلگە: «سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيلەش ياخشى ئىش، ھازىر ئەر-ئاياللار باراۋەر، ئىككى قىزىمىزنى ئوبدان تەربىيلىسەكلا بولىدى» — دېدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئامانگۈل ئېرىنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويغىنچە يىغىنى توختىتالماي قالدى. ئەمەلىيەتتە ئامانگۈلنىڭ خىيالى بۇرۇنلا بۇنداق ئويى بار ئىدى، بىراق ئېرىنىڭ بالىغا ئىنتايىن ئامراقلىقىنى ئويلاپ، چوڭ قىزىنىڭ يېڭى تىلى چىقىپ، تۇنجى قېتىم «دادا» دەپ چاقىرغاندا ئادىلنىڭ خۇشاللىقىدىن قىزىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى ئەسلەپ، بولۇپمۇ ئېرىنىڭ ئوغلى يوقلۇقىنى ئويلاپ، بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرالمىغانىدى. ئۇ ئېرىنىڭ بۇ مەسىلىنى بۇنداق رازىمەنلىك بىلەن ھەل قىلىۋېتىشىنى ئويلاپ كۆرمىگەنىدى. ئۇ خۇشاللىق بىلەن تۇغماسلىق ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇپ، پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئېلىپ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە تۇغماسلىق ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغان تۇنجى ئەر-خوتۇن بولۇپ قالدى. «قىزىلسۇ گېزىتى» تىلالارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزىنى مەخسۇس خەۋەر قىلغانىدى. ئامانگۈلنىڭ يېتەكچىلىكىدە باشقا ئون نەچچە ياش ئەر-خوتۇنمۇ پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئالدى.

ئامانگۈل تۇغۇتتىن كېيىن ئوپېراتسىيە قىلدۇرغانلىقتىن، تولۇق دەم ئېلىشقا، ئوبدان كۈتۈلۈشكە توغرا كېلەتتى. ئادىل خوتۇنىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى، مەززىلىك تاماق ئېتىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلەتتى، خوتۇنىنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ ئالماشتۇرۇپ

قوياتتى. دوختۇرخانىدا ئۇنىڭ بىلەن بىر ياتاقتا ياتقان باشقا ئاياللار ئامانگۇلنىڭ ياخشى ئېرى بارلىقىنى تەرىپلەپ ماختاپ كېتىشتى. ئامانگۇل كۆپچىلىكنىڭ ماختىشىنى ئاڭلاپ، ئېرىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن قارىغىنىچە، چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

6

ئادىل كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ئادىل بولۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى ئايرىم رەھبەرلەرنىڭ ناتوغرا ئىستىلىغا تەنقىدىي پىكىر بەرگەنىدى. ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئىش تۆپەيلىدىن ئەيىبلەشكە ئۇچرىدى. 1990-يىلى 1-ئايدا ئايرىم رەھبەر ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ شتاتى ئېشىپ كەتتى، دېگەننى باھانە قىلىپ، ئادىلنىڭ سىز ئېلىكتىر ئىدارىسىگە قايتىشىنى، ئەگەر قايتىپ كېتىشنى خالىمىسا، ئىككى ئاي ئىچىدە ئالىدىغان ئورۇن تېپىشنى ئۇقتۇردى. ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى، قوبۇل قىلىدىغان ئورۇن تېپىلمىدى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ماتاشىنى بەرمىدى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرىدىغان ئادەم چىقمىدى. ئادىلنى ئازاب ۋە دىلخەستىلىك قىينىدى.

4-ئاينىڭ 5-كۈنى بارىن يېزىسىدىكى بىر ئوچۇم ئەسەبىيلەشكەن مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار تەرەپ-تەرەپكە بېرىپ قۇترىتقۇلۇق قىلىپ، قەستەن ۋەقە تۇغدۇرۇپ، ئاشكارا يوسۇندا كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قوزغىدى. ئۇلار دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ، كىشلەرنى ئالداپ، ئەسەبىيلەرچە مىللىي ئۆچمەنلىك قوزغاپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇندى.

ئادىل بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، شەخسىي ئازاب-ئوقۇبىتى ۋە دىلخەستىلىكىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھەربىيلەرنىڭ ئۇرۇش ئالدىدىكى قىياپىتى بىلەن ناھىيىلىك پارتكومغا كېلىپ رەھبەرلىكنى تېپىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىش جېڭىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى.

رەھبەرلىك قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئاقتو ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قوماندانلىق شتابىدا دىجورنىلىق قىلىپ، توپىلاڭنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ تۇردى: شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن تەشۋىقات، نەسىھەت خىزمىتىنى ئىشلەشكە بارغان كادىرلار قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۇچرىدى، تاياق يېدى؛ سائەت 18 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى 62 نەپەر قوراللىق ساقچىنى باشلاپ تەرتىپ ساقلاشقا بېرىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتتە توپلىشىپ كەلگەن توپىلاڭچىلارنىڭ تاش، توقماق بىلەن ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىدى، بىر ھەربىي ماشىنا ۋەيران قىلىندى، ئۈچ نەپەر جەڭچى ۋە ئىككى نەپەر شوپۇر يارىلاندى؛ سائەت 19 لاردا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان 5 نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىك كادىرى، ساقچىسىنى توپىلاڭچىلار تۇتۇپ كەتتى، يېرىم كېچە سائەت 12 لەردە توپىلاڭچىلارنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتتى، قوراللىق ساقچىلار ۋە جامائەت خەۋپسىزلىك كادىر ساقچىلىرىنىڭ يارىلانغانلىقى، خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانلىقى، جىددىي قۇتقۇزۇشقا توغرا كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئۈزلۈكسىز كېلىپ تۇردى.

ئادىل بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، غەزەپ-نەپرىتىنى باسالماي قالدى؛ دەرھال بارىن يېزىسىغا بېرىپ، بۇ بىر توپ قەبىھ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنى شەخسەن جازالىغۇسى كېلىپ كەتتى.

6-كۈنى تاڭ سەھەر سائەت ئالتىلەردە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ ياردەمچى قىسمى ئاقتو ناھىيىسىگە يېتىپ كېلىپ، ناھىيىلىك قوماندانلىق شتابىدىن 15 كىشىلىك يول باشلىغۇچىلار ئەترىتى تەشكىللەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇلار قىسمىنى بارىن يېزىسىغا باشلاپ بېرىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا ئادىلنىڭ دىجورنىلىق قىلىۋاتقىنىغا ئون نەچچە سائەت بولغانىدى، بىراق يول باشلىغۇچىلار ئەترىتى

تەشكىللەش خەۋىرىنى ئاڭلاپلا ھارغىنلىقى دەرھال يوقالدى-دە، ئۇنىڭغا قاتنىشىشقا ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. بەس-بەستە ئۆزىنى مەلۇم قىلغان 30 كىشى ئىچىدە ئۇ ئەسكەر بولغانلىقى، يەر شارائىتىنى پىششىق بىلىدىغانلىقى ۋە تىل ئۇقىدىغانلىقى تۈپەيلىدىن تاللىنىپ، بىرىنچى يول باشلاش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

ئۇ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال ئۆيىگە بېرىپ خوتۇنى بىلەن خوشلاشتى، ئامانگۈل كىچىككىنە كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزغاندى، ناھىيىلىك رادىئو ئۈزۈلمەي بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ خەۋىرىنى پات-پات ئاڭلىتىپ تۇردى، شۇنداقلا كۆپچىلىكنىڭ ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، توپىلاڭچىلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا تەييار تۇرۇشىنى چاقىرىق قىلدى. ئۇ خاتىرجەمسىزلىنىپ ئىچى تىت-تىت بولۇۋاتاتتى، ئادىلنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. ۋەھالەنكى ئۇ تېخى ئېغىز ئاچماي تۇرۇپلا، ئادىل ياردەمچى قىسىملارنى باشلاپ بارىن يېزىسىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئارقىدىن تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئىككى قىزىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى-دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئامانگۈل يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېرىنى قۇچاقلىۋالدى، ئېرىگە ئەندىشە بىلەن قارىغىنىچە گەپ قىلالماي قالدى. ئادىل ئۇنىڭغا: «بارىن يېزىسىدا مۇھاسىرىدە قالغانلارنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى خەتەرلىك، بىز قانچە كېچىكسەك، ئۇ يەردىكى خەۋپ شۇنچە كۈچىيىدۇ، ھازىر ھەربىي قىسىملار يولغا چىقىشقا تەييار تۇرۇۋاتىدۇ، دەرھال ماڭمىسام بولمايدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ، مىلتىق ئوقىنىڭ مەن بىلەن تۇغقاندارچىلىقى يوق، بالىلارغا ئوبدان قاراڭ، قايتىپ كېلىشىمنى كۈتۈڭ.» دەپ تەسەللىي بەردى. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ ئامانگۈلنى ئاستاغىنە ئىتتىرىۋېتىپ، تېز-تېز مېڭىپ كېتىپ قالدى. ئامانگۈل جۇۋىنى كۆتۈرۈپ چىققاندا، ئادىل ئالدىراش ماشىنىغا چىقىپ يولغا چىققانىدى.

بۇ چاغدا سائەت 7 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەنىدى.

يول بويى ئادىل ئۆزىنىڭ خەۋپ-خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئالدىدا يەر شارائىتىنى كۆزىتىپ، توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى قىسىملارغا توغرا ھەربىي يۈرۈش لىنىيىسىنى كۆرسىتىپ بىرىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا ۋاقتىدا يېتىپ بىرىپ، توپىلاڭچىلار مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ جەڭچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىك كادىرى، ساقچىلىرى ۋە يەرلىك كادىرلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئۈنچى خىزمەت كۆرسىتىپ، قىسىم باشلىقىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. بۇ قىسىمنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى: «ئەگەر يولداش ئادىل بىزگە يول باشلاپ بەرمىگەن بولسا، كۆزى ئوچۇق قارىغۇ بولۇپ قالاتتۇق، بارىدىغا بۇنچە تېز يېتىپ بارالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى» دېدى.

سائەت توققۇزدا ياردەمگە كەلگەن قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئەسكەرلىرى بارىن يېزىسىغا ئارقا-ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ، ئىككى تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى. توپىلاڭچىلار ۋەزىيەتنىڭ ناچارلىقىنى بايقاپ، دەرھال پىتىراپ قاچتى. توپىلاڭچىلارنىڭ كۆپ قىسمى قولغا ئېلىندى، بىر قىسمى يوشۇرۇندى، ئون نەچچە جاھىل توپىلاڭچى قورال-ياراقنى ئېلىپ ئالدىراش قاچتى. ئادىلنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى قايناپ-تاشتى، ئۇ قىسىمغا جەسۇرلۇق بىلەن يول باشلاپ، دەرەخلىككە يوشۇرۇنغان توپىلاڭچىنى ئىزدەپ تاپتى.

خېلىدىن بۇيان ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنىڭ ھەرىكىتى ئەسەبىيلىشىپ، ئاممىنى پۇل، ئاشلىق تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىغانلىقى، مال-مۈلكىنى بۇلىغانلىقى، قارشى چىققۇچىلارنى ئۇرغانلىقى، يېزا، كەنت كادىرلىرى، پارتىيە-ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زاتلارغا تەھدىت سالغانلىقى ۋە بوپوزا قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، قىسىم كەنتلەرگە كىرگەندە ئادەم ئىزدەپ تېپىش تەسرەك ئىدى، ياردەمگە كەلگەن قىسىملارنىڭ قىسمەن كوماندىر-جەڭچىلىرىنىڭ تاماق ۋە

ياتاق مەسىلىسى هەل بولماي قالدى. ئادىل كۆپ يول مېڭىپ، قىسمىنىڭ بۇ قىيىنچىلىقلارنى هەل قىلىشىغا ياردەملەشتى.

توپىلاڭنى تىنچىتىش ئالدىنقى سەپىدە ئادىل ناهىيىلىك هۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تاشتوختى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. تاش تۇختى: «ئۇكام، يول باشلاش ۋەزىپىسىنى ناهايىتى ياخشى ئورۇندىدىڭ، بەك خوشال بولدۇم. هازىر ئۇكاڭ ئالىمجاننىمۇ قۇتقۇزۇپ چىقتۇق، ناهىيىگە بىللە كېتەيلى!» دېدى، ئادىلنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ.

ئادىل قەتئىي يوسۇندا: «مېنىڭ كېتىشىمگە بولمايدۇ، جەڭ تېخى ئاياغلاشمىدى، مەن تەرجىمان، يول باشلىغۇچى، قىسىم ماڭا ئېھتىياجلىق، مېنىڭ خىزمەت ئورنۇم بۇ يەردە، مەن چوقۇم بۇ مىللىي مۇناپىقلارنى شەخسەن جازالاپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئۈچۈن قىساس ئالىمەن» دەپ جاۋاب بەردى، ئۇ يەنە بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن: «مەن ياخشى ئىشلەپ، خىزمەت كۆرسىتىپ قايتىمەن، كۆپچىلىك مەن ئادىلنىڭ قانداق ئادەملىكىنى كۆرۈپ باقسۇن» دېدى.

ئادىل بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى. دېمىسىمۇ، بىر كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قانداق نېمە ئالدىنقى سەپتىكى سىناقتىنمۇ بەكرەك كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ؟ تاش تۇختى تېخى يېقىندىلا ناموۋاپىق مۇئامىلىگە ئۇچراپ ئازار يېگەنلىكىنى چۈشەنگەچكە، باش لىڭشىتىپ ماقۇل بولدى ھەم ئادىلنىڭ بىخەتەرلىكىگە دىققەت قىلىشىنى تاپىلاپ، خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. شۇ كۈنى سائەت 17 دە قىسىم توپىلاڭنى تىنچىتىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىنىڭ قاچقان جاھىل باندىتلارنى قوغلاپ تازىلاش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. تازىلاش ئەترىتى تېزلا تەشكىللىنىپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇراتتى. ئادىل ناهىيىلىك خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مەمەت سۇلايماننى تېپىپ، تازىلاش ئەترىتىگە يول باشلاش ۋە تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. ئۇ:

«مەن ئات مىنەلەيمەن، ئۇستا مەرگەن، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قىرغىز تىللىرىنى بىلىمەن، ماڭا قورال بېرىڭ، تازىلاش ئەترىتىگە قاتنىشاي!» دېدى. خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مەمەت سۇلايمان جەڭگە قاتنىشىش تەلىپى كۈچلۈك، قەيسەر ئىرادىلىك بۇ يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ شۆبە ئەترەتكە قاتنىشىشىغا ماقۇل بولدى، بىراق ئۇ يەرلىك ئورۇننىڭ تەرجىمانى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا قورال بەرمىدى.

ئادىل تازىلاش شۆبە ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولغانلىقىدىن تولىمۇ خۇش بولدى، ئۇ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىپ، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق هالدا شۆبە ئەترەت بىلەن بىرلىكتە بەلگىلەنگەن ئورۇن — مۇخالى تۇغان ئېغىزى (ئاقتو ناهىيىسى بىلەن يېڭىسار ناهىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى سۇ ئايرىش ئورنى) غا كەلدى، ئارقىدىن يەنە بارىن يېزىسىنىڭ خانتېرەك كەنتىگە باردى، بىر كېچىدە 100 چاقىرىمدىن ئارتۇق يولنى پىيادە ماڭدى. توپىلاڭچىلارغا قوغلاپ زەربە بېرىش داۋامىدا ئۇ ئامىمىدىن توپىلاڭچىلارنىڭ قېچىش يولى توغرىسىدىكى ئەهۋاللارنى ئۈزلۈكسىز سۈرۈشتە قىلىپ، قىسىمنى بۇ ھەقتىكى ئەهۋاللار بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلىدى، قىسىمنىڭ توپىلاڭچىلارغا قوغلاپ زەربە بېرىشتە توغرا تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن، يەر شارائىتىدىكى پايدىلىق ئورۇن ۋە يۈرۈش لىنىيىسىنى ئىزدىدى.

بۇ چاغدا ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان تازىلاش شۆبە ئەترىتىنىڭ باش قوماندانى مەمەت ئېلى ئاتلىق قىسىمنى باشلاپ ئەگرى-توقاي، ئېگىز-پەس تاغ يولىدا دۈشمەنلەر قاچقان تەرەپكە قاراپ توختىماي قوغلاپ كېتىۋاتاتتى. 8-كۈنى سائەت ئوندىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ئاتلىق قىسىم ئىبدىلىك كەنتىگە كېلىپ، قاچقان باندىتلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. شۆبە ئەترەت باندىتلارغا سىياسىي ھۇجۇم قوزغاپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەكرار تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ قورال

تاپشۇرۇپ ئەسلىم بولۇشنى بۇيرۇق قىلدى. جاھىل باندىتلار ئۇنىڭغا قۇلاق سالمايلا قالماستىن، شۆبە ئەترەتنى قاتتىق ئوققا تۇتتى. شۆبە ئەترەتتىكى جەڭچىلەر تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا قەھرىمانە قايتۇرما زەربە بېرىپ، باندىتلارنىڭ ئالتىسىنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈردى، ئۈچىنى ئەسىرگە ئالدى، قالغان يەتتىسى قېچىپ كەتتى. سائەت 13 تىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە بېدىلىكتىكى جەڭ غەلىبىلىك ئاياغلاشتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئادىل ۋە ئارقىدىن كېلىۋاتقان قىسىملار بېدىلىك كەنتىگە يېتىپ كەلدى. ئادىل بۇ يەردە يېڭىلا بىر مەيدان جەڭ بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزىنىڭ قاتنىشالمىغانلىقىدىن ئىنتايىن ئەپسۇسلاندى، ئۇ ئاتلىق قىسىمدىكى قۇربانغا: «ساڭا ھەقىقەتەن ھەۋەسىم كېلىۋاتىدۇ، كېلىپلا جەڭگە قاتنىشىپسەن، ئەپسۇسكى مەن ئۈلگۈرەلمەپتىمەن» دېدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن بىر قىرغىز چارۋىچى تازىلاش شۆبە ئەترىتىدىكىلەرنى مۇھىم ئاخبارات بىلەن تەمىنلىدى: بۈگۈن ئۇ ئاكىسى بىلەن بىللە تاغدا قوتاز بېقىۋاتقاندا يۈرۈش-تۇرۇشى گۇمانلىق يەتتە كىشىگە ئۇچراپ قاپتۇ، بۇ كىشىلەر ئۇنىڭ ئاكىسىنى تۇتۇۋېلىپ، يول باشلاپ بېرىشكە مەجبۇرلاپتۇ، ئۇلار يەنە: «تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى كىلىتوزگە نان ئەكەلمىسەڭ، ئاكاڭنىڭ جېنىنى ئالىمىز.» دەپ تەھدىت سېلىپتۇ. بۇ چارۋىچى يىغلاپ تۇرۇپ دەرد تۆكۈپ، قىسىمدىن ئاكىسىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئارقىدىن بېدىلىك كەنتىدىكى 10 نەچچە ئائىلىلىك چارۋىچى يېتىپ كېلىپ، شۆبە ئەترەت جەڭچىلىرىنى ئەڭ ياخشى يېمەكلىكلىرى بىلەن مېھمان قىلىپ، ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئاپەتنى يوقاتقانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

يېرىم كېچە، ئىككى كۈن بىر كېچە توختىماي يول يۈرگەن، جەڭ قىلغان شۆبە ئەترەتتىكىلەر يىغىن ئېچىۋاتاتتى. مەمەت ئېلى كۆپچىلىكنى يىغىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى تەھلىل قىلدى، قوغلاپ زەربە

بېرىش يولىنى مۇھاكىمە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئات مىنەلەيدىغانلار بىر گۇرۇپپا، ئات مىنەلمەيدىغانلار بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئەتىسى كىلتۈز داۋىنىغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى بەلگىلىدى. ئادىل خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مەمەت سۇلايماننى يەنە بىر قېتىم ئىزدەپ تېپىپ: «مەن ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ھەربىي، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئالدىنقى سەپكە قايتىپ كېلىشىمگە بولىدۇ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى، ماڭا قورال بېرىڭ! قۇربان بولغان قەھرىمانلار ئۈچۈن قىساس ئالىمەن!» دەپ ئۆزىگە قورال-ئوق تەقسىم بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. مەمەت سۇلايمان ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئاپتوماتىنى ئۇنىڭغا بەردى، شۇنداقلا 100 پاي ئوق تەقسىم قىلىپ بەردى. ئادىل ئاخىرى تولۇق قوراللانغان ئاتلىق قىسىمنىڭ جەڭچىسىگە ئايلانغانلىقىدىن پەخىرلەندى ۋە خۇشاللاندى.

9-كۈنى تاڭ سەھەردە شۆبە ئەترەت سۆگەتتىن ئۆتىدىغان سوغۇققا قارىماي يولغا چىقتى. ئاتلىق قىسىم ئۇزاق، ئۆتمە يالا مۇزلۇق چوققىغا يېتىپ كەلدى، ئىككى تەرەپ، پىچاق بىلەن كەسكەندەك تىك قىيا بولۇپ، ئاسمانغا تاقىشىپ تۇراتتى، ئاياغ ئاستىدىكى چىغىر يولنى تىزغا كەلگۈدەك قار قاپلىغانىدى، جەڭچىلەرنىڭ كىيىمى يېنىك، بىر قانچە كۈندىن بۇيان بىرەر ۋاقلىق ئىسسىق تاماق يەپ باقمىغاچقا، توڭلاپ، قورسىقى ئېچىپ كەتكەنىدى. بىراق جاھىل باندىتلارنى يوقىتىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرىمىز دېگەن قەتئىي ئەقىدە ئۇلارغا ئىلھام بېرەتتى، ئۇلار بۇ قار-مۇز قاپلىغان دالىدا ھايات-ماماتلىق سىناققا بەرداشلىق بەردى. يول تېيىلغاق بولۇپ ئىگەر سىيرىلىپ كەتكەچكە، ئادىل بىر قانچە قېتىم ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى، بىراق ئۇ ئازراقمۇ ۋايسىماي قوپماي؛ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئېتىغا مىنىپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. باشقا جەڭچىلەر سەمىمىي ھالدا ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىسا، ئۇ مەيدىسىگە ئۇرۇپ:

«چاتاق يوق، مەن يۇپيۇمىلاق تۇرسام، يىقىلىپ چۈشسەممۇ بىر دومىلىساملا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىمەن» دېدى كۈلۈپ. تۇرۇپ، قىرغىز مىللىتىدىن بولغان جوڭگولى سەنمۇ قۇربان، ئەمەت، قەھرىمان، قەيسەر جەڭچى بولۇپ، تاغقا چىقىشتىمۇ ماھىر ئىدى، ئادىل ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى، ئۇلار بىردەم قىرغىزچە، بىردەم ئۇيغۇرچە، بىردەم خەنزۇچە سۆزلىشەتتى، قۇربان: «سىز ھەقىقەتەن ئىختىساس ئىگىسى ئىكەنسىز، بۇنداق خەتەرلىك ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشتىن قورقمامسىز؟» دېدى ئۇنىڭغا. ئادىل: «نېمىدىن قورقاتتىم؟ قورقسام بۇ يەرگە كەلمەيتتىم، قانچىلىك خېيىم-خەتەر بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بىز چوقۇم بۇ قاچقان باندىتلارغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلغان ئەكسىيەتچى، خورلۇقتەك قاتتىق زەربە بېرىشىمىز كېرەك» دېدى. بۇ بىر جۈپ سەپداش بىر-بىرىنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى، پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچ-قۇۋۋەتكە تولدى. ئۇلار بىر-بىرىگە ئىلھام بېرىپ، شۇبە ئەترىتىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، سەپداشلىرىغا قار كېچىپ يول ئاچتى.

تاغ قاپتىلىغا كەلگەندە جەڭچىلەر توختاپ سەل دەم ئالدى. ئەتراپقا نەزەر سالسىڭىز، سول تەرەپتىكى تىك قىيا بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇراتتى، ئوڭ تەرەپتە چوڭقۇر ھاڭ بولۇپ تەكتىگە كۆز يەتمەيتتى. ئاسمانغا تاقاشقان تىك قىيا، تۇمان-تۇتەك قاپلىغان جىلغا كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى! يول يۇقىرىلىغانسېرى قىيىنلاشتى، قار بارغانسېرى قېلىنلىشىۋاتاتتى، ئۇلار كېتىۋاتقان جاينىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى بارغانسېرى ئېشىۋاتاتتى، سوغۇق شامال شاپىلاقتەك-شاپىلاقتەك قار ئۇچقۇنىنى جەڭچىلەرنىڭ يۈزىگە ئۇرۇپ، جەڭچىلەرنىڭ يۈزىنى يىڭنە سانجىغاندەك ئېچىشتۇراتتى، تىزغا كەلگۈدەك قاردا جەڭچىلەرنىڭ ئىككى پۇتى خۇددى قوغۇشۇن قۇيۇپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتتى، ھەر بىر قەدەمنى بېسىشقا ناھايىتى زور كۈچ كېتەتتى. شۇبە ئەترەت يانا مۇشۇنداق بەش سائەتتىن

ئارتۇق جاپالىق يول يۈرۈپ كىلتۇز داۋىنىدىن بىر كىلومېتىر يىنىراقلىقتىكى جايغا يېتىپ كەلدى، قىسىم بۇ يەردە توختاپ، ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى رازۋېتكا قىلىشنى قارار قىلدى.

قۇربان ئەمەت، ئادىل ۋە يالقۇن ئۈچىسى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىر-بىرىنى ھىمايە قىلىپ، ئۆمىلەپ ئىلگىرىلەپ، كىلتۇز داۋىنىغا يېتىپ كەلدى. داۋاندا چارۋىچىلار تاشتىن قوپۇرۇلغان توققۇز ئېغىز ئۆي بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىدە قالايمىغان ئاياغ ئىزى بار ئىدى، يەردە يەنە ئوتتۇن كۈلى باز ئىدى، كۈلنى ئۆتۈپ كۆرۈۋىدى، ئۇ تامامەن سوۋۇپ كەتكەنىدى، دۈشمەنلەرنىڭ بۇ يەردىن كەتكىنىگە ئىككى-ئۈچ سائەتلەر بولغانىدى. شۇبە ئەترەت رەھبەرلىكى مۇھاكىمە قىلىشقاندىن كېيىن، دەرھال ئىز قوغلاشنى قارار قىلدى. ئۇلار سائەت 15 تىن سەل ئاشقاندا كىلتۇز داۋىنىنىڭ چوققىسىغا چىقتى. بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 4100 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز بولۇپ، سوغۇق، قاتتىق ھاۋا شالاك ئىدى. جەڭچىلەرنىڭ بېشى قېيىپ بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. داۋاملىق ئىلگىرىلەش كېرەكمۇ، ياكى كىلتۇزدىكى تاش ئۆيگە قايتىپ دەم ئېلىش كېرەكمۇ؟ قوماندان قاتتىق چارچاپ كەتكەن، سوغۇق ھاۋا ۋە ئاچلىقتىن قىينىلىۋاتقان جەڭچىلەرگە قاراپ ئىككىلىنىپ قالدى. جەڭچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىلگىرىكى تىرىشچانلىقلارنىڭ بىكارغا كېتىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەشنى تەشەببۇس قىلدى. ئادىل قوغلاشنى توختىتىپ قويماسلىقنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلىپ: «قانچە قىيىن بولسىمۇ قوغلىشىمىز كېرەك، توپىلاڭچىلارنى قاچۇرۇپ قويۇشىمىزغا ھەرگىز بولمايدۇ» دەپ باشقا يولداشلارغا ئىلھام بەردى. ئۇ يەنە قارنى قولى بىلەن ئىككى چەككە ئاجرىتىپ: «قاراڭلار، قارنىڭ كارايىتى چاغلىق، مۇنداق قىلساقلا يول ئېچىلىدۇ» دېدى. يالقۇن: «سەن مۇشتۇمدەكلا تۇرساڭ، قار سېنى كۆمۈۋالسا تاپالماي قالىمىزمىكىن؟» دەپ چاقچاق قىلدى.

ئادىل: «قار كۆمۈۋالسا كېرەك يوق، قاراڭلار مەن قوتازغا ئوخشاش، بۇ

يەردىن كىرىپ كەتسەم، ئاۋۇ يەردىن چىقىمەن؟ دەپ قىزىقچىلىق قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى.

قەھرىمان جەڭچىلەر يەنە يولغا چىقتى، ئۇلار دۈشمەنلەرنى تولۇق يوقىتىشقا، تولۇق غەلىبە قىلمىغىچە قايتماسلىققا بەل باغلىدى. مۇز داۋانغا چىقىش تەس، ئۇنىڭدىن چۈشمەكمۇ قىيىن. قارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىر كېلەتتى، ئات ماڭالماي قالدى، شۆبە ئەترەت ئالدىدا ئۈچ قوتازنى ھەيدەپ يول ئېچىپ، توڭلاپ قېتىپ قالاي دېگەن تېنىنى مىڭ تەستە يۆتكەپ، بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلىدى. ئادىل، قۇربان ۋە يالقۇن ئۈچىسى سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى. سائەت 19 دىن ئاشقاندا قۇربان 800 مېتىر يىراقلىقتىكى كۈلۈڭباك تېغىنىڭ قاپتىلىدا ئادەم بارلىقىنى بايقىدى، ئۇلارنىڭ قاچقان دۈشمەنلەر بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى، ئۇ دەرھال يالقۇننى شۆبە ئەترەت قوماندانىغا ئەھۋال مەلۇم قىلىشقا بۇيرىدى-دە، ئادىل بىلەن ئىككىسى تېز ئىلگىرىلىدى. كۈلۈڭباك تېغىنىڭ قاپتىلىغا 200 مېتىرچە قالغاندا تاغ قاپتىلىدىكى دۈشمەن قىسمىغا ئوق چىقاردى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر توپىلاڭچى قارىغايىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى، قالغان ئىككى توپىلاڭچى ئارقىغا چېكىنىپ تاغ قاپتىلىدىكى ئىككى چوڭ تاشنى ئىگىلىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن گىرەلەشكەن ئوت كۈچى ھاسىل قىلىپ، قىسىمنى ئېگىزدە تۇرۇۋېلىپ ئوققا تۇتتى. قىسىمنى ئالدى تەرەپتە دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى توسۇپ قويدى. ئوڭ-سول تەرەپ تىك قىيا ئىدى، مۇداپىئەلەنمەك ئۇڭاي، ھۇجۇم قىلىش قىيىن ئىدى. شۆبە ئەترەت ساي ئېغىزىدا توسىلىپ قېلىپ ئىلگىرىلىيەلمەي قالدى، يىرىم سائەتتىن ئارتۇق تىركەشكەن بولسىمۇ قىلچە ئىلگىرىلەش بولمىدى. قۇربان تەپسىلىي كۆزىتىش ئارقىلىق سول تەرەپتە يانتۇلۇقى 90 گرادۇسچە كېلىدىغان 200 مېتىردەك ئېگىز بىر قىيا بارلىقىنى بايقىدى. ئەگەر ئۇ تىك قىياغا چىقىۋالسا دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ تەھدىت سېلىپ، شۆبە ئەترەتنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرغىلى بولاتتى. قۇربان سول تەرەپتىكى شۇ قىيالىققا

چىقىشنى دەرھال ئىلتىماس قىلدى. مەمەت ئىبلى، جاڭ جىيەنجۇڭ قاتارلىق يولداشلارمۇ بۇ تەدبىرنى بايقىغانىدى. ئۇلار دەرھال ئەسكىرىي كۈچ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلدى. ما جىيەنجۇن ئىككى جەڭچىنى باشلاپ ئوڭ تەرەپتىكى تاغقا ياماشتى، لى پېيدۇڭ ئون نەچچە جەڭچىنى باشلاپ ئۇدۇل تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالدى. سىياسىي كومىسسار فىڭ: «چوقۇم چىقىمىز، ئەمدى ھەممە ئىش ساڭا قاراشلىق بولۇپ قالدى» دەپ تاپىلدى قۇربانغا. بۇ جىددىي پەيتتە ئادىلنىڭ ئويلىغىنى ھايات قېلىش ئۈمىدىنى باشقىلارغا قالدۇرۇش، مامات خەۋپىگە ئۆزىنى ئاتا قىلىش بولدى. ئۇ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، قۇربان بىلەن بىللە تىك قىياغا چىقىپ، دۈشمەنلەرنى يوقىتىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. قۇربان ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە قىزى بارلىقىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك ئورۇننىڭ خىزمەتچىسى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ بۇنداق ئۆلۈم خەتىرىگە تەۋەككۇل قىلىشىنى خالىمىدى، شۇڭا ئادىلغا: «مەن ھەربىي، ۋەتەننى قوغداش، دۈشمەننى يوقىتىش مېنىڭ مۇقەددەس بۇرچۇم، سەن يەرلىك ئورۇننىڭ ئادىمى، بۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلما» دېدى. ئادىل بۇنى ئاڭلاپ تازىلاش ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە: «مەن ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ھەربىي، ھازىر تازىلاش ئەترىتىنىڭ جەڭچىسى، مېنىڭمۇ ۋەتەننى قوغداش مۇقەددەس بۇرچۇم بار، ۋەتەننىڭ بىرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ھاياتىمنى قۇربان قىلىشنىمۇ خالايمەن» دېدى. ئارقىدىن يەنە قۇربانغا: «ياخشى دوستۇم، قېرىندىشىم، ئويلاپ كۆرۈڭ، يالغۇز چىقسىڭىز، ناۋادا يارىلىنىپ قالسىڭىز، كىم تېڭىپ قويىدۇ؟ ئەھۋالنى خەۋەر قىلىدىغان كىشى بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئېيتماي تۇرايلى، دۈشمەننى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى قانداق ئورۇنلايسىز؟» دەپ يالۋۇردى. يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى قار-مۇز قاپلىغان ئېگىز چوققىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۈچ-قۇدرەت ھاسىل قىلدى. قۇربان ئادىلنىڭ قەيسىرانە تۇرقىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى، ھەر

مىللەت خەلقىنىڭ بۇ بىر جۈپ ئوغلانى چىڭ قۇچاقلاشتى. ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، ئۇلار ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمىدى.

قۇربان بىلەن ئادىل بارماقلىرى بىلەن قىيا تاش ئارىلىقىدىكى يېرىقلارنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ، ئاستا-ئاستا يۇقىرىغا ئۆرلىدى. 50 مېتر ئۆرلىگەندىن كېيىن قۇرباننىڭ بىر قانچە بارمىقى قاناپ كەتتى، پەسكە قارىۋىدى، ئادىلنىڭ ئىككى قولىمۇ قاناپ كەتكەنلىكىنى كۆردى، ئۇ ئادىلنى چۈشۈپ كېتىشكە بۇيرۇۋىدى، ئادىل: «ئىلگىرىلەشكىلا بولىدۇكى، چېكىنىشكە بولمايدۇ، ئازراق قان چىقسا نېمە بوپتۇ، بىز قانچە بۇرۇن چىقساق، شۇ بەتەرەپتىكى باشقا يولداشلارنىڭ زەخمىگە ئۇچرىشى شۇنچە ئاز بولىدۇ» دېدى. ئۇلار قاتتىق ئاغرىققا قارىماي چىشىنى چىڭ چىشلەپ يۇقىرىغا يامىشىۋەردى. ئۇلار ئىككىسى تۈزرەك بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىۋىدى، ئېگىزلىكى دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىنى بېسىپ چۈشۈشكە يار بەرمىدى، يەنە يۇقىرىغا ئۆرلەي دېسە، ئۈچ مېترچە كېلىدىغان تىك قىيانىڭ ئۇتقۇدەك ھېچ يېرى يوق ئىدى، قۇربان: «يەنە بىر-ئىككى مېتر ئېگىز بولغان بولسام ياخشى بولاتتى-دە!» دېدى ھەسرەتلىنىپ. بۇنى ئاڭلاپ: مۈرەمگە دەسسەڭ، مېنىڭ بويۇم بىر مېتر يەتمىش سانتىمېتر كېلىدۇ، — دېدى ئادىل دەرھال. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا زوڭزىيىپ ئولتۇردى، قۇربان ئۇنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ يۇقىرىغا چىقتى. بۇ چاغدا قىيانىڭ ئاستىدا تۇرغان ئادىل: مەنمۇ يۇقىرىغا چىقىمەن، — دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، قۇربان ئاسمىستىنى چىقىرىپ ئۇنى تارتىپ چىقاردى. ئۇلار ئىككىسى بىر-بىرىنى ھىمايە قىلىپ 170 مېتىردىن ئارتۇق ئۆرمىلەپ مېڭىپ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتردىن ئارتۇق، كەڭلىكى بىر مېتردىن ئارتۇق كېلىدىغان بىر سۆپىنى ئىگىلىدى. سۆپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىشى يوشۇرۇنغىلى بولىدىغان قوزام تاشمۇ بار ئىدى. بۇ يەردە قارشى تەرەپتىكى تاغدىكى دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىنى تولۇق كۆرگىلى بولاتتى. قۇربان ئوڭ تەرەپتە 70 مېتر كېلىدىغان جايدا بىر

دۈشمەنىنىڭ بىر تۇپ كېدىر قارىغىيىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ تاغ ئېتىكىدىكى ئەسكەرلىرىمىزنى قارىغا ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چەبدەسلىك بىلەن ئوق چىقاردى، دۈشمەن «ۋاي!» دەپلا يىقىلدى. بۇ چاغدا ئادىل ئالدى تەرەپتە 170 مېتىر يىراقلىقتا بىر دۈشمەنىنىڭ تاغ ئېتىكىگە قارىتىپ ئوق چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئاپتوماتنىڭ تەپكىسىنى باستى، دۈشمەن چوڭ-تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. قۇربان ۋەزىيەتنى تىزگىنلىۋالغان قىسقىغىنە پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئادىلنىلا دۈشمەنىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرۇشنى تاپىلاپ، ئۆزى تاغ ئېتىكىدىكى شۆبە ئەترەت قوماندانىغا ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. قوماندان ئۇلارنىڭ سىياسىي ھۇجۇم قوزغىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇلار بۇيرۇققا بويسۇنۇپ، دۈشمەنگە قارىتىپ: «بىز سىلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ بولدۇق، جاھىللىقنىڭ سىلەرگە پايدىسى يوق. پارتىيەمىزنىڭ سىياسىتى ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، قارشىلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازالاش. ئەگەر قورالىڭلارنى تاشلىساڭلار، سىلەرگە ھەرگىز ئوق چىقارمايمىز، دەرھال تەسلىم بولۇڭلار!» دەپ توۋلىدى. جاھىل باندىت مەمەت تۇرسۇن ئادىلنىڭ ئاۋازىنى بايقاپ: «ئادىل سەن مۇسۇلمان، مىلتىقىڭنىڭ ئۇچىنى ئارقاڭغا قارىتىشىڭ كېرەك، ئويلاپ باق، خوتۇن-باللىرىڭ بار، بىز بىلەن قېرىنىشۋەرمىگىن» دەپ ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى. ئادىل بۇ گەپنى ئاڭلاپ، غەزىپىنى باسالماي قالدى. ئۇ قۇربانغا: «ئۇ ئىلگىرى مېنىڭ ئاغىنەم ئىدى، ھازىر مېنىڭ دۈشمىنىم» دېدى. ئۇ: «سىلەر يەنە قايتىپ چۈشمەي، خەلق بىلەن داۋاملىق دۈشمەنلىشىدىغان بولساڭلار، بىز ھەرگىز يۈز-خاتىرە قىلمايمىز، — دەپ توۋلىدى مەردانىلىق بىلەن. ئۇلار يېرىم سائەت ۋارقىراپ كارنىيى ئاغرىپ كەتكەن بولسىمۇ، دۈشمەنلەر جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، تەسلىم بولۇشقا ئۇنىمىدى ھەم ئۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقاردى. بۇ چاغدا ئادىل تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بىر توپىلاڭچىنىڭ مىلتىقى بىلەن قۇربانىنى قارىغا

ئېلىشىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى-دە، قۇربان، تېز يوشۇرۇنۇڭ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە، قۇرباننىڭ بېشىنى باستى، دەل مۇشۇ چاغدا بىر پاي ئوق قۇرباننىڭ تۆمۈر قالپىقىدىن سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتتى، ئەگەر ئادىل چەبدەسلىك قىلمىغان بولسا، بۇ ئوق ئۇنىڭ مەيدىسىگە تېگەتتى. قۇربان: «ئادىل ئاكا، ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز» دېدى قاتتىق ھاياجانلىنىپ.

ئەسەبىيلەرچە جان تالىشىۋاتقان دۈشمەن ئالدىدا ئادىل قاتتىق غەزەپكە كەلدى، ئۇ ئاپتوماتنى قورام تاش ئۈستىگە تىرەپ، توپىلاڭچىلارغا قارىتىپ شىددەتلىك ئوت ئاچتى. ئىككى تەرەپ كەسكىن جەڭ قىلدى، تۇساتتىن ئىككى پاي جىنايەتكار ئوق ئۇچۇپ كېلىپ، ئادىلنىڭ بېشى ۋە سول مۈرىسىگە تەگدى، ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقى ۋە ئىسسىق قېنى قۇرباننىڭ پۈتۈن بەدىنىنى بويىۋەتتى، ئادىلنىڭ ئوق تەگكەن تېنى بىر سىلكىندى-دە، ئارقىسىدىكى ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى.

1990-يىلى 4-ئاينىڭ 9-كۈنى سائەت 21 دە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى ئادىل ئېمىن ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يولىدا قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 30 ياشقا كىرگەنىدى.

ئادىلنىڭ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقىنى كۆرگەن قۇربان يىغلاپ تۇرۇپ: «ئادىل قۇربان بولدى، ئادىل قۇربان بولدى!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە قورام تاشنىڭ ئارقىسىدىن دەس تۇرۇپ، دۈشمەننى غەزەپ بىلەن ئارقا-ئارقىدىن ئوققا تۇتتى؛ بىر دۈشمەن ئوق تېگىپ يىقىلدى، مىلتىق ئاۋازى دەرھال توختىدى. سەپداشلىرى: «ئادىل ئۈچۈن قىساس ئالايلى!» دەپ توۋلىغىنىچە شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئاخىرى دۈشمەننى تولۇق يوقاتتى.

گۈگۈم چۈشتى، قارلىق تاغدىكى جىلغىنىڭ ئىلگىرىكى

جىمجىتلىقى ئەسلىگە كەلدى، شۆبە ئەترەتتىكى كوماندىر جەڭچىلەر تاغ ئېتىكىدىكى كىچىك بىر تاش ئۆيدە قىستىلىپ ئولتۇرۇپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى، غەلىبە خۇشاللىقى ئۇلارنىڭ سەپدىشىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى غايەت زور قايغۇسىنى يەڭگىللىتىپ كېتەلمىدى، ئۇلار ئادىلنىڭ جەسىتىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن، تاڭ ئېتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. قۇربان تېخىمۇ قاتتىق قايغۇرۇۋاتاتتى، گەرچە ئۇنىڭ كۆز يۇممىغىنىغا بىر قانچە كۈن بولغان بولسىمۇ، زادىلا ئۇخلىيالمىدى، ئادىلنىڭ قىزىق، قىزىق چاقچاقلىرى، قەيسەر ئىرادىسىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر كۆز نۇرى، قار كېچىپ يول ئاچقان بەستلىك قامىتى، هاۋا بوشلۇقىغا چېچىلغان ئىسسىق قېنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەيتتى.

4-ئاينىڭ 10-كۈنى سەهەردە شۆبە ئەترەت تاغقا چىقىپ ئىنقىلابىي قۇربان ئادىلنىڭ جەسىتىنى ئىزدىدى. قۇربان ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە ئۆملەپ، كۆپچىلىكنى باشلاپ ئالدى بىلەن ئادىلنىڭ جەسىتىنى تاپتى، ئارقىدىن تاغ قاپتىلىغا چىقىپ ئادىلنىڭ ئاپتوماتىنى تاپتى. ئۇلار قۇربان بولغان سەپدىشىنى ئېھتىيات بىلەن تاغدىن ئېلىپ چۈشتى.

ئادىلنىڭ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئاقتو ناهىيىسىگە تارقالغاندا، پۈتۈن ناهىيىدىكى هەر مىللەت خەلق قاتتىق قايغۇردى، مەيلى ئۇيغۇرلار بولسۇن، مەيلى خەنزۇلار بولسۇن، هەممە كىشى ئادىلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى، ئۇ هايات ۋاقتىدا ياردىمىگە ئېرىشكەن كىشىلەر تېخىمۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىشتى، ئۇلار ئادىلنىڭ بۇنداق ئۇيۇقسىز قۇربان بولۇشىغا زادىلا ئىشىنەلمەيتتى. ئۇلار: «ئادىل، بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالما!» دەپ تولغاشتى.

ئادىلنىڭ قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدىكى مۇسىبەتلىك خەۋەر ناهىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى، قۇرۇلۇش ئەترىتىگە تارقالغاندا، پۈتۈن

ئىدارىدىكى كىشىلەر قاتتىق قايغۇردى، ئىدارە باشلىقى ئىسھاق: «ئادىل، سېنىڭ بىزگە قالدۇرغىنىڭ بەك كۆپ، بىزنىڭ ساڭا بەرگىنىمىز بەك ئاز، بىز سېنىڭ ئالدىڭدا خىجىل!» دېدى قايغۇرغان ھالدا. قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى سەمەت قادىر: «مەن 60 نەچچە ياشقا كىرىپتىمەن، ئىشنى ئادىلدەك جان پىدالىق بىلەن ئىشلەيدىغان ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، ئۇ دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى ئۆزىنىڭ كۆز قارىچۇغىدىنمۇ بەكرەك ئاسرايتتى، ئۇ قۇرۇلۇش ئەترىتىمىزدىكى 40 نەچچە كىشىنىڭ ياخشى ئۆگىنىش ئۈلگىسى» دېدى يىغلاپ تۇرۇپ. ئامبارچى سوپى ئاخۇن قاتتىق قايغۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇپ: «مېنىڭ ئائىلەم يېزىدا بولۇپ، جان سانىمىز كۆپ، ئەمگەك كۈچىمىز ئاز، ھۆددىگە ئالغان يەرنى تېرىيدىغان ئادەم يوق ئىدى. ھەر يىلى يەر تېرىغاندا، ئورمىدا ئادىل ياردەملىشەتتى، شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن كېلىپ، بىر كۈن جىددىي ئەمگەك قىلىپ، يەكشەنبە كۈنى كەچتە يەنە قايتىپ كېتەتتى. ئەمدى ئۇ بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالدى، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى مەڭگۈ ئەستىن چىقارمايدۇ» دېدى.

ئېلېكتىر ئىستانسىسى قورۇسىدىكى ئەر-ئايال، قېرى-ياشنىڭ ھەممىسى يىغلاپ ئۆزىنى تۇختىتالماي قالدى، ۋېي زېشېڭ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى، لۇ چىڭيۈەن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى، جاڭ ۋېنجۇڭ ئۇستام... ئادىل تىلغا ئېلىنسا، ئۇلارنىڭ كۆز يېشى گويا يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلەتتى.

خەلقنىڭ قايغۇسى ۋە تەزىيىسى ئىنقىلابىي قۇربان ئادىلنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئوقۇلغان مەدھىيە!

ھەر مىللەت خەلق مىللىي بۆلگۈنچىلىكلەرنىڭ جىنايى سۈيىقەستى ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايىتىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلىدى!

ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئۇن سېلىپ يىغلاۋاتقان تۇغقانلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ مېھرىبان خوتۇنى ئامانگۈل يوق ئىدى. 4-ئاينىڭ 11-كۈنى

ئەتىگەندە ناھىيىلىك پارتكوم بارلىق يېزىلىرىغا مەخسۇس ماشىنا ئەۋەتىپ ئۇنى قايتۇرۇپ كەلدى. ئەسلىدە ئادىل جاھىل باندىتلارغا قارشى قەيسەرلىك بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىۋاتقاندا، ئامانگۈلمۇ بارلىق يېزىلىرىدىكى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىدا كۆرەش قىلىۋاتاتتى. 4-ئاينىڭ 6-كۈنى سەھەردە ئادىل ئالدىنقى سەپكە ماڭغاندىن كېيىن ئامانگۈل ئېرىنىڭ ئارقىدىنلا بارلىق يېزىلىرىدىكى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىغا باردى، ئۇ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىدىكى بىردىن-بىر ئايال ئىدى. ئۇ توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى قىسىمنىڭ داۋالاش ئەترىتىگە تەرجىمان بولۇپ، توپىلاڭچىلارنىڭ پوپوزىسىغا ئۇچرىغان، تايىقنى يېگەن بىگۇناھ پۇقرالارغا دوختۇر تېپىپ بەردى؛ قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ تورىدىن چۈشۈپ قالغان ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنى ئاختۇرۇشقا ياردەملەشتى؛ ئۇيان-بۇيان ماڭغان خادىملارغا يول خېتى يېزىپ بەردى... بۇ ئادىي ئايال ئېرىگە ئەگىشىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان جاسارەت بىلەن ئالدىنقى سەپتە كۆرەش قىلدى، ئۇ ئېرى بىلەن مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلغانلىقىنى شەرەپ دەپ بىلىپ، ئېرىنىڭ غەلىبىلىك قايتىپ كېلىپ، جەڭ خۇشاللىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. بىراق ئۇ ئادىلنىڭ مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى.

ئۇ ئادىلنىڭ قېنى بىلەن تەۋەررۈك نەرسىلەرنى قولىغا ئېلىپ قاتتىق قايغۇ-ھەسرەتتىن ھوشىدىن كېتىپ قالدى. تېخى تۆت ياشقا تولمىغان چوڭ قىزى ئايتىللا ئانىسىنىڭ يىغىسىدىن ئاتىسىنىڭ قازا تاپقانلىقىنى ئۇقۇپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى چاقىراتتى، ئىككى ياشقىمۇ كىرمىگەن ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز سىڭلىسىغا قاراپ: «يىغلىمامسەن! نېمىشقا يىغلىمايسەن؟ ئەمدى بىزنىڭ ئاتىمىز يوق، يىغلىمامسەن!» دەپ ۋارقىرىدى. ھەر قانداق كىشى بۇنداق سورۇندا چىداپ تۇرالمايتتى، ھەممە كىشى كۆز يېشى قىلىشتى.

ئاقتو ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت پۈتۈن ناھىيە خەلقىگە ۋەكالەتەن، ئىنقىلابىي قۇربان ئادىلنى مىللىي ئادەت بويىچە داغدۇغىلىق دەپنە قىلدى. ئامانگۈل ئىككى قىزىنى ئېلىپ ئېرىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ چىقتى. ئايتىللا سىڭلىسىنى يېتىلەپ قەبرىنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن: «سىز ئاتامنىڭ تويىگە يوقلاپ بارىمىز دېگەن. ئىدىڭىزغۇ؟ ئۇنىڭ تويىنىڭ ئىشىكى نەدە؟ تو ئاۋازىمنى چوقۇم ئاڭلىدى نېمە ئۈچۈن چىقمايدۇ؟» دەپ سورىدى ئانىسىدىن. ئېھ، دۇنيادىن خەۋەرسىز بالا! بۇ سەبىلەرگە خاس نادان سوئاللىرىنىڭ ياش ئانىسىغا قانچىلىك چىدىغۇسىز ئازاب ئېلىپ كەلگەنلىكىنى تو نەدىنمۇ بىلسۇن. بۇ ئەھۋال، بۇ كۆرۈنۈش ھەر قانداق كىشىنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئېزەتتى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى: «ئادىلنىڭ قېنى بىكارغا كەتمەيدۇ! قورال‌لىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ شۈي شىنجيەن، قاتارلىق كوماندىر، جەڭچىلىرىنىڭ قېنىمۇ بىكارغا كەتمەيدۇ! قانغا قان ئېلىش كېرەك، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ھەرگىز ياخشى بولمايدۇ!» دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلايتتى.

ئادىلنىڭ ئاتىسى ئىمىن مامۇت — كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان پېشقەدەم ج خ خادىمى ئامراق ئوغلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى قايغۇ-ھەسرىتىدىن بېشىنى كۆتۈردى، تو ئوغلىنى چۈشىنەتتى: ئادىلنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتى ئېنىق بولۇپ، يامان ئىش، يامان ئادەملەردىن قاتتىق يىرگىنەتتى؛ ۋەتەننى قىزغىنىپ سۆيەتتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايتتى؛ ئۇ ئۆزى قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدى. ئاتىسى كېيىنىگە تەسەللىي بەردى، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئادىلدىن ئۆگىنىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ نەمۇنىچىلىرى بولۇشى توغرىسىدا تەربىيە بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايون رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى شۇشەن،

ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جىن يۈنخۇي قاتارلىق رەھبىري يولداشلار ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئاقتو ناھىيىسىگە بېرىپ، ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى سەممىي يوقلىدى، ئادىل قاتارلىق سەككىز نەپەر ئىنقىلابىي قۇربانغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى. 5-ئاينىڭ 9-كۈنى سۆڭ خەنلياڭ بىر ئەسەرنى ئېغىشلىما يېزىپ: «يولداش ئادىلدىن ئۆگىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولايلى!» دەپ چاقىرىق قىلدى. ئۇ يەنە: «ئادىلنىڭ ئۆلۈمى تىيانشان تېغىدىنمۇ قەدىرلىك» دېدى. شۇنداقلا ئامانگۈلنى ئىككى بالىنى تەربىيلەپ چوڭ قىلىش مەسئۇلىيىتىنى قەيسەرلىك بىلەن ئۈستىگە ئېلىشقا ئىلھاملاندۇردى، قىيىنچىلىقى بولسا ھەر قانداق ۋاقىتتا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ئېيتىشىنى تاپىلىدى. پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى ئامانگۈلگە جاسارەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلدى، ئۇ ئادىلدىن ئۆگىنىپ، ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇ ئورۇنداپ بولالمىغان ئىشلارنى ئورۇنداشقا بەل باغلىدى.

ئۇ ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنكى قايغۇ-ھەسرەتكە چىداپ، شۆي شىنجيەنىڭ ئاتا-ئانىسىغا تەسەللى بەردى. شىنجيەنىڭ ئاتا-ئانىسى شۆي دېيىڭ ۋە سۈن گۈيجى ناھىيىنىڭ كونا كادىرلىرى ئىدى، ئۇلار ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا قاتتىق قايغۇ چەكتى. ئامانگۈل كونسېرۋا، تورت-پېچىنە قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ يوقلاپ كېلىپ، بوۋاي بىلەن مومايغا: «سىلەرنىڭ ئوغلۇڭلار بىلەن مېنىڭ ئېرىم ئوخشاش بىر نىشان ئۈچۈن قۇربان بولدى، ئۇلار پۈتۈن ناھىيە خەلقىنىڭ پەخرى، ھەددىدىن ئارتۇق قايغۇرماڭلار، ياشىنىپ قالدىڭلار، ئۆزۈڭلارنى كۆپرەك ئاياڭلار، ھەرگىزمۇ يىغلاۋېرىپ كېسەل تېپىۋالماڭلار. سىلەرگە بولغان ھۆرمىتىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئازراق نەرسە ئالغاچ كەلدىم. ئەمەلىيەتتە ئات-ئۇلاغ يېتىلەپ كەلسەممۇ كۆڭلۈمنى ئىپادىلەپ بولالمايمەن. سىلەرگە شۇنى ئېيتقىم كېلىۋاتىدۇكى، سىلەر ئاقتودا بولساڭلارلا، سىلەرنى پات-پات يوقلاپ تۇرىمەن، مەنمۇ

سىلەرنىڭ قىزىڭلار» دەپ تەسەللى بەردى. ئامانگۇلنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، سۆن گۆيجى ئامانگۇلنى چىڭ قۇچاقلاپ: «ئامانگۇل ئۇبدان قىزىم، ھەقىقەتەن ئادىلنىڭ ياخشى خوتۇنى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنسىز» دېدى ئۆزىنى تۇتالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ.

ئادىل ئىمىننىڭ قۇربان بولغانلىقى ھەققىدىكى مۇسىبەت خەۋىرى ئۇنىڭ ئانا مەكتىپى — ئۈرۈمچى شەھەرلىك 9-ئوتتۇرا مەكتەپكە كەلگەندە، پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار چەكسىز قايغۇردى، ئۇلار ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇساپىسىنى ئەسكە ئېلىشتى، ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىشتى. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ جىنايەتلىرىنى ئەيىبلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئىزىدىن داۋاملىق ئالغا بېسىش ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى يەنە: بۈگۈندىن كېيىن ھەر يىلى 4-ئاينىڭ 9-كۈنى ئىنقىلابىي قۇربان ئادىل ئىمىننى خاتىرىلەش كۈنى قىلىنىدۇ، قەھرىماننىڭ روھى 9-ئوتتۇرا مەكتەپتە مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ! — دەپ قارار چىقاردى.

ئادىل ئىمىن گەرچە قۇربان بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ۋەتەنگە سادىق، خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتى ۋە ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى مەڭگۈ رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش يولىدا ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئىنقىلابىي روھىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ئۇنى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى، دەپ تونىدى.

ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربان ئادىل ئىمىننىڭ نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ!



ئىنقىلابىي قۇربان جاڭ جىبىن

# يالقۇنلۇق جاۋاب

## — ئىنقىلابىي قۇربان جاڭ جىبىننىڭ تەرجىمىھالى

شىي مىڭ

ھەممە كىشىنىڭ كىشىلىك ھايات ئالدىدا جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. كىشىلەر بىر-بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، جاۋابمۇ ھەر خىل بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ تۇتۇق، خۇنۇك بولىدۇ ۋە ئىنتايىن تېزلا غايىب بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ پارلاق بولىدۇ، مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ. جاڭ جىبىننىڭ جاۋابى كېيىنكىسىگە كىرىدۇ. ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىش، توپىلاڭچىلارنىڭ تاياقچىلىرىنى ئاختۇرۇپ تۇتۇش جېڭىدە، بۇ باتۇر جەڭچى ياش ھاياتىنى قۇربان قىلىپ، ئۆزىنىڭ «بارلىقىمنى دۆلەت مۇداپىئەسىگە، چېگرا رايونىنى قوغداشقا بېغىشلايمەن» دېگەن غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

### جەڭ-خەۋپكە تولغان ساھە، باتۇرلۇق — ھەربىيلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم پەزىلەت

20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىكى تۇنجى باھاردا، ھەيۋەتلىك كۇئېنلۇن تېغىدىن سۇپسۈزۈك قار سۈيى ئېقىپ كەلدى، جەنۇبىي شىنجاڭ زېمىنى ئىللىق باھارغا چۆمدى، ئىشچان، باتۇر ھەر مىللەت خەلقى مول-ھوسۇل ئېلىشقا بولغان ئىشەنچىسى بىلەن ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كىرىشىپ كەتكەنىدى. ۋەھالەنكى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر خەلقنىڭ ئارزۇسىغا قارشى يول تۇتۇپ، ئاقتۇ

ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىغا توپلىنىپ، مەخپىي پىلانلاش ئارقىلىق، تەشكىللىنىش، پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قوزغاپ، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرماقچى بولۇشتى.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى سەھەر، جىمجىت يېزا - مەھەللىلەرنى تېخى تۈن پەردىسى قاپلاپ تۇرغاندا، بىر توپ لۈكچەكلەر يەكلەرنى شىمايلاپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار دىنىنى نىقاب قىلىپ، خىلمۇ خىل پىتنە - پاسات توقۇپ، ئاممىنى مەجبۇرلاپ، ئەسەبىيلەرچە ئەكسىيەتچىل شوئار توۋلاپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنى قورشىۋالدى، نەسىھەت قىلىشقا بارغان رەھبىرىي كادىرلارنى تىللىدى، ئۇردى، قورال - ياراقلارنى ئوغۇرلاش ئوچۇق بولدى. ج خ كادىر - ساقچىلىرىمىزنى تۇتقۇن ئورنىدا ئېلىپ كەتتى...... بىردەمدىلا ھەممىلا يەرنى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ، بارىن يېزىسى ئاق تېررورلۇق ئىچىدە قالدى. قوراللىق ساقچى قىسىملىرىمىزنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى، ج خ كادىر - ساقچىلىرى ۋە يەرلىك كادىرلار ھەققانىيەت يولىدا ھېچنېمىدىن قورقماي، ئىنتايىن قاتتىق سەۋرچانلىق بىلەن، رادىئو ئارقىلىق داۋاملىق تەشۋىق، تەربىيە ئېلىپ باردى. توپىلاڭچىلار مۇنداق سەۋرچانلىقنى ئاجىزلىق، بوزەكلىك، دەپ قاراشتى.

— ئۇلارنى توسايلى—

— ئۇلارنى يەنچۈۋېتەيلى—

بىر پەس ئەسەبىيلەرچە جار سېلىش بىلەن تەڭ، تاش، خىش، پىۋە بوتۇلكىلىرى قوراللىق ساقچىلىرىمىز ۋە ج خ كادىر - ساقچىلىرىمىزنىڭ باش - كۆزىگە يېغىشقا باشلىدى......

كەچكى شەپەق بارا - بارا غايىب بولۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى، دۈشمەنلەر تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى، غالجىرلاشتى.

شۇ ئاخشىمى سائەت 24 لەردە مەلۇم قىسىم بارىن يېزىسىغا يازدەمگە بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق ئالدى. قىسىم باشلىقى دەرھال

جەڭچىلەرنى سەپەرۋەر قىلدى، جاسارەتلىك ئۇرغۇپ تۇرغان جەڭچى يىگىتلەر سەپەرۋەرلىك دوكلاتىنى ئاڭلاپ چەكسىز غەزەپكە كەلگەنلىكتىن ۋە جەڭگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىشتى، پارتىيىگە ۋە تىنچلىقنى بىرلىكنى، شىنجاڭنىڭ تىنچ، ئىتتىپاقلىق ۋەزىيىتىنى جان تىكىپ قوغدايمىز، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ جىنايى سۇيىقەستىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا مۇتلەق يول قويمايمىز، دەپ قەسەم بېرىشتى. جاڭ جىبىن چەكسىز غەزەپ بىلەن تەلەپنامە يېزىپ، قىسىم باشلىقلىرىدىن ئۆزىگە ئەڭ خەۋپلىك، ئەڭ جاپالىق ۋەزىپە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ يەنە پارتىيە ياچېيكىسىغا پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى يېزىپ تاپشۇردى. ئىلتىماسىدا: «ۋەتەننى قوغداش يولىدا ھەممە ھەرقانداق قاتتىق سىناقنى قوبۇل قىلىشقا رازىمەن» دەپ يازدى. ھەممە تەييارلىق پۈتتى، يولغا چىقىشقا بىر نەچچە سائەتلا ۋاقىت قالدى، كېچىسى يۈرۈش قىلىشقا ۋە تېنىك - روھلۇق بولۇشقا پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن، قىسىم باشلىقى كۆپچىلىكنى بالدۇرراق ئارام ئېلىشقا بۇيرۇدى. بىراق، جاڭ جىبىننىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ ئۆرۈمچىدە يۈز بەرگەن «19 - ماي» پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەسىدىن بارىن يېزىسىدا بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ پەيدا قىلىشقىچە بولغان ئىشلارنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي بولۇش سۈپىتى بىلەن، ۋەتەننى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىغان پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ ئىچىدە: جەڭدە باتۇر، كەسكىن، سالماق بولۇپ، توپىلاڭچىلارنى يوقىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنىڭ تىنچلىقى، بىرلىكنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن، دەپ نىيەت قىلدى.

6 - كۈنى سەھەر سائەت بەشتىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، قىسىم ئاقتو ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدى. سائەت سەككىزدىن ئون مىنۇت ئۆتكەندە بۆلۈنۈپ بارىن يېزىسىغا كەلدى. بۇ چاغدا ئەسەبىي

ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلار مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، ئۆلۈم ئالدىدا جان تالاشماقتا ئىدى. قىسىم بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، ئېغىر يارىلانغان بىر قوراللىق قىسىم جەڭچىسى نوسۇلكا بىلەن كۆتۈرۈپ كېلىندى، بۇ ھال تۇنجى قېتىم جەڭگە كىرگەن جەڭچىلەرنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. ئەمما، جاڭ جېبىن روھىي جەھەتتە ئاللىبۇرۇن تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. «جەڭ-خەۋپكە تولغان ساھە، باتۇرلۇق — ھەربىيلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم پەزىلەت» بۇ ئۇنىڭ ھەربىيلەرگە خاس ئالىيجاناب ھېكمەتلىك سۆزى ئىدى. ئۇ ئاختۇرغۇچى قىسىمنىڭ ئەڭ ئالدىدا باتۇرلۇق بىلەن مېڭىپ، قىسىمدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىش، جاسارىتىگە ئىلھام بېرىش رولىنى ئوينىدى. قىسىمنىڭ ۋەزىپىسى بارىن يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىن قورشاپ، بەلگىلەنگەن جايغا تېزدىن بېرىپ يوشۇرۇنۇش ئىدى. جاڭ جېبىن دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىپ ئىلگىرىلەپ، يوشۇرۇنۇش ئورنىغا بىرىنچى بولۇپ كەلدى.

6-كۈنى سائەت توققۇزدا 2-قېتىم قۇياش كۆتۈرۈلدى. توپىلاڭنى تىنچىتىشقا قاتنىشىدىغان شۆبە ئەترەتلەر جەم بولدى، كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ، دۈشمەنگە بولغان ئۆچمەنلىكى قايناپ تاشتى، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىدىن مۇستەھكەم سېپىل ھاسىل بولدى. ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلار ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، ئالاقزادە بولۇشۇپ قېچىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىگە تونۇش بولغان قولاي شارائىتتىن پايدىلىنىپ، بارىن يېزىسىدىكى ھەرقايسى كەنت-مەھەللىلەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىشتى.

توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىدە ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، يوشۇرۇنۇۋالغان ۋە قېچىپ يۈرگەن جاھىل باش جىنايەتچىلەرنى تۇتۇش كېرەك ئىدى. جاڭ جېبىن ئۇرۇشلۇق شۆبە ئەترەت بارىن يېزىسىنىڭ قوغان كەنتىگە بېرىپ، قېچىپ يۈرۈۋاتقان

توپىلاڭچىلارنى ئاختۇرۇپ تۇتۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇلار ئاراممۇ ئالماي، يېڭى جەڭگە ئاتلاندى. ئۇدا تۆت سائەت ئاختۇرۇش جەريانىدا، سەككىز توپىلاڭچىنى تۇتتى، «54» تىپلىق تاپانچىدىن بىرنى، توققۇز پاي ئوق، يەرلىك ئۇسۇلدا ياسالغان قول بومبىسىدىن تۆتنى قولغا چۈشۈرۈپ، دەسلەپكى جەڭنى غەلىبىلىك تاماملىدى. سائەت 22 دە قىسىم گۇگۇم چۈشكەندە بارىن باشلانغۇچ مەكتىپىگە كىرىپ ئارام ئالدى. جاڭ جىبىن يەنە يۇقىرىنىڭ قىسىمنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىغا ۋاقتىدا ھەم توغرا قوماندانلىق قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قەشقەرگە بېرىپ سۆزلىشىش ئاپپاراتى ئېلىپ كېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنى ئۈزلۈكسىز تەلەپ قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈندە، جاڭ جىبىن سەپداشلىرى بىلەن بىللە 14 قېتىم ئاختۇرۇپ تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىپ، توپىلاڭچىدىن 17 نى تۇتتى، «54» تىپلىق تاپانچىدىن بىرنى، قول بومبىسىدىن 11 نى، فوتو ئاپپاراتتىن ئىككىنى، ھەربىي جۇۋىدىن ئۈچنى، پىچاق، خەنجەر، پولات تاسما قاتارلىق قاتىللىق قوراللىرىدىن ئون نەچچىنى، توپىلاڭچىلار پائالىيەت راسخوتى ئۈچۈن تەييارلىغان 1212.90 يۈەن پۇلنى، توپىلاڭچىلار پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتا بەلگە ئورنىدا ئىشلەتكەن بىر كىشىلىك چوڭ خەيىنى قولغا چۈشۈردى. جۈملىدىن جاڭ جىبىن ئۆزى ئىككى توپىلاڭچىنى، ئىككى قول بومبىسىنى قولغا چۈشۈردى. كۆپلىگەن جىنايەت دەلىللىرى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق ئېچىپ بەردى، ئالدانغان ئاممىغا مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ رەزىل ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېنىق تونۇۋېلىش، بۇ بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىلەردىن چەك-چېگرىنى ئېنىق ئايرىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا ئىجابىي رول ئوينىدى.

جاڭ جىبىن ئاختۇرۇپ تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش

جەرياندا جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقماسلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئەتراپنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ، ئۈز ۋاقتىدا كەسكىن تەدبىر قوللاندى. جاھىل ھەم ھىيلىگەر بەزى تويىلاڭچىلار ئۆيگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقى بىلىنىپ تۇرسىمۇ، ئىشكنى سىرتىدىن قۇلۇپلىۋالغانىدى. قۇلۇپلانغان بىر ئۆي ئالدىدا، بىر تويىلاڭچىنىڭ ئاكىسى ئالاقزادىلىك بىلەن: «ئۆيدە ئادەم يوق» دېدى. ئۇنىڭ يالغانچىلىقى كۆزى ئۈتكۈر ھەربىيلەرنى ئالدىيالمىدى، جەڭچى ياڭ چاڭشۇ ئىشىكنى مىلتىق پاينىكى بىلەن ئۇرۇپ ئاچتى. ئۆيگە يوشۇرۇنۇۋالغان دۈشمەننىڭ قولىدا قورال ۋە قول بومبىسى بار بولۇپ، جەڭچىلەرگە ئوت ئېچىشى مۇمكىن ئىدى، جاڭ جىبىن مۇنداق ئەھۋالدىمۇ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان باتۇرلۇق بىلەن، بىر چامداپلا ئېتىلىپ كىرىپ، مىلتىقنى تويىلاڭچىنىڭ كاللىسىغا توغرىلاپ، قورال تاشلاشقا مەجبۇر قىلدى، باشقا سەپداشلىرى دەرھال يېتىپ كېلىپ تويىلاڭچىنى تۇتتى، ئاختۇرۇش ئارقىلىق ئىككى فوتو ئاپپارات، جۈملىدىن تويىلاڭچىلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق تويىلاڭنى مەخپىي پىلانلاش جىنايى ھەرىكەتلىرى تارقالغان نۇرغۇن فوتو سۈرەت لېنتىلىرى قولغا چۈشۈرۈلدى. سوراق قىلىش ئارقىلىق، داۋۇت قاسىم ئىسىملىك بۇ جىنايەتچىنىڭ تويىلاڭچىلار ئىچىدىكى تايانچلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سائەت توققۇز يېرىمدا جاڭ جىبىن يەنە باشقا سەپداشلىرى بىلەن بىللە تويىلاڭچىلار ئارىسىدىكى تايانچ ئۇنسۇرلارنى ئاختۇرۇپ تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا چىقتى، ئاختۇرۇش جەريانىدا بەختكە قارشى بېشىغا ئوق تېگىپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، سائەت 11 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە 22 يېشىدا باتۇرلارچە قۇربان بولدى.

قىسىم پارتكومى جاڭ جىبىنغا ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ نام بەردى، ئۇنى ھايات ۋاقتىدىكى ئارزۇسىغا ۋە جەڭدىكى قەھرىمانلىقىغا

ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى، دەپ تونۇدى ھەم 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئالدى.

بەزىلەر ھايات بولسىمۇ، ئۆلگەن ھېسابلىنىدۇ،
بەزىلەر ئۆلگەن بولسىمۇ، ھايات ياشاۋېرىدۇ.

جاڭ جىبىن توپىلاڭنى تىنچىتىش جېڭىدە ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلدى.

بۇ خەۋەر قىسىم تۇرۇشلۇق جايدىكى مەھەللىلەرگە ئاڭلانغاندا، ھەر مىللەت ئەر-ئايال، قېرى-ياش، چەكسىز قايغۇ ئىچىدە ياش تۆكۈشتى. 60 ياشتىن ھالقىغان موماي سايىمخان يىغلاۋېرىپ ھوشىدىن كەتتى. 70 ياشتىن ھالقىغان بوۋاي ۋاڭ خەنلياڭ «ئاھ، جىبىن! ئۇبدان بالام ئىدىڭ، نېمىشقا بىزنى تاشلاپ كەتتىڭ» دەپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

جاڭ جىبىن مۇئاۋىن بەنجاڭ ئىدى، 2 - ئاھالىلەر كومىتېتى ئۇ تۇرۇشلۇق بەنىنىڭ لىبې فىبكىدىن ئۆگىنىپ، ھەربىي - خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش ئۆتكىسى ئىدى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى، تومۇز ئىسسىق كۈنلىرى ياكى قەھرىتان قىش كۈنلىرى بولسۇن، بوران چىققان ياكى يامغۇر ياغقان كۈنلىرى بولسۇن، جاڭ جىبىن بەندىكى جەڭچىلەرنى باشلاپ بۇ يەرگە قەرەللىك كېلىپ تۇراتتى. ئۇلار ئەخلەت، قارلارنى تازىلايتتى، دەل - دەرەخلەرنى سۇغىراتتى، قارا تاختا گېزىتى چىقىرىپ مەنىۋى مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلاتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇلار بۇ مەھەللىدىكى ئامما بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقانىدى، ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئۇلارنى تونۇيتتى، جاڭ جىبىننى ياخشى كۆرۈپ: «دارازا بەنجاڭ» دەپ ئاتىشاتتى.

بۇ مەھەللىدە بىر نەچچە ئۆل بوۋاي، موماي بار ئىدى. جاڭ جىبىن ھەمىشە ئۇلارغا ئاز - تولا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنىلا ئويلايتتى. ھەر

يەكشەنبە كۈنى ئارام ئالماي، ئۇلارغا نۆۋەتتىن يېرىپ، سۇ توشۇپ، كۆمۈر چېقىپ، ئوتۇن ئەكىلىپ بېرەتتى. بىر كۈنى قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى، جاڭ جىبىن ئىككى سەپدىشى بىلەن بىللە ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ، قايسى ئائىلىنىڭ قىيىنچىلىقى بار ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئۇلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق، سايىمخان موماي، ۋاڭ خەنلياڭ بوۋايلارنىڭ ئۆيىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يامغۇر ئۆتكەن جايغا داس، چېلەك قويۇپ قويغانلىقىنى كۆردى-دە، يامغۇرغا قارىماي، بوۋاي-مومايلارنىڭ ئۆيىنى رېمونت قىلىپ بەردى. بوۋاي-مومايلار جەڭچىلەرنىڭ ئۆيىنى-رېمونت قىلمىز دەپ پۈتۈن ئەزايىنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆزلىرىدىن مىننەتدارلىق يېشى ئاقتۇرۇشتى.

ئاشۇ ئىشلار كىشىلەرگە گويا تۈنۈگۈنلا بولغاندەك بىلىنەتتى. جاڭ جىبىن ئۆلمىدى، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات!

جاڭ جىبىن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنى ئاختۇرۇپ تۇتۇش يولىدا مەردلەرچە قۇربان بولدى.

شۇم خەۋەر پۈتكۈل ھەربىي گازارمىغا ئاڭلاندى. «ئەرنىڭ كۆزىدىن ئاسانلىقچە ياش چىقمايدۇ» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار بولسىمۇ، ھەربىي گازارمىدىكى يىگىتلەر قايغۇ-ھەسرەتنى باسالماي ئۆكسۈپ يىغلىشىپ كەتتى، سەپدىشىنى چەكسىز سېغىنىشتى.

جاڭ جىبىن 1968-يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىسىدىكى جىنياڭ يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1986-يىلى 10-ئايدا ھەربىي سەپكە كىرگەن. ئۇ ئۈچ ئايلا داۋاملاشقان يېڭى ئەسكەرلەر ھەربىي مەشىقىدە ئۈچ قېتىم تەقدىرلەنگەن. 1987-يىل 4-ئايدا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولغان، ئىپادىسى ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا، 5-ئايدا، تايانچىلار كۇرسىغا ئەۋەتىلىپ تەربىيىلەنگەن، ئۈچ ئايلىق تەربىيىلەشتە يەنە ئىككى قېتىم تەقدىرلەنگەن. قىسىمنىڭ تەربىيىسى ۋە يېتىشتۈرۈشى ئارقىسىدا، جاڭ جىبىن تېزدىن ئۆسۈپ يېتىلگەن، تايانچىلار كۇرسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇئاۋىن

بەنجاڭ بولغان. جەڭچىلەر ئۇنى پولاتتەك چىرىڭلاپ تۇردى، پۈتۈن ۋۇجۇدى ھالاللىق بىلەن تولغان، دەپ ماختىشاتتى. 1987 - يىل 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەر ۋىلايىتىدە ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ، كەلكۈن كېلىپ، شىبكەر كۆل سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسىنىڭ 120 مېتىر قىسمىنى سۇ ئېلىپ كەتتى، كەلكۈن خۇددى يۈگەنسىز ئاتتەك تەرەپ - تەرەپكە چېپىشقا باشلىدى. سۇ، ئوت رەھىمسىز بولىدۇ، ئەگەر توسما جىددىي رېمونت قىلىنمىسا، مارالبېشى، پەيزىۋات، ئاتۇش قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەرگە ئېغىر خەۋپ يېتەتتى. مۇشۇنداق خەۋپلىك پەيتتە، خەلقنىڭ پەرزەنت قوشۇنى يېتىپ كەلدى. جاڭ جىبىن ۋە ئۇنىڭ 20 نەچچە سەپدىشى «پىدائىيلار ئەترىتى» گە قاتناشتى، ئۇلار تاشنى تاغارغا قاچىلاپ سۇغا سۆرەپ كىرىپ، تاش تام قوپۇردى، توسمىنىڭ كەلكۈن ئېلىپ كەتكەن قىسمى ئۇلاشتۇرۇلۇشقا ئاز قالغاندا، سۇ تېخىمۇ تېز ئاقىلى تۇردى. ئۇلار قولىنى قولغا تۇتۇپ، ئۆز بەدەنلىرى بىلەن كەلكۈننى توسۇپ، سۇنىڭ ئېقىنتىش كۈچىنى پەسەيتتى، شۇنىڭ بىلەن باشقا جەڭچىلەر يار ئېلىپ كەتكەن جاينى ئوڭۇشلۇق ئېتىۋالدى. ئۇلار پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش جېڭى ئاخىرلاشقاندا، ئۇلار تۇرۇشلۇق قىسىم كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەتىگە ئېلىندى، جاڭ جىبىن ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا تەقدىرلەندى.

1988 - يىل 7 - ئايدا ئۈچەي يولى يۇقۇملۇق كېسەللىكى تارقىلىپ، قىسىم تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلقنىڭ سالامەتلىكىگە خەۋپ يەتكۈزدى. كېسەللىكنىڭ يامراپ كېتىشىنى ئازايتىش ۋە چەكلەش يۈزىسىدىن، قىسىم سەھىيە تارماقلىرىغا ياردەملىشىپ، مۇھىم قاتناش ئېغىزلىرىدا چازا قۇرۇپ، ئۆتكەن - كەچكەن موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلدى. جىداۋيۈەن تاڭ جيەنجۇن جاڭ جىبىن قاتارلىق توققۇز كىشىنى باشلاپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا چىقتى. جاڭ جىبىن ئېغىر سوزۇلما كانايي ياللۇغىغا گىرىپتار بولغاچقا،

قاتتىق ئىسسىقتا ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئۇنىڭ كېسىلىگە بەكمۇ زىيانلىق ئىدى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى بىلەن قىلچىمۇ ھېسابلاشماي، جان - دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ھەممىلا يەردە باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رول ئوينىدى.

ئۇلار تاشيول داۋبەنىدە يېتىپ قوپاتتى، ئايرىم تاماق قىلىپ يەيتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە تاڭ يورۇشىغىلا جاڭ جىبىن ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلا - ئارامنى پاكىز تازىلايتتى، ئاشخانىدىكىلەرگە ياردەملىشىپ، ئاشخانا ئىچى - سىرتىنى پاك - پاكىز يىغىشتۇرۇپ، ھەممە نەرسىنى ئۆز جايىغا رەتلىك قويۇپ قوياتتى، ئىشچىلار داۋبەننىڭ قىياپىتىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرۈپ، جاڭ جىبىننى ئىشچان ئىكەن، دەپ ماختاشقانىدى.

ئۇلار چازا قۇرغان جاي ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي ئىدى، تىل ئۇقۇشماسلىق، چازا قۇرۇپ كىشىلەرنىڭ خالىغانچە يۈرۈشىگە يول قويماسلىق تۈپەيلىدىن، بەزىدە ئاز - تولا ئۇقۇشماسلىقلار يۈز بېرىپ تۇراتتى. جاڭ جىبىن ئەزەلدىن تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان بولغاچقا، خىزمەت ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى تىرىشىپ ئۆگەندى. داۋبەننىڭ بەنجاڭى ئۇيغۇر بولۇپ، خەنزۇچىنى ئانچە - مۇنچە بىلەتتى. جاڭ جىبىن ئۇنىڭدىن ئۆگەندى. كىچىك خاتىرە دەپتىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ھە دەپ سوراپ، خاتىرە قالدۇرۇپ ماڭدى، داۋبەن بەنجاڭمۇ زېرىكمەي ئۇنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىشىغا ياردەم بەردى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جاڭ جىبىن كۈندىلىك تۇرمۇشتا قوللىنىلىدىغان بەزى سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالدى ۋە خىزمەت جەريانىدا قوللاندى. بىر كۈنى بىر ئۇيغۇر يىگىت موتسىكلىت مىنىپ چازىغا كەلگەندە توسۇۋېلىندى. ھېلىقى يىگىت بەك خاپا بولۇپ كېتىدۇ. جاڭ جىبىن ئەمدىلا ئۆگىنىۋالغان ئۇيغۇرچە سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىدۇ، يىگىت چازا قۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىدۇ ھەم باشقىلارنىڭ چۈشەنچە بېرىشى نەتىجىسىدە، ئۆزىنىڭ يېڭىلغانلىقىنى بىلىپ ئارقىسىغا يېنىپ

كېتىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تېخى قىسمىنىڭ چازا قورۇش، كېسەللىكتىن مۇداپىئەلىنىشنى تەشۋىق قىلىشقا ياردەملىشىدۇ.

جاڭ جىبىن ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى چازا قورۇپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلغان بىر ئاي ئىچىدە ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلارنى سادىر قىلمايدۇ. قىسىم ئۆز ئورنىغا قايتىدىغاندا، شۇ يەردىكى يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى، داۋبەن ئىشچىلىرى ئۇلاردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىپ قويىدۇ. بۇ قېتىممۇ ئۇلار شەرەپ بىلەن كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىدۇ.

جاڭ جىبىن ھەمىشە: «شىمال جىمجىتلىق ئىچىدە كۈچ توپلايدۇ، ئادەمنىڭ ئىرادىسى چېنىقىش داۋامىدا كۈچىيىدۇ» دەيتتى. ئۇ قىسقىغىنە ھاياتىدا ئىزچىل قېتىرقىنىپ چېنىققان، پۈتۈن كۈچى بىلەن كۈرەش قىلغان. ئۇ ھەربىي سەپتە تۇرغان ئۈچ يېرىم يىلىنىڭ تەخمىنەن بىر يىلىنى جەڭدىي ھەربىي مەشىق بىلەن ئۆتكۈزگەن، قالغان ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقتىنى قىسمىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى — مەكىت دېھقانچىلىق مەيدانى، پەيلو دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئۆتكۈزگەن. سۇ ئۇتۇش، يەر تۈزلەش، ئورۇق سېلىش، كۆزلۈك يىغىم ...... ھەربىي مەشىق ياكى ئەمگەك بولسۇن، ھېچقايسىسى يېنىك ئىش ئەمەس. ئەمما، جاڭ جىبىن زادىلا ۋايسىماي، ھامان جاپادا ئالدىدا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئۈن - تىنسىز تەقدىم قىلغانىدى.

1988 - يىل 12 - ئايدا يەر توڭلاپ كەتكەن، ئاچچىق شامال چىقىپ تۇرغان كۈنلەردە جاڭ جىبىن مەكىت دېھقانچىلىق مەيدانىدا قىشلىق سۇغىرىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى. مەلۇم بىر كۈنى كەچتە پاتۇسنى ئېلىپ، جۇۋىسىنى ۋە قىشلىق ئايىغىنى كىيىپ، سۇ تۇتۇشقا چىقتى. يېرىم كېچە بولغاندا بىر نەچچە جايدىن يار ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ-دە، سۇنى توسۇشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىگە قارىماي، ئۇدا ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئىشلەپ، يار ئېلىپ كەتكەن جاينى

[illegible] قاتتىق تولغىنىپ كېتەتتى. ئىشتىنىنىڭ
پۇشقىقىدىكى مۇزلار پاچىقىغا تۇرۇلۇپ تۇراتتى، ئايىغىمۇ توڭلاپ
قېتىپ كېتەتتى. سەپداشلىرىنىڭ ياردىمىدە بىر هازا ئېرىتكەندىن
كېيىنلا، ئىشتىنىنى ۋە ئايىغىنى تەسلىكتە سېلىۋېتەتتى. 1989 - يىل
11 - ئايدا جاڭ جىبىننىڭ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش ۋاقتى توشتى، ئۇ
ئەمدى ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ ئائىلىسىگە قايتسا بولاتتى. ئۇنىڭ
ئائىلىسى يېزىدا ئىدى، دادىسى جاڭ يۇكېيىڭ ئىشچان، ساددا دېھقان
بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش دۇيىدە قۇدۇق قېزىش جەريانىدا ئوڭ قولى
يارىلىنىپ مېيىپ بولۇپ قالغان، تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن بولغاچقا،
جاڭ جىبىنغا بەكمۇ موھتاج ئىدى. جاڭ جىبىنمۇ بۇ ئەھۋالنى ئوبدان
بىلەتتى. ئەمما، قىسىممۇ ئۇنىڭغا موھتاج ئىدى، ئۇنىڭ قىسىمدا يەنە بىر
يىل تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا، جاڭ جىبىن ھېچقانداق
سەۋەب كۆرسەتمەي، ۋەتەننىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇنۇپ، قىسىمدا
داۋاملىق بېرىلىپ ئىشلىگەنىدى.

جاڭ جىبىن، سەن ھەربىي گازارمىدا ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ياشاش
جەريانىدا جېنىڭ ۋە تېنىڭ بىلەن كىشىلىك ھاياتقا چاقناپ تۇرغان جاۋاب
بەردىڭ، تەرىڭ ۋە ئىسسىق قېنىڭ بىلەن قېپقىزىل ئارمىيە
بايرىقىغا شان-شەرەپ كەلتۈردۈڭ! جاڭ جىبىن ئۆلمىدى، ئۇ
جەڭچىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ھايات!

بىچارە ئاتا-ئانىسىغا ئۇۋال بولدى. جاڭ جىبىننىڭ دادىسى بىلەن
ئانىسى ئىنقىلابنىڭ قۇربانىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى
تىترەپ تۇرغان قوللىرىغا ئېلىشتى. ئۇلار سۆيۈملۈك ئوغلىنىڭ قايتىپ
كېلىشىگە ئايلاپ-يىللاپ ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ جەڭ
مەيدانىدا قېنىنى تۆكۈلۈپ مەڭگۈ قايتىپ كەلمەسلىكىنى خىيالىغىمۇ
كەلتۈرمىگەنىدى!

1989 - يىل چاغان ھارپىسىدا جاڭ جىبىن ئاتا-ئانىسىنى يوقلاپ
كەلگىنىدە شۇنچە ساغلام، شۇنچە بەستلىك ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىي

مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولغان بولۇپ، غەربىي سەپتىن چېكىنىپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىشىگە ئاز قالغانىدى. ئاتا-ئانىسى ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى ئوغلىغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن، مىلىك تەسلىكتە جاڭ جىبىننىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى دوستلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، جاڭ جىبىن بىلەن بىللە مەشھۇر ئاسار-ئەتىقىلەرنى سەيلە قىلىشقا ئەۋەتتى. ۋۇۋېي تارىختىكى مەشھۇر «لياڭجۇ» شەھىرى بولۇپ، خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى «يىپەك يولى» غا جايلاشقان جاي ئىدى. بولۇپمۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت لېيتەي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان مىس ئۇلپار جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە مەشھۇر بولۇپ، دۆلەتنىڭ گۆھىرى ھېسابلىنىدۇ. جاڭ جىبىننىڭ يۇرتى ۋۇۋېي ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي قىسمى تېڭگېلى قۇملۇقىغا تۇتىشىدۇ، جىنتا دەرياسىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا، شىياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا جىنياڭ رايونى دېيىلىدۇ، ئۇ تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى مول ياخشى جاي. جاڭ جىبىن يۇرتىنى قىزغىن سۆيەتتى. ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆڭلىنىمۇ چۈشىنەتتى. ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇش لازىملىقىنىمۇ بىلەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ قەلبى غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا باغلانغان، ئۇزۇنى دۆلەت مۇداپىئەسىگە بېغىشلاشقا، چېگرا رايونىنى قوغداشقا بەل باغلىغانىدى. ئۇ قىسمىغا قايتىش ئالدىدا ئانىسىغا پەس ئاۋازدا غەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش ۋاقتىم ئۇزىراپ قېلىشى مۇمكىن، غەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن شىنجاڭدا قالايمىكىن دەيمەن دېگەن. ئانىسى ئوغلىنىڭ ئارزۇسىنى چۈشىنىپ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ئۇنى ئۇزىتىپ قويغان. جاڭ جىبىننىڭ قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يۇرتىدىكى قېرى-ياش ھەممەيلەننى چۆچۈتىۋەتتى! ئۇنىڭ ئانا مەكتىپى — جىنياڭ يېزىلىق «1-ماي» باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە ساۋاقداشلار مۇشۇنداق بىر ياخشى ئوقۇغۇچىدىن، ياخشى مەكتەپدىشىدىن ئايرىلغىنىغا ئەپسۇسلاندى، ھەسرەتلەندى. گەرچە

ئاردىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، جاك جىبىننىڭ مەكتەپنى ئۆز ئائىلىسىدەك ياخشى كۆرۈپ، ئىجتىھات بىلەن بېرىلىپ ئوقۇش، خۇسۇسىي مەنپەئەتنى ئويلىماي ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەشتەك ئېسىل پەزىلەتى ئۇلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. كىشىلەر ھەسرەت چېكىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جىنياڭ يېزىسىنىڭ ئېسىل ئىنقىلابىي ئەنئەنىسىگە ئىگە جاي بولغانلىقىدىن، يۇرتىدىن جاك جىبىندەك بىر ياخشى ئوغلان چىقىپ، يۇرتىغا شان-شەرەپ كەلتۈرگەنلىكىدىن خۇشاللىناتتى.

جاك جىبىن ئۆلمىدى، ئۇ يۇرتىدىكى خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات!

## ئاپتورنىڭ قوشۇمچە خاتىرىسى

يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ تەرجىمىھالى پۈتكەندەك قىلدى. بىراق، ئۇنىڭدا ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھىي قىياپىتى سۈرەتلەپ بېرىلگەنمىدۇ؟ مەن قانداقتۇ بىر نەرسە كەم قالغاندەك ھېس قىلىپ، زادىلا خاتىرجەم بولالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن 6-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئىنقىلابىي قۇربان جاك جىبىننىڭ يۇرتىغا ئالايىتەن زىيارەتكە كەلدىم. بۇ جەرياندا قىسىم ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتىپ بەرگەن تەۋەررۈك — سەككىز خاتىرە دەپتەر ئويلىمىغان يەردىن تېپىلىپ قالدى.

مەن ئىنقىلابىي قۇرباندىن قالغان خاتىرىنىڭ بىرىنچىسىنى تەقەززالىق بىلەن ئېچىۋىدىم، تېپتولىغا: «بىر تېمىم سىياھ سىڭگەن-ئۇنىڭغان كىشىنى ئويغا سېلىشى مۇمكىن! بىر ياخشى كىتاب سانسىزلىغان كىشىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن!» دەپ يېزىلغانلىق تۇرۇپتۇ، بۇ دەپتەرگە كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى ئىجىر-مىجىر قىلىپ يېزىلغان، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيىدىن تارتىپ كۈندىلىك تۇرمۇشقىچە بولغان ھەر خىل

مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گېزىت قىسقىچىلىرى رەتلىك چاپلانغان بولۇپ، ئۇلاردىن جاڭ جىبىننىڭ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش، جاپاغا چىداپ ئالغا ئىلگىرىلەش روھى جانلىق گەۋدىلىنىپ تۇراتتى.

مەن يەنە دەرھال ئىنقىلابىي قۇرباندىن قالغان خاتىرىنىڭ ئىككىنچىسىنى ئاچتىم، ئۇنىڭ تېتولىغا: «تۇرمۇش ۋە كۈرەشتىكى دوستلۇق ۋە تەسىراتىمنى تەرىم، كۆز يېشىم ھەتتا قېنىم بىلەن يېزىپ چىقىمەن» دەپ يېزىقلىق تۇرۇپتۇ. جاڭ جىبىن جىمغۇر، كەمسۆز بولغىنى بىلەن، خاتىرە دەپتەردە ئۆز قەلبىنى يوشۇرمىغان، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قىزغىن سۆيىدىغان، مەنىۋى ئوزۇق ئېلىشقا ئىنتىلىدىغان ھېسسىياتىنى سەممىيلىك بىلەن ئىزھار قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە ئەدەب ـ ئەخلاقى، پەزىلەتكە ئالاقىدار ھېكمەتلىك سۆزلەر كۆپ ئىدى.

مەن ھاياجان ئىلكىدە ئۈچىنچى خاتىرىنى ئېچىۋىدىم، تېتولىدىكى: «ھەربىي دېگەنلىك تۆمۈردەك چىداملىق، پولاتتەك خىسلەتلىك بولۇش دېگەنلىكتۇر» دېگەن چوڭ ـ چوڭ خەتلەرگە كۆزۈم چۈشتى. بۇنىڭدا ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ قەلب سىنىقى، قەلب مۇساپىسى، قەلب نۇرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالاتتى، كىشىنى روھلاندۇراتتى.

......

مەن خاتىرىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ۋاراقلاپ ئوقۇش ئارقىلىق، ئۇ يازغان شېئىرلار ياكى تەسىراتلارغا بولسۇن، باشتىن ـ ئاخىر بىرلا سۆز — مۇھەببەتنىڭ، يەنى ئۇنىڭ ۋەتەنگە، ئارمىنىگە، خەلققە بولغان مۇھەببىتى سىڭگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. جاڭ جىبىن كۆڭلى ـ كۆكسىدىكىنى يوشۇرمىغان، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە، ئارمىيىگە ۋە خەلققە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى زوق ـ شوخ بىلەن ئىزھار قىلغان. ئوتتەك قىزىق ھەم چوڭقۇر، ھەقىقىي تەسىراتلاردىن ھاسىل بولغان دولقۇن قەلبىمنى لەرزىگە سالدى، ئۆزۈمنى باسالماي

قالدىم. ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئالىيجاناب روھىي قىياپىتىدىن بىرلىكتە بەھرە ئېلىشىمىز ئۈچۈن، تۆۋەندە ئاشۇ شېئىر، تەسىراتلاردىن بىر نەچچىسىنى كۆچۈرۈپ قويدۇم.

ھەربىي بولۇش تىنچلىق ئۈچۈن

ئاشتى ئارزۇيۇم ئەمەلگە كىيدىم ھەربىيچە كىيىم،
دوستلىرىم ئېيتتى: نېمە ھاجەت بولۇش ھەربىي دېگەن.
نەسىھەت قىلدى دادامىز: ئىشلىگىن زاۋۇتتىلا،
مائاش ئارتۇق تەمىناتتىن نېمىلا دېگەن بىلەن.

مەنمۇ چىلك تۇردۇم گېپىمدە تازا،
«بولسا پۇلى ئاز» بەرىبىر ماڭا.
قىيما - چىيما بولسىمۇ جېنىم جەڭلەر ئارا،
رازىمەن دۇنيادا تىنچلىق بولسىلا.

1986 - يىلى ئۆكتەبىر

ئانامدىن ئايرىلغاندا

نەچچە مەرتەم مەن ئانامدىن ئايرىلىپ،
چەت - يىراق جايلارغا بارماقىمدىم؛
ئاشۇ جايدا ئىزدىنىپ ۋە يول ئېچىپ،
ئۆز ماكان - يۇرتۇمنى تاپماقىمدىم؛
نەچچە مەرتەم مەن ئانامدىن ئايرىلىپ،
بۇ ھاياتلىق يولىنى ئاچماقىمدىم؛
ئەمما زادى رازىلىق بەرمىدى ئانام،
يالۋۇرۇپ - يېلىنسامىمۇ شۇنچە قېتىم.

مانا، ئون سەككىزگە كىرگەن چاغدىمەن،
شادلىنىپ كىيادىم يېڭى ھەربىيچە كىيىم.
يۈكلىدى تارىخ شەرەپلىك يۈك ماڭا،
ھەم ئايان بولدى بۇ مۇستەقىللىكىم.
ھەممىگە قىلدى جاكار- تارىخ يەنە،
مەن ئىجادكار ھەم يېتىلگەن بىر ئادەم.
ھەممىگە بولسۇن ئايان ئۇشبۇ جاكار،
ئورنىدىن. تۇرغان كىشىمەن مۇشۇ دەم.
1986- يىلى نويابىر

تۇغۇلغان كۈندە چۈشكەن سۈرەت

ئون سەككىز ياشلىق تۇرقۇم ئاپپاراتتا،
فوكۇس تەڭشىلىپ دەل بولدى ئوچۇق.
ئاپپارات كۆزىدە ھەم بولدى زاھىر،
ھەربىيچە كىيىم بىلەن گەۋدەم تولۇق.
بار تېخى گۆدەك، مەسۇم چىرايىممۇ،
لېۋىدە تاتلىق كۈلكە جىلۋىلەنگەن.
چاك قىلىپ بېسىلغاندا كۆز قاپقىسى،
ئۇنىڭدا قالدى ياشلىق چېھرى دېگەن.
قوشۇلۇپ جيايۇگۇەننىڭ مەنزىرىسى،
سۈرەتكە چىقتى بەرى زەپمۇ بەلەن.
كەييپلىك ئىلكىدە بۇ كۆرگەن چۈشۈم،
بولغۇسى تۇرمۇشۇمدا ئايان بوپ ئەينەن.

تاۋلىنىمىز پولاتتەك ھامان

مەن تۇرەلگەن چاغدا جاھانغا،
جەڭ قىلىشنى قىلمىغان نىيەت.

دەۋرىمىزنىڭ ئېھتىياجىدىن،
قولغا ئالدىم مىلتىقنى پەقەت.
يەڭگۈشلىدىم ئۇستىبېشىمنى،
كىيدىم يېڭى ھەربىيچە كىيىم.
مەن ئەسلىدە بولۇپ قالاتتىم؛
ياكى دېرىككتور ياكى مۇئەللىم.
بولدۇم مانا پوستا قاراۋۇل،
بۇنى قاچان كىممۇ ئويلىغان.
لېكىن ھەرگىز قىلمايمەن پۇشايمان،
شۇڭا قەلبىم يورۇق ھەرقاچان.
بىز بولمىساق بولامدۇ دۆلەت،
قىلمىغۇلۇق بۇنى تەسەۋۋۇر.
ھەقىقىي چىن قەھرىمان-يىگىت
گازارمىدا ئۆسۈپ يېتىلۇر.
ئىشەنمىسەڭ تارىخقا قارا،
قايسى چوڭ زات ھەربىي بولمىغان.
بۇ جاھان كەڭ، ئىسسىق-سوغى بار،
تاۋلىنىمىز پولاتتەك ھامان.

1987-يىل ئۆكتەبر

## كۆز يېشى قىلماڭ، ئانا

كۆز يېشى قىلماڭ ئانا، قىلماڭ ئانا،
كېتەر بولدۇم مەن يىراققا ئاتلىنىپ.
يېشىڭىزدىن ھۆل بولدى ئۈچام،
كېتىمەن شۇنداقتىمۇ مەن يول ئېلىپ.
كېتىمەن چەت جايغا — چېگرىغا ئۇدۇل،

بولمه ن ئۇ جايدا ئه لگه قاراۋۇل.

كۆز يېشى قىلماڭ ئانا، قىلماڭ ئانا،
ئه جرىڭىز قالمايدۇ يه رده زادىلا.
توختىماي په رۋاز قىلارمه ن كۆك ئارا،
يېتىلىپ بولدۇم قىران بۈركۈت مانا.
كېتىمه ن ئوت هارۋىدا تېز چېگرىغا،
ئه لنى قوغدايمه ن قىلىپ جاننى پىدا.

1989 - يىل باهار بايرىمىدا تۇغقان يوقلاپ قىسىمغا قايتقاندا.

خىسلەتكە مەدھىيە

زامانىمىزدا هه ربىينىڭ خىسلىتى بارنىمىده،
يارىشىملىق كىيىمده ياكى ئۇرلۇق كاكاردا؟
ياكى سالاپه تلىكى، كېلىشكه ن بوي - به ستده؟
ياكى ئاقكۆڭۈللۈكى، جىددىي چېهرى - رۇخسارىدا؟
هه ربىيله رنىڭ خىسلىتى بولار هه رخىل ئۆزگىچه،
ئايان بولار بۇ خىسله ت گۈزه ل قه لبى دىلىدا.
ئايان بولار ئۇن - تىنسىز ئىشله پ ئۆهپه قوشۇشتا،
گېزى كه لسه جان پىدا قىلىپ قۇربان بولۇشتا.
ئۆسكه ن ئاددىي بىر چۈپه ك گۈلزارلىقنىڭ قوينىدا،
ره ڭدار گۈلله ر هۆسنىگه يه نه هۆسن قوشۇشتا.
تامچه سۇدىن يىغىلىپ هاسىل بولغان دېڭىزدا
دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىله پ شانلىق غه لىبه قۇچۇشتا.

ئاپتورنىڭ ئىزاهاتى: بۇ 1989 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جاڭ جىبىننىڭ «1 - ئاۋغۇست» ئه بىرىكله ش كۆرگۈل بىچىش كېچىلىكىده دېكلاماتسىيه قىلىنغان شېئىرى بولۇپ، جه ڭچىله رنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكه ن.

ئەگەر جەڭلەر ئېلىپ كەتسە جىنىمنى،
ئاتماڭلار قەھرىمان دەپ ھەرگىزمۇ مېنى.
جەڭ بىرىدۇ جەڭچىلەرگە مەسئۇلىيەت —
ياۋنى قىرىپ، ئۆزىنى ساقلاپ قىلىشنى.
كەسپىم ھەربىي،
تىنىم قورال،
بىرىمەن زەربە،
ئېتىقادىم غەلىبە.

ئاسماندا يۇلتۇز ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، مەشھۇرلىرى ھامان ئاز ساندا، مەن ئاشۇ قۇياشتەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ئاز ساندىكى يۇلتۇزلاردەك بولالمىساممۇ، چاقناپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلارنىڭ بىرى بولىمەن، پەقەت مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان يۇلتۇزلار بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ساماۋىي چاقناپ تۇرىدۇ.

## ئۆزىنى مەجبۇرلاش

ھەر قانداق ئىش قىلىشتا، ئۆزىگە ئىشىنىش تۈنجى قەدەم ھېسابلىنىدۇ، ھالبۇكى، پەقەت ئۆزىنى مەجبۇرلىغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ.

ئۆزۈمنى مەجبۇرلاشتا، ئىلگىرى مەندە ئۆزۈمگە ئىشىنىشلا بولۇپ، ئۆزۈمنى توختىماي ئىشلەۋېرىشكە مەجبۇرلايدىغان غەيرەت كەمچىل بولدى.

ھايات يولى تەكشى بولمايدۇ، بىر كىشىنىڭ ھاياتىدا ئۇتۇقسىزلۇق بولىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۇتۇقسىزلىق ۋە پالاكەتتىن ساقلىنىش تەس. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلىك ھايات رەڭدار بولىدۇ.

بىز پەقەت غايىمىزنى ئۇنتۇمايدىغان، ئېتىقادىمىزنى يوقاتمايدىغانلا بولساق، بېسىپ ئۆتىدىغان مۇساپىمىز ئەگرى-بۈگرى، ئېگىز-پەس بولغان تەقدىردىمۇ، چوقۇم گۈزەل ئارزۇيىمىزغا يېتەلەيمىز. مەن ئاشۇنداق قەيسەرانە ئىرادە، چىدامىلىق بولۇشتەك ماھارەتنى يېتىلدۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىم مەڭگۈ زەئىپلەشمەيدۇ!

1989-يىل شىنجاڭ يەكەن پەيلو دېھقانچىلىق مەيدانىدا

دوستلار، جەڭگەرلىك دوستلار، كىشىلىك ھاياتتا قانچە رەت ئېلىشىش بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ مۇھتىنىڭ تەسىرى بىلەن غايەڭلار، جاسارىتىڭلار ۋە ئىستىكىڭلاردىن ۋاز كەچمەسلىكىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان ھېكمەتلىك سۆز: دېڭىزدىكى مەرۋايىت ئىنتايىن جۇلالىق بولىدۇ، لېكىن ئۇ مەڭگۈ جاپا-مۇشەققەت، خەۋپ-خەتەردىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەيدىغانلارغىلا مەنسۇپ بولىدۇ.

مەن شاختىن-شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان، قورقۇنچاق، ھورۇنلارنى ياقتۇرمايمەن.

شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۆگىنىشتە ئاتلىق يۈرۈپ گۈللەرنى تاماشا قىلغاندەك، يېرىم-يارتا بىلىش بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ، ئۇجۇر-بۇجۇرىنى بىلىشكە، قۇمدىن جىڭ ئالتۇننى سۈزۈۋېلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك.

كىشىلىك ھاياتنىڭ رەڭدار يىل ھالقىسىدا 17 ياش ئەڭ قىممەتلىك، دەل مۇشۇ يېشىمدا ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىدا ھاياتىمدىكى ئۇنتۇلغۇسىز قىيىن مۇساپىگە قەدەم تاشلىدىم، مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلاندىم.

مۇشۇ ئۇنتۇلغۇسىز پەيتنىڭ قەلبىم تارىخىدىن مەڭگۇ ئورۇن ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

1990 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

ھەر قېتىم دۆلەت بايرىمى بولغاندا، جاك جىبىن خاتىرە دەپتىرىگە ئانا ۋەتىنىگە ئاتاپ كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى يېزىپ قويغان. 1988 - يىل دۆلەت بايرىمىدا ئۇ قىزىل سىياھ بىلەن مۇنۇلارنى يازغان:

مىلادى 1949 — 1989 - يىل دۆلەت بايرىمى

بۈگۈن — جۇمھۇرىيىتىمىز دۇنياغا كەلگەن كۈن. بۈگۈن بىز يېپيېڭى قىياپىتىمىز بىلەن جۇمھۇرىيىتىمىزگە سوۋغا تەقدىم قىلىمىز. بىز مۇشۇ تەنتەنىلىك پەيتتە خەلقنىڭ كۆرىكىنى قوبۇل قىلىمىز — بىز كۈچ - قۇدرىتىمىزنى، رەتلىك قىياپىتىمىزنى، ساپ قەلبىمىزنى سوۋغا قىلىمىز. خەلق ماڭا ئاتا قىلغان شان - شەرەپ — مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم.

بىز ئۆزىمىزنىڭ جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەربىيسى ئىكەنلىكىمىزنى ھەر قاچان ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويساق بولمايدۇ.

1989 - يىل دۆلەت بايرىمىدا ئۇ قىزىل سىياھ بىلەن چىرايلىق قىلىپ: ۋەتەنگە سالام، دەپ يازغان.

## ۋەتەنگە سالام

چاقناپ تۇرغان كاكار، پاگون تاقىدىم،
ئالماشتۇرۇپ يېڭى ھەربىيچە كىيىم.
قول كۆتۈرۈپ بەردىم ھەربىيچە سالام،
— ياخشىمۇ سەن، — دېدىم، — ئانا ۋەتىنىم،

ئوغلانلىرىڭ تىلەر ساڭا ئامانلىق،
باستىڭ قىرىق باھار، يازنى سەن نىكەم.
ئازماس يىللار قوينىدىكى ۋەتىنىم،
ئىسلاھاتنى سۈردۈڭ ئالغا مۇشۇدەم.

كىتابخان دوستلار، ئىنقىلابىي قۇربان جاڭ جىبىنىڭ خاتىرىسىدىكى ئاشۇ ئۆزۈندىلەرنىڭ كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان، كىشى قەلبىنى پاكلاشتۇرىدىغان سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلدىڭلارمۇ؟ چۈنكى، ئىنقىلابىي قۇربان ئۆزىنىڭ پۈتكۈل مۇھەببىتىنى ۋەتەنگە ۋە خەلققە بېغىشلىغان، بۇ ئۆزۈندىلەر ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بەدىلىگە پۈتۈلگەن قەلب ساداسى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل جىسمانىي ۋە مەنىۋى تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى دۆلەت مۇداپىئەسىگە بېغىشلاپ، چېگرا رايوننى قوغدايمەن دېگەن ئالىيجاناب ھەم ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. غايە كىشىلەرنىڭ ھايات ئۇچقۇنىنى يالقۇنلىتىدۇ، كىشىلەرنىڭ باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى ئۆرلەش روھىنى ئۇرغۇتىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىنقىلاب سەپىرىنى يورۇتىدۇ. بىز ئىنقىلابىي قۇربان جاڭ جىبىدىن ئۆگىنىپ، كۆرەشچان بىر جۈپ قولىمىز بىلەن غايە تارىنى چېكىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭنى قوغداش مارشىنى ياڭرىتايلى!

# ئاخىرقى سۆز

«توپىلاڭنى تىنچىتىش يولىدا قۇربان بولغان قەھرىمانلار» ناملىق بۇ كىتاب جىددىي زىيارەت قىلىش، يېزىش ئارقىلىق كىتابخانلار بىلەن ئاخىر يۈز كۆرۈشتى. بۇ كىتابقا ئاقتو ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىشتا باتۇرلارچە قۇربان بولغان شۈي شىنجيەن، ۋاڭ جىمىڭ، لۇ جيەنخۇي، گو شۈۋېن، تيەن چۈكىڭ، ئادىل ئىمىن، جاڭ جىبىن قاتارلىق سەككىز ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلدى، ئۇنىڭدا ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ھايات ۋاقتىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان، ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيگەنلىكىگە دائىر تەسىرلىك ئىش - پائالىيەتلىرى مەدھىيىلەنگەن، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھىغا يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيە ئوقۇلغان.

بۇ كىتاب ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا يېزىپ چىقىلدى. ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىش - پائالىيەتلىرىگە دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش جەريانىدا، بىز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قوراللىق ساقچىلىرى زۇڭدۈيى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قوراللىق ساقچىلىرى جېنگرا مۇداپىئە زۇڭدۈيى، خەلق قوراللىق ساقچىلىرى قەشقەر جىددۈيى، خەلق قوراللىق ساقچىلىرى قىزىلسۇ جېگرا مۇداپىئە جىددۈيى، خەلق قوراللىق ساقچىلىرى ئاقتو ناھىيىلىك چېگرا مۇداپىئە دادۈيى، ج ك پ ئاقتو ناھىيىلىك كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سەپداشلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ يۇرتىدىكى ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىگە ۋە سەمىمىي غەمخورلۇقىغا ئېرىشتۇق.

توپلاش - رەتلەش كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تۈيۈشتۈرۈشى بىلەن، بۇ كىتابنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە تارىخى خىزمىتى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ھايات ۋاقتىدا تۇرغان قىسىملارنىڭ مەسئۇللىرى ھەم ج ك پ ئاقتو ناھىيىلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ بۇ كىتابنىڭ نامىنى يېزىپ بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ كىرىش سۆزىنى يېزىپ بەردى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

بىز بۇ يەردە ھەممەيلەنگە رەھمەت ئېيتىمىز.

سەۋىيىمىز چەكلىك بولغاچقا، ماقالىلەردە يېتەرسىزلىكلەر بولۇشى مۇمكىن، كىتابخانلارنىڭ تەنقىد - تۈزىتىش بېرىشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمىز.

تۈزگۈچىدىن: 1990 - يىل 8 - ئاي

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1990 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 1990 - يىل 8 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新疆人民出版社 1990 年 8 月第 1 版，1990 年 8 月第 1 次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن

# توپىلاڭنى تىنچىتىش يولىدا قۇربان بولغان قەھرىمانلار

شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى توپلاش-رەتلەش كومىتېتى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى كومىتېتى تۈزگەن
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئىسمايىل ئەزىمەت، ئابلىمىت ياقۇپ،
ئۆمەر مامۇت، ھەسەن ئېلى، مۇھەممەت ئېلى

*


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 6.25، قىستۇرما ۋارىقى: 19
1991-يىل 6-ئاي 1-نەشرى
1991-يىل 6-ئاي 1-بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 4.570
ISBN7 — 228 — 01791 — 9/ .164
باھاسى: 3.50 يۈەن

新疆革命烈士事迹编纂委员会

主　任：富　文
副主任：阿培志·热合买提
　　　　岳全一　李康宁
　　　　邢松贞　王　谌
　　　　寇清平
委　员：孟宪典　杨　芊
　　　　蔡锦松　刘先贽
　　　　阿塔乌拉·玛依力
　　　　俞绍显　谢　敏
　　　　张志安　买买提·依明
主　编：孟宪典
编　辑：谢　敏　李世勋
译　者：司马义·艾孜买提，阿布力米提·牙合甫，
　　　　吾马尔·马木提，艾山·艾力，买买提·艾力
封面设计：曾多源
责任编辑：阿布来提·伊明


平暴英烈传（维吾尔文）

新疆革命烈士事迹编纂委员会
新疆维吾尔自治区民政厅　编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号　邮政编码830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本　6.25印张　19插页
1991年6月第1版　1991年6月第1次印刷
印数：1——4,570

ISBN 7-228-01791-9／K·164　定价：3.50元

کتابنك نامنی ژاك .تهنمار
یزیب بەرگەن

مۆقاۆنی زبلك دوبۆەن
لابهلگەن